

# بۇلاق

1992

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سپهر اوزره تا بولغونداین آلیقی
شبابین بن سپهر اوزره قوزیچه
ایاغدین بیل دلیلی بو سپهر
سوال ایلادی شمسی بین دوزه
بیان ایلاینده دور زمان بیرایکی
بوشبی ایده دوز نیکینه آیا رچو
جواب ایلادی شمسی کای موزه
اشتیلکه انکلاو ابیاتی جواب
[illegible]

[illegible]

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

13-يىل نەشرى

ئومۇمىي 39-سان

1992

ئۇيغۇر كىتاب تورى

www.uyghurkitap.com

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى

مكتبة عبدالجليل توران

*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*

www.uyghurweb.net



باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.

مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببas، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1992 - يىل 2 - سان


## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


«شاھنامەئى تۈركىي» دىن ............................ (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەخمىتۇللا جارى

شېئىرلار ......................... تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى (41)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن سېلىم

سەيفۇل - مەلىك ۋە بەدىئۇل - جەمال ...................... مەجلىسى (57)

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىسرائىل يۇسۇپ، سۇلايمان يۇنۇس


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


يۇسۇپ ئەمىرى شېئىرلىرىدىن ............................ (77)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن بىر ئامچە.........مەمتىمىن يۇسۇپ (82)

ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار.....مۇھەممەتجان ھەكىموۋ (91)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

گۆھشاھ - ۋەرەقە (داستان) ........................................ (110)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر
شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلارىز (داستان) ........................ (146)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھېمىت
تۆل خوتۇننىڭ ئوغلى (چۆچەك) ........................................ (159)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇيىدىن سايىت
قابىل پالۋان (چۆچەك) ................................................ (170)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان
ئوتتۇنچىنىڭ جاسارىتى (چۆچەك) ..................................... (180)
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇنساخان
رىۋايەتلەر .............................................................. (186)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھەسەن سېلىم
ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ................................................ (195)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم
بېيىت - قوشاقلار .................................................... (200)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مەتسەيدى

* *

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات
جەمئىيىتى قۇرۇلدى ................ مېھرىگۇل تۇرسۇن خەۋىرى (207)
ئىراندا فىردەۋسىنى خاتىرلەپ خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ....... (208)
........................................ دىلشاد سۇلتان تەرجىمىسى

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى، بېتىدە: غېرىب - سەنەم
ئىككىنچى، بېتىدە: «نىزارى كۈللىياتى» لېنىنگراد نۇسخىسىدىكى غەرىبى غەزەللىرى كۆچۈرۈلگەن بەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى.
ئۈچىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەھمەتۇللا جارى

## ئىككى ئاكىنىڭ ئۆز ئىنىسى ئىراجنى ئۆلتۈرگەنلىكى

شېرىن سۆزلۈك قىسسە سۆزلىگۈچىلەر شۇنداق ھېكايە قىلىدۇكى، شەرقىي رۇم ۋىلايىتى سەلىمگە ۋە تۇران زېمىنى تۇرغا تەقسىم قىلىنغانىدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز تەختىدە مۇستەھكەم ئولتۇرۇشتى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن سەلىم ئاتىسى فەرىدۇننىڭ تاجۇ تەختىنى ئىراجغا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەسەت ئوتى ۋۇجۇدىغا چاقماقتەك تەگدى. ناپاك تۇرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن غەزەپ ئوتى ئۆرلەپ، پۈتۈن ئەزايىنى كۆيدۈردى. سەلىم تۇرغا نامە ئەۋەتتى. مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

نەزمە

فەرىدۇن ئىراجغا بېرىپ تاجى زەر،
ئۇنى بىزدىن ئاۋۋال قىلىپ شاھى سەر،
دېدى بىلگىل، ئەي شاھى تۈركانە چىن،
سەنۇ مەندىن ئەيلەپ ئىراجنى گۈزىن،
ئاتا بىزگە تەختىن رەۋا كۆرمەگەن،

..............................................

ياراشۇرمۇ قالساق ئىككەۋمىز دىژەم،
بۇ يەڭلىغ ئاتا بىزگە قىلغاي ستەم.

..............................................

..............................................

بېرىپدۇر ساڭا دەشت تۈركانە چىن،
ئىراجنى قىلىپ شاھ ئىران زېمىن.
بۇ قىسمەت ئەمەس ئەقىل تەدبىر نەپىز،
ئاتا باشىدا يوق ئىكەن ھېچ مەغىز.

ئەلقىسسە، سەلىمنىڭ خەۋەرچىسى تۇرنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل سىرىنى باشتىن-ئاياغ بايان قىلدى. تۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا يەنە خەس خەشەكتەك ئوت تۇتاشتى. دەرھال كاتىپنى چاقىرتىپ، نامە يېزىشقا بۇيرۇق قىلدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي شەرقىي رۇم پادىشاھى، بىزنى ئاتىمىز ئەزەلدىن بۇيان ئالدىغانىكەن. ئىراجغا قارشى ئۇرۇشقا بەل باغلايلى.»

خەتنى بىر چاپارمەندىن ئەۋەتتى. ئۆزىمۇ چاپارمەن ئارقىسىدىن شەرقىي رۇم ۋىلايىتىگە كەلدى. بۇ ئىككى قارا نىيەت تۇرلۇك مەسلىھەتلەرنى قىلىشىپ، ئاتىسى فەرىدۇنغا خەت يازدى، بۇ خەتنى بىر سۆزمەن ئادەمدىن ئەۋەتتى. خەتنىڭ مەزمۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نى مۇنداق ئىدى: «ئەي يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئالىي پادىشاھ، بىز سەندىن ئۈچ ئوغۇل ئىدۇق، ھەسەب-نەسەبدە ئىراج بىلەن باراۋەرمىز. ئىككىمىزنى ئەجدىھاغا يەم قىلىپ بەرمەكچى بولدۇڭ، يەنە بىرىمىزگە يار بولۇپ، ئۈستۈن ئورۇن بەردىڭ. ئىراجدىن تاجۇ تەختىنى ئېلىپ، ئۆلتۈرگىنىڭ تۈزۈك، ئۇنداق بولمىغاندا، شەرقىي رۇم ۋە غەربىي تۇران، ماچىن لەشكەرلىرى ئىرانغا جەڭ تەييارلىقى بىلەن بارىدۇ.»

نەزمە

رەسۇل ئىلكىگە بەردى بۇ نامەنى،
نەدەي نامە كىم، تۇرفە ھەڭگامەنى.
كىشى رازى بولماس ئۆزى قىسمىغە،
لەدەيكىم، بېرۇر تاپ ئۆز جىسمىغە.
دېدى: ئەي فەرىدۇن فەرروخ نەژاد،
ئىراج بىرلە كۆڭلۈڭ دۇرۇر ئەسل شاد.
ئايا دادگەر، بىز ساڭا ئۈچ ئوغۇل،
ئوغۇل دېسە ئوغۇلكى، قۇل دېسە قۇل.
بۇ قىسمەتدە سەن كۆپ رىيا ئەيلەدىڭ،
تۈزۈك ئوقنى بىزگە رەھا ئەيلەدىڭ.

ئەلقىسسە، خەتنى ئەلچىگە بېرىپ، تاپىلىدىكى، ئەگەر تەختۇ تاجنى ئىراجدىن ئېلىپ، ئۇنى بىر ياققا ئەۋەتمىسە، خاۋەر زېمىنىنىڭ لەشكىرى بىلەن تۇران زېمىنىنىڭ لەشكەرلىرى ئىرانغا باستۇرۇپ بارىدۇ. جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، ئەلچى فەرىدۇن دەرگاھىغا كېلىپ، سالام-تەزىم ئادا قىلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى. شاھ پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بۇ ئەلچى سەلىم بىلەن تۇرنىڭ خەت-خەۋىرىنى بىر-بىر بايان قىلدى. شاھ بۇ ناپاكلارنىڭ سۆزىدىن بېشى ئايلىنىپ: «ئۇلاردىن بۇنداق بىۋاپالىقنى ئۈمىد قىلمىغانىدىم» دېدى-دە، دەرھال كاتىپقا بىر نامە يېزىشقا پەرمان قىلدى. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي پەرزەنتلىرىم، ئاۋۋال خۇدايىتائالادىن قورقۇڭلار ۋە ئاتاڭلاردىن شەرم-ھايا قىلىڭلار. خۇدايىتائالا فەرىدۇننى ئورۇق-ئاجىز قىلىپتۇر، سىلەرمۇ شۇنداق بولۇڭلار. قېرى ئاتاڭلارغا، كىچىك ئىنىڭلارغا رەھىم قىلىڭلار، جاپا قىلماڭلار، سىلەرگە مەملىكەتنى تەقسىم قىلغان بولسام، ئۆز رايىم بىلەن قىلمىدىم. تەبىرچىلەر، دانىشمەنلەرنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بولغان ئىش ئىدى. بۇ سۆزگە ئەمەل قىلساڭلار، خۇدايىتائالا رازى بولىدۇ. كامال تاپىسىلەر، ئەگەر ئۇنىمىساڭلار خۇدايىتائالا جازايىڭلارنى بېرىدۇ.»

ئەلچى فەرىدۇن بارگاھىدا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەيرەتتە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. فەرىدۇندىن رۇخسەت ئېلىپ، غەرب زېمىنىغا راۋان بولدى. فەرىدۇندىن ئاڭلىغان ھەممە سۆزنى سەلىم بىلەن تۇرغا بىر-بىر بايان قىلدى. بۇ يارىماسلارغا غەم ئۈستىگە غەم، ئەلەم ئۈستىگە ئەلەم بولۇپ، ھەسەتخور كۆڭلىگە تۈزدەك تەگدى.

ئەلقىسسە، شاھ فەرىدۇن سەلىم بىلەن تۇرغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئەلچىنى ماڭدۇرغاندىن كېيىن ئىراجنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، سەلىم بىلەن تۇرنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى بىر-بىر ئېيتىپ بەردى ۋە ئاخىردا ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى:

— ئەي ئىراج، سەنمۇ غاپىل بولما، خەزىنە ئىشىكىنى ئېچىپ، لەشكەرلەرنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تولۇقلا، ئاكىلىرىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىق

كۆر. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ۋاقىت تاپسا قېنىمنى تۆكىدۇ.

ئىراج تولىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەي پەدەر بۇزرۇكۋارىم، دۇنيانىڭ پەسلىكىگە ۋە ئاكىلىرىمنىڭ ئاداۋىتىگە بەرداشلىق بېرىشكە كەمەر باغلاي، ئەڭ ياخشىسى، تەختنى تاشلاپ ئاكىلىرىم قېشىغا باراي، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن دۈشمەنلىك ـ ئاداۋەت كۆچىتىنى مۇلايىملىق بىلەن يۇلۇپ تاشلاشقا تىرىشاي.

شاھىنشاھ ئىراجدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، يەنە ئۆز پىكرىنى ئېيتتى:

— ئەي ئەزىز پەرزەنتىم، ئاكىلىرىڭدىن دوستلۇق تەمە قىلما، بۇ ئۈمىد بىلەن لەھەڭنىڭ ئاغزىغا ئۆزۈڭنى ئۇرما. نەزمە:

بىئەجەل ئۆلمەگەي كىشى ھەرگىز،
سەن قەدەم قويما ئەژدەر ئاغزىغا تېز.
قەترە قانىڭغە تەشنە ئەرمىشلەر،
تولا لەشكەر يىغىپ ئىبەرمىشلەر.
تۆئمە ئەيلەر سېنى گۆر كىلىكىگە،
توختاغايسەن، بارىپ تېزلىكىگە.
بۇ نەسەھەت ئال قۇلاغىڭە، تۇرما،
تىنچ يانغىل، ئاغاڭ سارى بارما.

ئەلقىسسە، خۇدانىڭ تەقدىرى بۇ تەدبىرگە يول بەرمىدى. ئىراجغا شاھنىڭ نەسىھىتى كار قىلمىدى. ئۇ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىۋەردى. شاھ ئىراجنىڭ توختاپ تۇرۇشقا تۇرى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، سەلىم بىلەن تۇرغا ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە يەنە بىر پارچە خەت يېزىپ، تىنچلىققا ئۈندىدى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى بولغان پەرزەنتلىرىم، ئىراج تەختۇ تاجنى تاشلاپ، سىلەرنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىڭلار ئۈچۈن خىزمىتىڭلارغا كەتتى. ئەگەر خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ مەمنۇن بولۇشىنى ۋە قېرى ئاتاڭلارنىڭ رازى بولۇشىنى ئىستىسەڭلار ئىراجغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن ياندۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مېنىڭ قارغىشىمغا گىرىپتار بولىسىلەر.

ئىراج ئاتىسىنىڭ خېتىنى يارلىق كۆكسىگە باستى، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئايىغىنى قۇچاقلاپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈردى. بۇلار باھار بۇلۇتىدەك زار ـ زار يىغلىشىپ، جۇدا بولۇشتى.

شاھ فەرىدۇن كۆز يېشى قىلغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئىراج قانچىلىغان مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى بېسىپ، خاۋەر زېمىنىنى كۆرگەچ شۈكرى سانا ئېيتتى.

سەلم ئىراجنىڭ كېلىشىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تۇر بىلەن بىللە ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى، ئىككى ئاكا ـ ئۇكا قانخورلار ئىراجنى بارگاھىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن قوپال سۆزلەر بىلەن سوراققا ئالتى. ئىراج مۇلايىم سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەردى. ئاندىن بۇ يەردىن چىقىپ ئۆز بارگاھىغا كەلدى. بۇ ئىككى ياۋۇز ناھەق قان تۆكۈش قەستىگە چۈشۈپ، ئاتىلىرىدىن مېھرىنى ئۈزۈشتى ۋە ئىنىسىغا زۇلۇم، جاپا قىلىشنى تېزلەتتى. دىندىن، ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈپ، ئاتا ـ ئانا ۋە بىر تۇغقان ئىنىسىنىڭ مېھرىنى دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان مېھرىگە سېتىپ، جىنايەت قىلىش ۋاقتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



لى ئارزىقىپ كۈتتى.

ئاخىر بۇ ئىككى قارا يۈرەك ئاتا، ئانىسىنى داغدا قويۇش ئۈچۈن، ئىراجىنىڭ يانىغا كەلدى. ئىراج بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئالدىغا چىقتى، ئاكىلىرىنى تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى پەگاھتا قول باغلاپ تۇردى. يارىماس تۇر سۆز باشلاپ ئىراجغا ئەيىپ قويۇشقا باشلىدى:

— بىز تۇرۇقلۇق تەختى سەلتەنەتتە ئولتۇرۇشقا سىنىڭ نىمە ھەددىڭ؟

— ھەر نىمە قىلغان بولسام، ھازىر ھەممىنى تاشلىدىم، — دېدى ئىراج، — تاجۇ تەختتىن كېچىپ، خىزمىتىڭىزلارغا كەلدىم. ئەگەر خىزمەتكە بۇيرۇساڭلار، خىزمەتكار خادىممەن، ئەگەر جاپا قىلساڭلار، جاپاغا لايىقمەن. ئەگەر شەپقەت قىلساڭلار، بىر خىلۋەت يەردە جاي تۇتۇپ، ئاللەنى ياراتقۇچىنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولىمەن.

تۇر غالجىرلىق بىلەن سەندەلدىن چۈشۈپ، ئىراجىنىڭ بېشىنى سەندەلگە چاقتى. ئۇنىڭ باش-كۆزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. ئىراج يالۋۇردى. نەزمە:

«دېدى مېنى ئۆلتۈرمەڭىز زىنھار،
ئاتا قاشىدا بولماڭىز شەرمسار.
ماڭا قىلماڭىز ئۇيلە بىدادلىق،
ئاتا كۆڭلىدىن كەتكۈسى شادلىق.
ۋەفا قىلمادى بۇ جەھان بىل ماڭا،
مۇقەررەر دۇرۇر قىلماغاي ھەم ساڭا.
ھەلاك ئەتمەگىل كۆڭلى شاد مۇرنى،
خەيال ئەيلەسەڭ گەر قارا گورنى.
مېنىڭ قانىمە باغلاما سەن كەمەر،
كۆيەر ئوت ئارا، قالماسۇن ئول پەدەر.
جەھاندارلىقدۇر ئىشىڭ تۆكمە قان،
چۇ مەن بىگۇناھ قۇلغە قىلما زىيان.»

ئىشىتىپ بۇ سۆزنى، بەرمەي جەۋاب،
بەرەھنە قىلىپ خەنجەرى تىغى ئاب.
ئىراجنى بۇ قاتىل ھەلاك ئەيلەدى،
گىرىبان كەبى سىينە چاك ئەيلەدى.
يىقىلدى يەر ئۈستىگە سەرۋ سەھى،
ئۈزۈلدى كەمەر بەندى شاھىنشەھى.
كېسىپ باشىنى، مەغزىنى قىلدى خۇشك،
چىقىپ مەغز باشىغە پۇر قىلدى مۇشك.
ئاقىزىپ يۈزىدىن قانى ئەرغەۋان،
بېرىپ جانىنى شەھرىيارى جەھان.
جەھاندا يامانلىق تاپىپ پەرۋەرىش،
قىلىپ ئاخىرۇل-ئەمر بۇ قىسم ئىش.

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر خەۋەر قىلدۇكى، بۇ زالىملار ئىراجىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، مىڭىسىنى چىرۋۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە بەردى. تامام لەشكەر قارا كىيىشتى. سەلىم بىلەن تۇرنىڭ ۋىلايىتىدە ياش پادىشاھنىڭ ماتىمى ئۈچۈن قارا كىيمىگەن ئادەم قالمىغانىدى.

ئەلقىسسە، بۇ لەشكەرلەر ئىراجىنىڭ ھەسرىتىدە كۆپ نالە-پىغان، يىغا-زار قىلىپ، تابۇت بىلەن بىللە ئىران تەرەپكە راۋان بولدى.

فەرىدۇن فەرروخ ئىراجىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقى خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پىراقىدا زار-زار يىغلايتتى. ھازىدارلارنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەنلا شاھ تامام ئەمەلدارلار بىلەن ئالدىغا چىقىپ تۇردى.

ئاخىر يىراقتىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى، چاڭ-توزان ئارىسىدىن قارا

تۇغ ـ ئەلەملەر كۆرۈندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، هازىدارلار قاتتىق نالە ـ پەرياد بىلەن يىتىپ كېلىشتى. شاھ فەرىدۇن كۆز تىكىپ قارىسا، ئىراجىنىڭ لەشكىرى قارا لىباس كىيگەن، تاۋۇتنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپتۇر. ھەممە ئاھۇۋاۋەيلا چېكىپ كېلىۋاتىدۇ. شاھ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئاتنىڭ ئۈستىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئىراجىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، كەلگۈچىلەر كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. شاھ ياقىسىنى يىرتىپ، ئىراجىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ، ھەسرەت قولىنى بېشىغا ئۇرۇپ يىغلايتتى. نەزمە:

ئايا دادگەر بىگۇناھ قانىنى،
تۆكۈپتۇر، ئالىپ ھەم ئەزىز جانىنى.
ئۇشۇل ھىن تىلەپتۇر ئۆزىنى ئۆزى،
كى جان ۋەھشەتىدە يۇمۇلغان كۆزى.
شەفىق كەلتۈرۈپتۇر سىنى ھەم مىنى،
قوبۇل ئەتمەيىن ئۆلتۈرۈپتۇر ئانى.
كېسىپ باشىنى خەنجەرى تېز ئىلە،
قالىپتۇر تەنى ئاندا خۇنرىز ئىلە.
باشىنى ئىبەرتىپ ماڭا ئول گۇرۇھ،
ئاتا ۋە ئۇغۇل كۆڭلىن ئەيلەپ سۇتۇھ.
ئىلاھا، بۇ بىدادگەرلەر جانىن،
ھەيال قىلماي ئالغىل، ئاقىزىپ قانىن.
ئىلاھا، بۇ بىدادگە بەرگىل جەزا،
ئەگەر رەنج بەرسەڭ، ساڭا مەن رىزا.

ئەلقىسسە، فەرىدۇن بېشىدىن تاجىنى ئېلىپ تاشلاپ، ماتەم لىباسى كىيدى. ئىراجىنىڭ بېشىنى بىر چەتكە ئېلىپ، ھەزرىتى پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىپ، نالە قىلاتتى:

«ئى ئادالەتلىك ھۆكۈمدار، زالىملار بۇ بىگۇناھنىڭ بېشىنى كېسىپ ماڭا ئەۋەتىپ، تېنىنى ئۇ ياۋۇز شىرلار ماكانىدا تۆئمە قىلىپتۇ.»

فەرىدۇن ئاھ ـ پىغانلار بىلەن ئەرزىنى خۇدايىتائالاغا ھاۋالە قىلىپ، لەشكەرلەرگىمۇ كۆز قىرىنى سالماي، بىر خىلۋەت جايدىن ئورۇن تۇتتى. خالايىققا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن يولنى بېكىتىۋەتتى. قالغان دۆلەت كاتتىلىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك ۋەزىپىدارلار، ياش ـ قېرى ھەممە خەلق، شاھقا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، ماتەم لىباسى كىيىپ ھازا تۇتۇشقا مەشغۇل بولدى.

شاھ شۇ تەرىقە بىر يىل مۇددەت ئۇيقۇنى ئۆزىگە ھارام قىلدى. كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىدىن ئەتراپىدا گىياھلار ئۈندى. قالغان ئۆمرىنى ھازىدارلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

## ئىراجىنىڭ قىز پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەنلىكى

ئىراجىنىڭ ھەرەمخانىسىدا بىر ئاي يۈزلۈك ھۆرلىقا بار ئىدى. ئىراجىنىڭ ھەسرەت پىراقىدا يىغلاپ كۈننى ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ھامىلدارلىقىنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ، خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن بىر ئاي يۈزلۈك قىز ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ قىزنى تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەر بىلەن پەرۋىش قىلاتتى. بۇ گۈلچېھرىدىن شاھنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپاتتى. لېكىن ئۇزۇن ماتەمدىن ھەممىنىڭ

كۆڭلى پاراكەندە بولدى. ئىككى يىلغىچە شاھ كىشىگە كۆرۈنمىدى. مەملىكەت ئىچىدە چوڭ جېدەل ـ ماجىرا پەيدا بولدى. بارچە خەلق ئىسيان كۆتۈرۈپ، سەلىم بىلەن تۇرغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. بەزىسى سەلىم بىلەن تۇرغا قوشۇلدى. بۇ زالىملار بەزى مەملىكەتلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئەمما ئىراجنىڭ بېشى ئالتۇن تاۋۇت ئىچىدە ساقلىنىپ قالدى.

## نەريماننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى

بىر كۈنى ئەلئالەم جەم بولۇپ، فەرىدۇن دەرگاھىغا ئەرز ـ داد ئېيتىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. شاھ كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئېچىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. شۇ ئەسنادا ئەرز ـ دادغا كەلگۈچىلەر يېتىپ كېلىپ، داد ـ پەرياد كۆتۈردى: «بىر بۆلۈك كەرگىسارلار پەيدا بولۇپ، يۇرتنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەگەر شاھ بىزنىڭ بېشىمىزدىن بۇ بالانى يوقاتمىسا، ھالىمىز خاراب بولىدۇ.»

فەرىدۇن پالۋانلارنى ھازىر قىلدۇردى.

— ئاراڭلاردىن بۇ تائىپىلەرنى نابۇت قىلىشقا بارىدىغان كىشى چىقماسمۇ؟— دەپ سورىدى شاھ.

شۇ زامان پالۋان نەريمان ئورنىدىن قوپۇپ، رۇخسەت سورىدى:

— شاھىم پەرمان بولسا، بۇ ئىشنى مەن بىر تەرەپ قىلىپ كېلەي.

شاھ رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن نەريمان كەرگىسارلار تەرىپىگە راۋان بولدى. نەچچە كېچە ـ كۈندۈز مەنزىل، ئۆتەڭلەرنى بېسىپ، كەرگىسارلار ماكانىغا يېتىپ باردى. نەريمان ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن، دەرھال ئۇلارغا تاشلىنىپ، شىر يۈرەكلىك بىلەن كاۋە گۈرزىسىنى ۋە سۈپەرنى ئىشقا سالدى. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلا ـ قىلا، ئاخىر دۈشمەننىڭ بىتە ـ چىتىنى چىقاردى، ئۇياندىن قاچسا، بۇياندىن ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ، قەلئە ئىچىگە سولىۋەتتى. كەرگىسارلار دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. پالۋان قەلئەنى ئۈچ يىل قامال قىلدى. كەرگىسارلار پالۋاننىڭ ھەيۋىتىدىن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقالمايتتى. بۇ جەرياندا نەريمان قىلغان ئىشلىرىنى شاھقا مەلۇم قىلىپ، نەچچە قېتىم خەت ئەۋەتتى. شاھ ئاپىرىن ئوقۇپ، ھەققىگە دۇئا قىلدى. نەريمان قەلئەنى شۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈردىكى، شەھەر ئىچىدىن پاشىمۇ چىقالمايتتى.

بىر كۈنى پالۋان: «مۇنداق كېتىۋەرسەك بولماس، بارچە لەشكەر قوراللىنىپ جەڭگە تەييارلانسۇن» دەپ خەت يازدى.

پالۋانلار، باتۇرلار مۇكەممەل قوراللىنىپ، تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. نەريمان ئۆزى دەرۋازىغا يېقىن كەلدى ـ دە، ئېغىر گۈرزىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، دەرۋازىغا شۇنداق ئۇردىكى، تۆت بۆرجىكىدىن پارە ـ پارە بولدى.

پالۋان دەرۋازىدىن كىرىش بىلەنلا كەرگىسارلار سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، يوغان تاشلارنى مەنجەنىقتىن ئېتىشقا باش-

لىدى. پـالـۋاننـىڭ بۇ مەلئۇنـلارنـىڭ
ھىيلىسىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. لەشكەر-
لىرىگە: «دەرۋازىـنـى مەھكەم تۇتۇڭـلار،
ھېچبىر جان ئىـگىسـى چىـقـمىـسۇن»
دېدى - دە، ئۆزى ئېتىـنـى چاپـتـۇرۇپ،
قەلئە ئىچىگە راۋان بولدى. كۆتۈلمىگەنـ
دە تاغدەك بىر تاش بېـشـىـغـا چۈشۈپ،
دۇبۇلغىسى ئۈستىدىن مېگىسىنى يانجىـپ
تاشلىدى. پـالـۋان جېـنىنى جـاھانـىـنـى
ياراتقۇچىغا تاپشۇردى.
بۇ خەۋەر فەرىدۇنغا يېتىـپ بارغانـ
دىن كېيىن شاھنىڭ يۈرىكـى غايەت سىـ
قىلدى. نەرىمانىنىڭ ئوغلى سامنى چاقىر-
تـىـپ كېلىپ، ھەشەمەتلىك كىيىم، ئالـ
تۇن، گۆھەر ۋە باشقا پاراۋان نېمەتلەرنى
بېرىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى.
ئاندىن: «خاتىرجەم بول، كۆڭلۈڭدە نېمە
مۇددىئايىڭ بولسا، سېنىڭ خاھىشىڭـچـە
بولىدۇ» دەپ تەكىتلىدى.
بىر كۈنى فەرىـدۇن: «بىـر كـشـى
سامغا داستان، ھېكايە سۆزلەپ بـەرسۇن»
دەپ بۇيرۇدى. گۇرشەسپ مىنھىراس دىـ
ۋىنى ئولتۇرگەندە، ئۇنىڭ ئـوغـلـىـنـى
ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كـەلـگـەـ
نىدى. بۇ دىۋە بالىسىنى بىر دىدەكـكـە
ئۆيلەندۈرگـەنـىـدى. ئۇنىڭدىن بىر پەر-
زەنـت تۇغۇلۇپ، ئېتىنى پەرھەڭ قويغا-
نىدى. لېكىن دىۋە بەچـچـە دەپ ئـاتـ
شاتتـى. بالا دىۋە ھەر كـۈنى سامغا ھەر
خىل ھىكايىلەرنى ئېيتىپ بېـرەتـتـى.
بىر ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى.
نەزمە:

كـىـمـەرسـە جەھـاندىن ۋەفا كۆرمەدى،
ئـەگـەر كۆردى ھەم ھېچ بەقا كۆرمەدى.

كېلىپ بۇ جەھانغە قىلىپ شاھلىق،
بولۇپ زوق ھالىدىن ئاگاھلىق.
ئۆلەر چاغىدا يوقكى شاھلىق ئەسەر،
نە شاھلىقكى تاپماي ئۆزىدىن خەبەر.

شاھنىڭ دەرگاھىدا يەنە بىر ياش يىگىت
بار ئىدى. سام بۇنىڭ بىلەن ئېـىملداش
ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى قەلۋاد ئىـدى. سـام
بىلەن بىللە چوڭ بـولغانـىـدى. ئىراجـ
نىڭ قىزىنى ئاشۇ قەلۋاد دېگەن يىگىتـكە
ئەقدى نىكـاھ قىـلـىـپ بەرگەنـىـدى.
خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن بۇنىڭدىن ھامىلىـ
دار بولغانىدى. بۇ قىزنىڭ ئېتـى ماھاـ
فەرىد ئىدى.
ئەمما موللا فىردەسى (خۇدا ئۇنىڭغا
رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر يىگىتنىڭ ئېتىنى
پەشـەڭ دەپ ئاتاپتۇ. ئۇ جەمشـىـد ئۇرۇـ
قىدىن بولۇپ، فەرىدۇننىڭ يېقىن كىشىسى
ئىدى. نەزمە:

ئىدى بۇ پىسەر تۇخمى جەمشىد شاھ،
سەزاۋارى شاھى تەختى كۇلاھ.
بېرىپ ئول پەرى روينى بۇ شاھغە،
كىيگۈزدى ئىكەۋلى خەير گاھغە.

شۇ كۈنلەردە يىگىت لەشكـىرى بىـ
لـەن ئـوۋدا ئـىـدى. تاغ، جەزىرىلەرنى
كېزىپ، بۆرە، يولۋاس، شـىـرلارنى ئـوۋ
قىلىپ يۈرەتتى. تۇساتـتىن ئـاجـايىـپ
كېلىشكەن، شامالدەك يۈگۈرۈك بىر كېيىك
جىلغا ئارىسىدىن چىقىپ، تېزقاچتى. ھەممە
لەشكەر تۆش - تۆشتىن قوغلاشتى. ئـەمما
كېيىك كۆزدىن غايىب بولدى. يىگىتنىڭمۇ
نام نىشـانىنـى ھـەرقانچە ئىزدەپ تاپالـ
مـىـدى. بۇلار ئالدي دەرگاھىغا كېلىپ،

www.uyghurkitap.com



ئەھۋالنى شاھىنشاھقا بايان قىلدى. شاھ تولىمۇ غەم ـ قايغۇغا چۆمدى. ئەمما دەرگاھتىكىلەر: «ئى شاھ، دۆلىتىڭ بار بولسۇن، قازاغا رىزا بولماق كېرەك» دەپ تەسەللى بېرىشەتتى.

## مەنۇچېھر

ئەلقىسسە، ئاي يۈزلۈك بانۇ ئۇ يىگىتتىن ھامىلدار ئىدى. فەرىدۇن شاد ـ خۇرام ۋە تولىمۇ كۆڭلى خۇش ھالدا جىمى ئىنىكئانىلار ۋە كېنىزەكلەرنى ئاي يۈزلۈكنىڭ خىزمىتىدە قويدى. قىزغا بولغان پاسىبانلىقنى كېچە ـ كۈندۈز بوشاشتۇرمايتتى. ئاخىر ھامىلدارلىق مۇددىتى توشتى. نەزمە:

سەدەف قارنىدىن تۇشۇپدۇر خۇشاپ،
فەلەكتىن تۇشۇپدۇر ۋەيا ئاپتاپ.
تۇغۇلدى ئانادىن ئەجەب بىر پىسەر،
نەدەيكىم ئانى گويىيا شىرى نەر.

ئەلقىسسە، بۇ ئاي يۈزلۈك بەك ئازاب چېكىپ، مۇشەققەتتە شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل تۇغدىكى، ھۆسنىدىن كۈن خىجىل، سالاپىتىدىن يولۋاس بىلەن شىر يەرگە قارايتتى. بۇ گۆدەكنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى فەرىدۇنغا يەتكۈزۈشتى، شاھ ئالتۇن ـ كۈمۈش چاچقۇ قىلىپ ھەممە كوچىلارغا زىنىنەت بەرگۈزدى. ئالەم ئەھلىنى ئىنئام، ئېھسان بىلەن خۇرسەن قىلدى. جىمى يۇلتۇزشۇناس، مۇنەججىملەرنى يىغىپ، ئۇن ئىككى بۇرج ۋە يەتتە يۇلتۇزدىن پال ئاچقۇزدى. مۇنەججىملەر پال نەتىجىسىنى بايان قىلدى:

— ئەي شاھ، بۇ ئوغۇل كەلگۈسىدە ئۇلۇغ پادىشاھ بولغۇسىدۇر. بوۋىسىنىڭ خۇن ئىنتىقامىنى دۈشمەنلەردىن ئالغۇسىدۇر.

فەرىدۇن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بەكمۇ خۇش بولدى. مەھرەم سارايغا كىرىپ، بۇ ئوغۇلغا كۆزى چۈشۈش بىلەنلا مېھىر ـ مۇھەببىتى جۇش ئۇردى. قېشىغا كېلىپ، بىردەم خەندان بولۇپ ئاندىن جايىغا قايتىپ كەلدى. ئوغۇلنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن ئانا قېشىدا ئون نەچچە كېنىزەك خىزمەتتە تۇراتتى. شاھزادە كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلىدى. ئالتە ياشقا كىرگەندە ئۇستازغا ئىلىم ئۆگىنىشكە بەردى. ئازغىنا پۇرسەت ئىچىدە ئىلىمۇ ئەدەبتە كامالەتكە يەتتى. نەزمە:

بولۇپ ئىلىم ئىلە تۇرفە ئاراستە،
ئەدەب بىرلە فەزل ئىچرە پىراستە.

ئەلقىسسە، بۇ ئوغۇلنىڭ يېشى ئون بەشتىن ئۆتكەندە فەرىدۇن تەخت يېنىدىن ئورۇن بەردى. ھەر تەرەپلىمە ئىمتىھان، سىناق ئۈچۈن سوئال سورايتتى. شاھزادە توغرا، دۇرۇس جاۋاب بېرەتتى. شاھنىڭ كۆڭلى خۇش بولاتتى.

بۇ ئوغۇلدا تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۇلۇغۋار سالاپەت، ھەر بىر ھەرىكىتىدە غەيرەت ـ شىجائەت، ئىلىمۇ ئەدەبتە زور كامالەت يېتىلگەنلىكى جۇلا چاچقانىدىن كېيىن شاھ جىمى دۆلەت كاتتىلىرىنى، مەملىكەتنىڭ تۆرە ـ ئەمەلدارلىرىنى دەرگاھىغا چاقىردى. بۇ سورۇندا ئوغۇلغا

مەنۇچېھر دەپ ئات قويۇلدى. مەنۇچېھرنىڭ تەخت ۋارىسى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەسىيەتنامە ئوقۇلغاندىن كېيىن، بېشىغا جەمشىد تاجىنى كىيگۈزۈپ، شاھلىق تەختى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. فەرىدۇن ئاۋۋال ئۆزى مەنۇچېھر ئالدىدا باش قويدى. ئاندىن كېيىن تامام لەشكەر سالام، ئالقىش ياغدۇرۇپ، مۇبارەك باد قىلىش ئۈچۈن سەجدە ئادا قىلىدى. مەنۇچېھر شاھلىق تەختى ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن جاھان يېپيېڭى خۇش پۇراققا تولدى. فەرىدۇن باشلىق تامام خاسۇئام مەنۇچېھر بېشىدىن ئالتۇن، جەۋھەرلەرنى چاچقۇ قىلدى. نەزمە:

ياڭى باشتىن ئولدى بۇ كوھنە جەھان،
تاپىپ قۇۋۋەتنى تازە بولدى ئايان،
قەفەسدىن چىقىپ ئېردى جان تۈتىسى،
كىرىپ ئول قەفەسدىن ۋەتەن قىلدى جان.

ئەلقىسسە، مەنۇچېھر سەلتەنىتىدىن بىر مۇددەت ئۆتكەندى. بىر كۈنى فەرىدۇن ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزنى قىلدى:

— ئەي مەنۇچېھر، دوۋالىڭ ئىرەجنىڭ خۇن ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن سەلىم بىلەن تۇرغا قارشى جەڭگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ماڭا ئەۋەتىپ بەر، ئۇ زالىملارنىڭ بېشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي. چۈنكى ئۇلار ئىرەجنىڭ بېشىنى كېسىپ ماڭا ئەۋەتكەندى. خۇدايى تائالا ساڭا پەتھى نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، سېنى جاھان ئىچىدە غالىب قىلسۇن.

— ئىنشائاللاھ، — دېدى مەنۇچېھر، — ئەگەر ئاسماندىن ئىنايەت بولسا، ئاز ۋاقىت ئىچىدە بوۋامنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ، بېشىنى ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ كەلگەيمەن. نەزمە:

سېنىڭ ھىممىتىڭ بىرلە، ئەي شەھرىيار،
بابام قانىنى ئالىپ بولۇپ كامكار،
ئىبەرگۈم قاشىڭغە بولار باشىنى،
بوياپ قان بىلە بارچە ساي تاشىنى.

شۇندىن كېيىن فەرىدۇن سامنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. سام كېلىپ، سالام - تەزىم ئۈچۈن بېشىنى شاھنىڭ ئايىغىغا قويدى. ئۇندىن كېيىن شاھ ئۇنىڭغا خىتاب قىلدى:

— ئەي سام، ئىرەجنىڭ ئىنتىقامىنى پەقەت سەن ئالالايسەن. ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ماڭا ئەۋەتكىن، مەن بۇ باشلارنى كۆرۈپ، ئىرەجنىڭ ماتەمىدىن قۇتۇلغايمەن. نەزمە:

ئىرەجنىڭ قانىنى تۆكۈپ سەلىم، تۇر،
ئىرەجنىڭ فىراقى ماڭا قىلدى زور.
ئۇ چاغدىنكى دەردى ئىچرە پەژمۇردەمەن،
تىرىك دەر خەلايىق، تىرىك مۇردەمەن.
مۇرادىم ئىشىتسەم ئۇلار ئۆلگەنىن،
تەمۇغ ئىچرە كۆرسەم ئۇلار كۆيگەنىن.
ئىرەج ماتەمىدىن ئىدىم دەردەمەندە،
ئۇلار ئۆلگەندىن بولاي نۇش خەند.

## سەلىم بىلەن تۇرنىڭ فەرىدۇنغا نامە يازغانلىقى

شۇ ئارىدا، سەلىم بىلەن تۇردىن فەرىدۇنغا نامە كەلدى. مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ شاھەنشاھ، بىز خۇدانىڭ تەقدىرى ۋە شەيـ

www.uyghurkitap.com



تاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كۆڭلىمىزدە ئىراجغا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت ساقلاپ، نادانلىق بىلەن ئىراجنى سەندىن جۇدا قىلدۇق. بۇ قىلمىشىمىزدىن تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق ۋە ھەددىدىن تاشقىرى خىجىل بولدۇق. ئەمدى پۇشايمانلىقنىڭ دېڭىزنى ئىزھار قىلىپ تۆگىتەلمەيمىز. گەرچە سېنىڭ دەرگاھىڭدا قارا يۈز بولغان بولساقمۇ، گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، مەنۇچېھرنى بىز تەرەپكە ئەۋەتسەڭ، كونا ئاداۋەت يۇيۇلغان بولاتتى. گۇناھىمىز ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، بۇنىڭغا نادانلىقىمىز سەۋەب بولغان، ھېلىمۇ بىزگە مەرھەمەت نەزەرىڭنى ئايىما. بۇ تەنۇر ئايلىنىدىغان پەلەكنىڭ ئىشى گاھى كۈلكىلىك، گاھى قەدىرلىكتۇر.»

ئەلقىسسە، سەلم بىلەن تۇرنىڭ ئەلچىسى مۆلازىملار بىلەن بىللە ياسىداق يوغان پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، شاھىنشاھنىڭ دەرگاھىغا ئالدىراش يېتىپ كەلدى، بۇ چاغدا شاھ كەيانىي تاج كىيىپ ئالتۇن تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بارچە پالۋانلار سەپ تارتىپ قاتار ئولتۇرۇشقان. شۇ ئەسنادا ئەلچى ئالىي دەرگاھقا كىرىپ، سالام-تەزىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلىپ، شاھنىڭ ئايىغىنى سۆيدى. ئالىيجاناب شاھ ئۇلارغا لايىقىدا ئورۇن كۆرسەتتى. ئەلچى مەدھىيە-سانادىن كېيىن سەلم بىلەن تۇرنىڭ نامىسىنى شاھقا تۇتتى.

شاھ يارىماس پەرزەنتلىرىنىڭ ئېيتىنى ئاڭلاش بىلەنلا غەزەپى ئۆرلەپ:

— بۇ ئىپلاسلار ئىراجغا نېمىلەرنى قىلمىدى؟ ئەمدى مەنۇچېھرگە قەست قىلىپتۇ،— دېدى. ئاندىن تامام لەشكەر باشلىقلىرىغا تاج-كۇلاھ، ئېسىل كىيىملەرنى ئىنئام قىلدى. مەنۇچېھرگە كاۋىيانە بايراق تاپشۇردى. سام ئىبنى نەرىماننى لەشكەرگە سەردار قىلدى. شۇ يوسۇندا جەڭگە تەييارلىق ئىشى باشلاندى.

فەرىدۇن سەلم بىلەن تۇرنىڭ ئەلچىسىگە جىددىي جېكىلەپ:

— ئىراجنىڭ پىراقى مېنى تولىمۇ قايغۇغا چۆمدۈردى. ئەمدى بۇ زالىملار مەنۇچېھرگە قەست قىلماقچىمۇ؟ بۇ يەردە كۆرگەن-بىلگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئېيت!— دېدى.

ئەلقىسسە، ئەلچى نەچچە كېچە-كۈندۈز مەنزىل-ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، خاۋەر پايتەختىگە يېتىپ كەلدى-دە، كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەلم بىلەن تۇرغا بىر-بىر بايان قىلدى. بولۇپمۇ فەرىدۇننىڭ ئەھۋالىنى، لەشكەرلەرنىڭ كېلىشىنى، سەردار ۋە قوشۇن باشلىقلىرىنىڭ سانىنى تەپسىلىي سۆزلىدى.

«ئەي شاھىم،— دېدى ئەلچى،— مەنۇچېھر شۇنداق بىر پادىشاھكى، بۇنداق پادىشاھ تېخى جاھانغا كەلمىگەن. مەملىكىتى خۇش ھاۋا، خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزى. ئايۋان-سارايلىرىدىن بېھىشت رەشك قىلىدۇ. بۇ ئايۋانلار شۇنچىلىك ئېگىزكى، كۆپ قەۋەتلىك، قۇببىلىرى يۇلتۇزلار بىلەن مۆڭگۈدىشىپ تۇرىدۇ. مەيدان تەرەپتە كاتتا باغ بار. بىر چەتتە پىللار، يەنە بىر چەتتە شىرلار جايلاشتۇرۇلغان. شىر سۈپەت پالۋانلار ئالتۇن كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرۇشىدۇ، پادىشاھ مەنۇچېھر ياقۇتتەك ۋال-ۋۇل نۇر چېچىپ تۇرغان تاجىنى بېشىغا قويۇپ، گۆھەر تاشلار ئورنىتىلغان ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. يەنە مەنۇچېھرنىڭ

يىنىدا چاچ ـ ساقاللىرى كافۇردەك ئاپئاق،
چىرايى ساماندەك سارغايغان پادىشاھ فە ـ
رىدۇن تەختتە بەرقارار ئولتۇرغان. نەزمە:

جەھانغا بېرىپ دەست ئۈممىد ھەم،
گوياكى تىرىك شاھى جەمشىد ھەم.
شەھەنكى، جەھان ئىچرە يەزدان پەرەست،
سىپاھ تەئاممىدە بولۇپ ھەم نەشەشت.

ئەلقىسسە، ئالتۇن كۇلاھ كىيگەن،
قوللىرىدا كاۋە گۇرزىسىنى تۇتقان پال ـ
ۋانلار ئوڭ قول تەرەپكە زىننەت بېرىپتۇ.
شاھ فەرىدۇننىڭ سام ئىبنى نەرىمان
باشلىق شىر، يولۋاس ۋە باشقا يىرتقۇچ
هايۋانلار تېرىسىدىن كىيىم كىيگەن، بې ـ
لىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغان شىجائەتلىك
پالۋانلىرى چەپ قول تەرەپكە زىننەت
بېرىپتۇ...»

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى زالىم ئەلچىنىڭ
بىر ـ بىر بايان قىلغان سۆزىنى ئاڭلى ـ
غاندىن كېيىن، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك
تولغىنىپ كەتتى. كۆپ مەسلىھەت قىلغان
بولسىمۇ، ئىشنىڭ يولىنى تاپالماي باش ـ
لىرى قاتتى.

— بۇ ئىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇش
كېرەك ئەمەس، — دېدى سەلىم، — لەشكەرنى
جەڭگە تەييارلاش كېرەك. بۇ ئىككى لەش ـ
كەر جەيھۇن دەرياسى تەرەپتە ئۇرۇش
قىلسۇن.

ئەلقىسسە، بۇ تەرەپتىن ئىران لەش ـ
كىرى تاغۇ دەشتنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ،
سەلىم بىلەن تۇر لەشكەرلىرىنى قورشى ـ
ۋالدى. ئىراندا مەنۇچېھر خىزمىتىگە كە ـ
مەر باغلىمىغان كىشى قالمىدى. نەزمە:

شەھى نامداران جەھان دىيدە كەي،
كى بولسا ھەياتىكى فەرخۇندە پەي.
بەرابەر ئەمەس شىرۇ گۇرگۇ گەزەن،
پەرىكىم بۇلار ئالدىدا پېرى زەن.
مەنۇچېھر فەرھەڭگى ھۇشى خىرەد،
قىلۇر ئالەم ئەھلىن مۇتىئى ئەبەد.
كىشى بولسا ناگاھ ئاڭا بەدسىگال،
ئۇرۇج ئالماغاي، ئولغايۇ ئول زەۋال.

ئەلقىسسە، مەنۇچېھرنىڭ سان ـ سا ـ
ناقسىز لەشكىرى ئاتقا سۇۋارە بولۇپ،
بىپايان مەنزىل، ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆت ـ
كەندىن كېيىن جەيھۇن قىرغىقىغا يېتىپ
بېرىپ، شەھەرگە يېقىن بىر جايغا چۈشتى.
سودا ـ سېتىق ئۈچۈن شەھەرنىڭ بىر دەر ـ
ۋازىسى ئوچۇق قويۇلغانىدى.

مەنۇچېھر بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇر ـ
غانىدى، تۇساتتىن سەلىم بىلەن تۇرنىڭ
دۈشمەنلىك بىلەن تولغان بىر خېتى يې ـ
تىپ كەلدى. مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ئەي مەنۇچېھر، كىمنىڭ ئەجىلى
يەتكەن بولسا، ئۇ دۇنياغا يولغا سالىمىز.
سەن قاچانغىچە پادىشاھلىق تاجىنى كى ـ
يىپ، كەيانىي تەخت ئۈستىدە ئولتۇرىد ـ
سەن؟ ساڭا قارشى جەڭگە بېرىپ، جاھان ـ
دىن نامۇ نىشانىڭنى يوقىتىش كۆڭلىمىزگە
كەچكەنىدى، تەقدىر سېنى بۇ يەرگە ئۆ ـ
لۈم گىردابىغا كەلتۈرۈپتۇ، بېشىڭغا كەل ـ
گىنىنى كۆرەرسەن.»

خەتنى بىر پالۋان ياۋايى قىيا ـ
پەتتە مەنۇچېھرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىر ـ
دى. جاھاننىڭ بۇيۈك شاھى خەتنى ئوقۇپ
كۆرگەندىن كېيىن دەرھال جاۋاب بەردى:

— بۇ زالىملاردىن بوۋام ئۈچۈن
قىساس ئالىمەن. بېشىمغا خۇدادىن نېمە
كەلسە كۆرىمەن. جەڭ تەييارلىقىنى
قىلىڭلار!

www.uyghurkitap.com



سەلىم بىلەن تۇر مەنۇچېھرنىڭ جاۋابىنى ئىشىتىپ، غەزەپ ئوتى ئۆرلەپ، ھېسابسىز لەشكەر بىلەن مەنۇچېھر ئۈستىگە ئاتلاندى.

سەلىم بىلەن تۇرنىڭ لەشكىرى ئۇ تەرەپتىن يېتىپ كېلىشى بىلەنلا بۇ تەرەپتىن مەنۇچېھر نامدار گەردەن كەشان پالۋانلار بىلەن سەپ تۈزۈپ تۇردى.

جاھاننى يورۇتقۇچى ئاپتاپ زەر بايرىقىنى مەيداندا پەلەككە تاقاشتۇرۇپ تىكتى. ئىككى دەريايى لەشكەر بىر-بىرىگە تاقابىل بولۇپ تۇرۇشتى. مەنۇچېھر تەرەپتىن ئالىي ماقام سام مەيدانغا كىرىپ:

— مەرد بولساڭ مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا كەل! — دەپ ئوتتۇز ئىككى خىل سىپاھگەرلىك ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، باتۇرلۇق ۋە پالۋانلىقىنى نامايان قىلدى. ئەمما شەرقىي رۇم ۋە غەربىي تۇران لەشكىرىدىن ھېچكىم مەيدانغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

سەلىم بىلەن تۇر نائىلاج بىچارە ھالەتتە تۇرغان لەشكىرىگە: بىر «ئۆلگۈرجى ئات سېلىڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى. لەشكەر پەرمانغا بىنائەن بىراقلا ئات قويدى.

ئۇچ كېچە-كۈندۈز جەڭ بولدى. دەريادەك ئۇلۇغ ئىككى لەشكەرنىڭ جېڭىگە ئاسمان-زېمىن ئاپىرىن ئوقۇدى، ئۆلۈكتىن تاغ ياسالدى. قان دەريادەك ئاقتى. ئاچ ئاچقا، يالىڭاچ ئېگىنىگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك، قومۇشزارلىقتا ئوت تۇتاشقاندەك، كالا پادىسىغا شىر بىلەن بۆرە چۈشكەندەك قاتتىق جەڭ بولدى. نەزمە:

چاپىپ سام چەپتە، چاپىپ گاھى راست،
ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈر ئېردى ئول كىنە خاس.
تەقابۇل بولۇپ سەلىم ئاشۇفتەراي،
ئۇرۇپ گۇرزسامى جەھان كەد خۇداي.
بېرىپ سەلىم ئىكى گۇرز ئاراسىدا جان،
جەھان بولدى بازارى ئاھەڭگىران.

ئەلقىسسە، يەنە بىر رىۋايەتتە سەلىم بىلەن تۇر بۇ جەڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ، دېيىلىدۇ.

## سەلىم بىلەن تۇرنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى

ئەلقىسسە، سەلىم بىلەن تۇر مەنۇچېھرنىڭ غەلىبىسىگە تاقەت قىلالماي، قېچىپ كېتىشتى. سام بۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. شۇ ئەسنادا قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى ئۆز جايىغا بېرىپ، ئارام ئالدى.

ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش مەغرىبتە پەردە ئىچىگە يوشۇرۇندى. تۈن شاھى ئاسمان مەيدانىدا قارا لىباس كىيدى.

سەلىم بىر بۇلۇڭدا شەرمەندە بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، مەنۇچېھر ئۈستىگە تۇيۇقسىز كېچىلىك ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى، بۇ زالىم ئۆز قەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەشكىرىنى تەييارلاپ بولغاندا، ئىران شاھىنى ھوش

يار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇشتى.

مەنۇچېھر بۇ سۆزلى ئىشىتىپ، چارە-تەدبىر ئويلاپ، تامام سىپاھىنى ۋە گەردەن كەشان پالۋانلارنى پىستىرما قۇرۇشقا ۋە سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇق قىلدى. سەلىم بىلەن تۇر بۇلارنىڭ ئۇقۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، مەنۇچېھرگە يەنە خەت يازدى. ئەمما خەت پۈتمەي قالدى. ئاخىردا سەلىم بىلەن تۇر پاراكەندىچىلىككە چۈشتى.

ئەلقىسسە، ئىككى تەرەپتىن دەريا لەشكىرى يەنە سەپ تۈزۈشتى. پالۋان سام مەيدانغا كىرىپ، شەرقىي رۇم ۋە غەربىي تۇران لەشكىرىدىن مەرد تەلەپ قىلدى. ھېچكىم مەيدانغا كەلمىدى ۋە سام ئىبنى نەرىمان بىلەن جەڭ قىلىشقا ھېچكىمدە ھەد يوق ئىدى. سەلىم بىلەن تۇرغا تىترەك ئولاشتى. نائىلاج پالۋان سام شەرقىي رۇم بىلەن غەربىي تۇران لەشكىرىگە يەككە ئۆزى ئات سېلىپ، سەلىم بىلەن تۇرنىڭ لەشكىرىنىڭ بىتچىتىنى چىقاردى. يەتمىش مىڭ لەشكەرنى يېرىپ ئۆتۈپ، تۇغ تۈۋىگە يېتىپ باردى-دە، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئۇلارنىڭ ئەجدىھادەك ھەيۋەتلىك تۇغىنى پارە-پارە قىلىۋەتتى.

سەلىم بىلەن تۇر قاچتى. سام ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ھەر ئىككى قانخورنى تىرىك تۇتۇپ، شاھ مەنۇچېھر ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. شاھ بۇ ئىككى يارىماسنى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى نەيزە ئۇچىغا سانجىپ، شاھ فەرىدۇن دەرگاھىغا ئەۋەتتى. ئاندىن شەرقىي رۇم ۋە غەربىي تۇران زېمىنىغا ساپ ھاۋا ۋە خۇش پۇراق بۇي بەرگەندىن كېيىن بوۋىسىنىڭ خىزمىتىگە غەلىبە، نۇسرەت بىلەن يېتىپ كەلدى.

شاھەنشاھ فەرىدۇن مەنۇچېھر باشلىق ھەممە باتۇرلارغا، سام ئىبنى نەرىمان باشلىق گەردەنكەشان پالۋانلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ خەزىنىدىن كۆپ ئىنئام-ئېھسانلارنى بەردى. مەنۇچېھرنى كەيانىي تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. تامام ئالەمنىڭ پادىشاھلىقىنى مەنۇچېھرگە تاپشۇردى. ئۆزى ئالەمنى ياراتقۇچىنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى.

## فەرىدۇننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى

بىر كۈنى فەرىدۇن خىلۋەت جايغا كىرىپ، يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ دۇئا قىلدى: «ئەي خۇدا، سەندىن كۆپ نەرسە تىلىدىم، بەردىڭ. بۇنىڭدىن ئارتۇقنى تەلەپ قىلمايمەن.»

ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا شاھنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەجەل شارابىنى ئىچۈردى. ئۇنىڭ روھىنى تەن ئۆيىدىن چىقىرىپ، ئەرۋاھلار بەزمىسى ئىچىگە كىرگۈزدى.

شاھ مەنۇچېھر پەرياد كۆتۈرۈپ، پىغانىنى پەلەككە يەتكۈزدى. خالايىق بۇ پىغان، ۋاۋەيلانى ئاڭلاپ، شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن دەۋرەپ كەتتى. نەزمە:

فەرىدۇن ئۈچۈن بولدى ئەل سوگۋار،
ياقا چاك ئېتىپ، يىغلابان زار-زار.
بارىپ ئول ئۆزى، قالىبان ياخشى ئات،

بۇ ئاتتىن تاپىپ، جاۋدانى ھەيات.
فەرىدۇنى فەرروخ فەرىشتە ئەمەس،
بىشەك ئۇل بەخەيرى سەرىشتە ئەمەس.
تاپىپ خەيرى ئېھسان بىلەن بەخشىلىق،
ئۈلەر چاغدا قىلدى جەھان ياخشىلىق.

ئەلقىسسە، فەرىدۇنىنىڭ تەزىيىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تاۋۇتقا سېلىپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردە دەپنە قىلىشتى. شاھ مەنۇچېھىر ئالتۇن، كۈمۈش، ئىشلىتىپ، قەبرىسىنى زىننەت بىلەن ياساتتى ۋە شاھانە چېدىرلارنى تىكتۈردى. جاھان ئەھلى دۇئا ۋە تەكبىردىن كېيىن ئارامگاھلىرىغا ياندى.

نەزمە:

جەھاندا ئىشىڭدۇر فۇسۇن بىرلە باد،
قەنى ئېيتكى، سەندىن بۆلەك كىمسە شاد.
كىشى بولسا شەھلىقغە مەغرۇرلۇق،
يېتەر ئاقىبەت ئاڭا رەنجۇرلۇق.

ئەلقىسسە، مەنۇچېھىر بىر كېچىسى يۇز يىگىرمە بۇرجەكلىك بىر تاج كىيىپ چۈش كۆردى. تەبىرچىلەر شاھنىڭ بۇ چۈشىگە يۇز يىگىرمە يىل پادىشاھ بولىسەن دەپ تەبىر بېرىشتى.

## سامنىڭ جاھان كەزگەنلىكى

بىر كۈنى تەقدىرنىڭ ئىشى بىلەن سام باشقا پالۋانلار بىلەن شىكارغا چىقىپ، يولۋاس، شىر، بۇغا ئوۋلاپ يۈرەتتى. تۇساتتىن بىر كېيىك لەشكەر ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ، چاققانلىق بىلەن بىر ياققا ئۈتۈپ كەتتى. سامنىڭ كۆزى كېيىككە چۈشۈشى بىلەنلا كەيانىي كامانىنى تارتىپ، ياۋايى ھايۋاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. شۇ قوغلىغانچە بىپايان دەشتسەھرالارنى كەزدى. ئاخىر ئۇ كېيىككە يېتىشىۋېلىپ، ئوقيانى بەتلەپ ئاتتى، كىيىك يۇمۇلۇپ، كۆزنى غەلەت قىلىپ قاچتى، پالۋان يەنە بىر قېتىم قوغلاپ يەتتى-دە، ماڭلىيىنى چەنلەپ ئوق ئاتتى. ئەمما كېيىك ھەرگىز ئۆزىگە ئوق تەگكۈزمىدى. يەنە يۇمۇلۇپ پالۋاننىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. ئوق زايە كەتتى.

ئەلقىسسە، سام ئوقىنىڭ ئۈچ قېتىم خاتا كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن سالىمىنى ھالقا-ھالقا قىلىپ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. ئۇ ئەنە يېتىمەن، مانا يېتىمەن دەپ، بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، مەغرىبتە كۈنمۇ پاتتى. ھەر تەرەپتىن دىۋىلەرنىڭ ئاۋازى ۋە جادۇلارنىڭ غەۋغاسى ئاڭلىناتتى. پالۋان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇ يەردىن ياندى. ئەمما لەشكەرنىڭ يېنىغا بارىدىغان يولنى يىتتۈرۈپ قويۇپ، پۈتۈن كېچە تاغۇ دەشتىنى ئايلىنىپ يۈردى.

تاڭمۇ ئاتتى، قۇياش كېچىلىك پەردىسىدىن جامالىنى كۆرسىتىپ، ئالەمنى يورۇتۇۋەتتى. پالۋاننىڭ كۆزى يىراقتىن تاۋلىنىپ تۇرغان ئېگىز بىر ئىمارەتكە چۈشتى. يېقىن بېرىپ قارىسا، بۇ ئىمارەت خۇش ھاۋا بىر باغنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇنىڭغا تۈرلۈك لەئل ياقۇت، دۇررى گۆھەر، ھەرخىل ئېسىل تاشلار بىلەن زىننەت بېرىلگەن. باغنىڭ ھەشى

مەتلىك دەرۋازىسىغا كېلىپ، ئىچىگە قارىدى. سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ، مايسىلار مەخمەلدەك كۆكەرگەن، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، بۇلبۇللار ھەر تەرەپتە نەۋا قىلىپ تۇرۇپتۇ.

شۇ ئەسنادا باغنىڭ ئىچىدە غايەت چىرايلىق، قەددى-قامىتى سەرۋىدەك كېلىشكەن بىر جانان جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى بۇ بىر كېنىزەك ئىدى. بۇ جاناننىڭ كۆزى پالۋانغا چۈشۈش بىلەنلا ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى:

— ئەي پالۋان بۇ يەرگە كېلىپسەنغۇ، كېچىچە سەھرادا يۈرگەن ئوخشىمامسەن؟

شۇ سۆزدىن كېيىن كېنىزەك پالۋاننى باغقا ئېلىپ كىردى. سام باغ ئىچىدە سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىردىن ئالتۇن راۋاققا كۆزى چۈشتى. بۇ راۋاق زەبەرجەد ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان.

ئەلقىسسە، ئاي يۈزلۈك كېنىزەك مەلىكىنىڭ قېشىغا بېرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئىشىككە بىر پالۋان كەلدى، چىرايىدىن ئۇلۇغلۇق چىقىپ تۇرىدۇ. قايسى باغنىڭ گۈلى ۋە قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى ئىكەن، كىرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ.

— كىرسۇن، — دەپ پەرمان قىلدى مەلىكە.

ئەلقىسسە، سام كىرىپ، تەخت ئۈستىدە بەختلىك بىر نازىنىننىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، گويا تۆتىنچى ئاسماندىكى نۇرلۇق قۇياشتەك جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

پالۋان كىرىش بىلەنلا مەلىكە مىڭبىر ناز بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى-دە، ئالتۇن كۇرسى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن نام-نەسەبىنى سورىدى. پالۋان ئۆزىنىڭ جاھاننى كېزىپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. شۇندىن كېيىن مەلىكىنىڭ پەرمانى بىلەن ئىشرەت بەزمىسى قۇرۇلۇپ جام-قەدەھلەر ئايلىنىشقا باشلىدى.

قىلدىلار تۇرفە مەجلىس بۇنياد،
غەم-قايغۇنى قىلدىلار بەرباد.

## قەلۋادنىڭ سامنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، بەزمە-ئىشرەت قىزىغان پەيتتە قەلۋاد سامنى ئىزدەپ، چۆل-سەھرالاردا ۋە تاغ-باياۋانلارنى كېزىپ يۈرەتتى. تۇساتتىن كۆزى بىر باغقا چۈشتى. كېلىپ قارىسا، سۇ ياقىسىدا سامنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ ئىزى تۇرۇپتۇ. شۇ ئىز بىلەن يۈرۈپ، باغنىڭ ئىچىگە كىردى. يىراقتا، زەپىرانزارلىق ئارىسىدا سەمەن ئات ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. تولىمۇ خۇش بولۇپ بىر سائەتكىچە ئاتقا قاراپ تۇردى. بۇ ئات قەلۋادنى كۆرۈپ، تونۇش كىشىسى كەلگەندەك كىشنەپ قويدى. قەلۋاد بۇ جانىۋارنى سىلاپ-سىيپاپ تۇرغاندى. مۇلازىملار بۇ خەۋەرنى سام بىلەن مەلىكىگە يەتكۈزدى. جاھان پالۋان قەلۋادنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنى قەسىرگە تەكلىپ قىل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دى. قەلۋادمۇ بەزمىگە داخىل بولۇپ، مەي-شاراب ئىچتى.

سام بۇ باغدىن تاپىپ ئارام،
ئاي يۈزلۈك بىلە ئىدى خۇشكام.

## سامنىڭ چۈش كۆرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئالەم قۇياشى مەغرىب دىياردا ئابنۇس تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. سام ئىشرەت بەزمىدە مۇراد-مەقسىتىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆزلىرى پاراغەت ئۇيقۇسىغا كەتتى. كۈتۈلمىگەندە پالۋان بىر چۈش كۆردى: بىر باغقا كىرگەنمىش، مايسىلىرى مەخمەلدەك جۇلا چېچىپ تۇرغان، كۈمۈشتەك سۇلار ھەر تەرەپكە ئېقىپ تۇرۇپتۇ. يۈز تۈمەن گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلغان. بىر چەتتە تاماشا قىلىپ تۇرغانىدى. يىراقتىن بىر بارگاھ نامايان بولدى. بۇ بارگاھ زەڭگەر يىپەك تاناپ بىلەن زېمىن ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان. پالۋان چۆرۈلۈپ يۈرۈپ، زەپىرانلىق تەرەپكە ئېچىلغان بىردىرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. قارىسا، باغ ئىچىدە ئالتۇن تەخت ۋە ئالتۇن كۇرسى قويۇقلۇق، ھەر تەرەپكە رەڭگارەڭ زىلچىلار سېلىنغان. بۇ چېدىرنىڭ ئىچى شۇنچىلىك زىننەتلەنگەنكى، ھېچبىر جان ئىگىسى كۆرمىگەن. قۇلاقمۇ ئىشىتىپ باقمىغان. تۆت يۈز ئاي يۈزلۈك كېنىزەك نەغمە-ناۋالارنى قىزىتىپ، پەگادا ئولتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ كۆي ساداسىدىن ھەممە بۇلبۇل بىھوش بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان.

بىر تەختنىڭ ئۈستىدە بىر نازىنىن ئاي ئولتۇرۇپتۇكى، جامالىدىن قۇياش خىجىل، قامىتىدىن سەرۋ-شەمشاد خىجالەتتە قالغان. چېچىنىڭ ھەر ھالقىسىدا يۈز مىڭ جان ئېسىقلىق.

سام بۇ گۈزەل ئاينى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئىشق كامانىدىن بىر ئوق كۆكسىگە تېگىپ، تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىچارە سام بىر سوغۇق ئۇھ تارتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا، ئاخشامقى ئولتۇرۇشتىن نىشان يوق. ئەمما ئۇيقۇدىن ئويغانغانلىقىغا كۆڭلى تولىمۇ خۇش بولدى. ئاخىر قىزنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى.

ئەلقىسسە، سام ياقىسىنى يىرتىپ، رەسۋالىق دەشتىگە يۈزلەندى. قەلۋادمۇ باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىستىراھەت ئۈچۈن باش قويۇپ، راھەت قىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇمۇ ئويغاندى. قۇلىقىغا ئاجايىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز كەلگەن تەرەپتە بىر راۋاق كۆرۈندى. يېقىن بېرىپ قارىسا، ئاھ-ۋاھتىن بۆلەك ھېچ گەپ يوق. بۇنىڭدىن ھەممە ئەھۋالنى بىلىۋالدى. ئاھ تارتقۇچىدىن باشقا جاۋاب ئاڭلانمىدى. قەلۋاد مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلاتتى. نەزمە:

قىلماغىل پىنھان كۆڭۈلدە ھەرنە ئەسرارىڭدۇرۇر،
ئاھى سەردۇ رويى زەردەكىدىن خەبەردار ئولغاسەن.
نالەلەر كۆپ قىلماغىل، ئەي سام پەھلىۋانى

جەھان،
سىررى ھالىڭنى دېمەي مەندىن نېگە يالۋارغاسەن.

— ئەي سام، كۆڭلىڭدىكى سىرنى مەندىن يوشۇرما، كېيىن ئىلاجىنى قىلارمىز. ئېھتىمال بۇ مۇشكۇللۇكمۇ ھەل بولۇپ قالار.

پالۋان بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، ھالىنى ئىزھار قىلدى. قەلۋاد سامغا دېدى:

— بۇ يەردە تۇرۇشنى مەسلىھەت كۆرمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى، تاغۇ دەشت تەرەپكە بارايلى، ئاشىقلارنىڭ ئىشى سەھرا كېزىشتۇر. شايەدكى، سابا مۇرادى مەقسەتتىن بوي كەلتۈرگەي. بۇ ھىدايەت بىلەن مۇرادىمىزغا يېتىمىز.

جاھان پالۋان قەلۋادنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، شۇ زامان قورال-ئەسلىھەلىرىنى يېنىغا ئاستى. قەلۋاد بىلەن ئىككىيلەن سەھراغا باش ئېلىپ كېتىشتى. نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچقايسىسى بىلمەيتتى.

بىر كۈنى بىر يەرگە يېتىپ بارغانىدى، قارىسا، بۇ يەرگە چوڭ بىر كارۋان چۈشۈپتۇ. بۇ ئىككى پالۋانمۇ كارۋان قېشىغا چۈشتى. كارۋانلار ھەيۋەتلىك بۇ ئىككى ئادەمنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قاراقچى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، نېمە ئىلاج قىلارمىز، دەپ ئويلاشتى.

— نەدىن كەلدىڭلار، بۇ باياۋاندا نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى كارۋانلاردىن بىرى.

قەلۋاد جاۋاب بەردى:

— بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش سودىگەر ئىدۇق. يولدا قاراقچى ئۇچراپ، ھەممە مېلىمىزنى تاران-تاراج قىلدى. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاران قۇتۇلۇپ چىقتۇق. ئەمما ھەمراھلىرىمىز ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلدى. شۇندىن بۇيان بۇ باياۋاندا كېزىپ يۈرىمىز. خۇداغا شۈكرى، سىلەرنىڭ جامالىڭلارغا مۇشەررەپ بولدۇق. خوش، سىلەر نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— بىز شەرق زېمىنىدىن. يۇرتىمىز خاۋەرانغا كېتىپ بارىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى كارۋانچىلار.

پالۋان سام قەلۋادتىن سورىدى:

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك، نېمە مەسلىھەت بېرىسەن؟

— مەن سېنىڭ قول ئاستىڭدىكى ئادەممەن. سەن نېمىنى خالىساڭ، شۇنداق قىلايلى، — دېدى قەلۋاد.

— مېنىڭ كۆڭلۈم خاۋەر تەرەپكە مايىل، — دېدى سام، — ئىنشائاللاھ مۇرادىمنىڭ گۈلى شۇ يەردە ئېچىلىدۇ.

ئەلقىسسە، كارۋانلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى. شۇندىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن كارۋانلار ھەمراھلىقى بىلەن خاۋەر تەرەپكە راۋان بولدى.

بۇلار دەريا لېۋىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن تەييار كېمىلەرنى كۆرۈشتى. ھەممەيلەن كېمىگە چۈشۈپ، بۇ قانخور دەريادا كېتىپ باراتتى. قادىر جەببارنىڭ ئەمرى بىلەن تەتۈر شامال چىقىپ، دەريا يۈزىدە چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈلدى. كېمىلەر چاك-چېكىدىن ئاجراپ، پارە-پارە بولۇپ كەتتى. خالايىقنىڭ بەزىسى دەريا قەرىدە ھالاك بولدى. بەزىسى

سۇ يۈزىدە ھەسەن-ھۈسەندەك ھەيران ئىدى.

سام ئىبنى نەرىمان بىر تاختا پارەگە ئولتۇرۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ، ماھىر سۇچىدەك دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقىۋالدى. قىزىق قۇمنىڭ ئۈستىدە بىر سائەتچە ئارام ئېلىپ تۇرغاندى. ئاشۇغىچە قەلۋاد ئېتىنى تۇتۇپ سۇدىن چىقتى. سام بۇ ئىشتىن ئاجايىپ خۇرسەن بولدى. خۇدايىتائالاغا شۈكرى بەجا كەلتۈردى:

مۇرادىمغا يەتكۈزدى يەزدانى پاك،
ئەگەر يۈز بەلا كەلسە ئەمدى نەباك.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككىيلەن بۇ يەردىن سەھرا تەرەپكە يۈزلەندى. بۇلار دەرەخنىڭ ياپرىقىنى غىزا قىلاتتى. يا يول بىلمەيتتى، ياكى يىراقتىن مەنزىل كۆرۈنمەيتتى. شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇساتتىن چاڭ-توزان پەيدا بولدى. چاڭ-توزان ئارىسىدىن ئۇلۇغ لەشكەر نامايان بولدى. سام بىلەن قەلۋاد بەك خۇشال بولۇشتى. چۈنكى ئۇلار يولنىڭ نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىپ، شەھەرگە يېتىۋالىمىز، بەلكىم ئۇلاردىن يەيدىغان ئوزۇق ئالارمىز، دەپ ئويلاشقانىدى.

ھېلىقى كۆرۈنگەن لەشكەر يېقىن كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا سەپسېلىپ قارىسا، يەتمىش مىڭ ئادەمخور زەڭگى ئىكەن. بۇلار سام بىلەن قەلۋادنى مۇھاسىرىگە ئالدى.

— ئەي قەلۋاد، — دېدى سام، — ئىشىمىز باشقىچە بولۇپ چىقتى، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— ئۆزىمىز قىلغان ئىشنىڭ باشقا تەدبىرى يوق. سەن ئالدىدا ماڭ، مەن كەينىڭدىن يۈرەي، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ، ھەرىكەت قىلىپ كۆرەيلى، — دېدى قەلۋاد.

ئەلقىسسە، سام نەيزىسىنى قولىغا ئالدى. قەلۋادمۇ ئوقياسىنى ئالدى. ھەر ئىككىسى شامالدەك يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ دەريايى لەشكەر ئىچىگە چۆكتى. نەچچە مىڭ زەڭگىنىڭ قېنىنى تۆكتى. نۇرغۇن زەڭگىلەرنىڭ جېنىنى دوزاخقا يوللىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ زەڭگىلەر تىرىپىرەن بولدى. سام بىلەن قەلۋاد بۇلارنىڭ قورشاۋىدىن چاقماقتەك تېز چىقىپ، ئۆزلىرىنى بىر ياققا ئېلىشتى. زەڭگىلەر بۇ ئىككى پالۋاننىڭ ئۆزلىرىنى ياققا ئالغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

## سامنىڭ شەرقتىكى بىر مەملىكەتكە پادىشاھ بولغانلىقى

سام بىلەن قەلۋاد نەگە بارمىسۇن، بارغان يېرىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئاچ قالسا كېيىك، قۇلانلارنى ئوۋ قىلىپ، ياخشى يەرگە چۈشۈپ كاۋاپ قىلىپ يەيتتى. بىر ئاي ۋاقىت شۇ يوسۇندا يول يۈرگەندىن كېيىن بىر كۈنى سەھەر ۋاقتىدا يىراقتىن بىر قەلئە كۆرۈندى. بۇلار يېتىپ بېرىش بىلەنلا قەلئە دەرۋازىسى ئېچىلدى. سام بىلەن قەلۋاد قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىپ

قارىسا، قىرىق - ئەللىك مىڭ ئاتلىق ئەسكەر مۇكەممەل قوراللىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ كۆزى سامغا چۈشۈش بىلەنلا ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ، سامنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ۋە باشلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا قويۇپ، سالام - ئالقىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى. ئاندىن سامغا قاراپ دېدى:

— ئەي ئالىي بەخت ئىگىسى، ئاگاھ ۋە دانا بولغىنىڭى، بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئۆلەر ۋاقتىدا: «پالان ئاي، پالان كۈندە بىر ئادەم بۇ دەرۋازىدىن شەھەرگە قەدەم قويىدۇ. شۇ چاغدا سەلتەنەت تاجىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ، بۇ مەملىكەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇڭلار. ئاشۇ ئادەم پادىشاھ بولغۇسىدۇر» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

سام ئۇلاردىن بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن قەلۋادغا سۆز ئاچتى:

— مەن مەملىكىتىم زابۇلنى تاشلاپ چىقىپ، ئەمدىلىكتە بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىقىنى تەمە قىلىپ، ئۆزۈمنى بۇ ئىشقا باغلاپ قويامدىمەن؟ ئۇلىنىڭ ئۈستىگە فەرىدوختىنىڭ ئىشق ئوتى يۈرىكىمدە يالقۇنجاپ تۇرۇپتۇ.

— بۇلار سېنى پادىشاھ قىلغۇسى بار، — دېدى قەلۋاد، — ئەگەر ئىختىيار قىلمىساڭ، بىرىگە بەرگىن. قەيەرنى كۆڭلۈڭ تارتسا، شۇ يەرگە بارغىن. يەنە بىر گەپ شۇكى، شۇ كۈنلەردە سەن فەرىدوختىنىڭ نام - دېرىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ، ئۇنىڭ توغرىسىدا بىرەر خەۋەر ئىشىتتىڭمۇ؟

سام قەلۋادتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. شەھەرگە كىرىپ، شاھلىق تاجىنى بېشىغا قويۇپ، تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. شەھەر خەلقى توپ - توپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ كېلىپ، سامنى مۇبارەك باد قىلىشتى.

سام ئالىي ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن قەلۋادنى ۋەزىر قىلىپ، مەملىكەتنى ئادالەت بىلەن سوراپ، خەلقنىڭ دادىغا يېتىپ، يۇرتنى ئاۋات قىلدى. لېكىن فەرىدوختىنىڭ ئىشقى ئارام بەرمەي، كۈننى كېچە - كۈندۈز يىغا - زار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇ مەملىكەتكە كەلگەن ھەربىر كىشىدىن فەرىدوختىنىڭ خەۋىرىنى سورىسا، ھېچكىم ئۇنىڭ نام - نىشانىنى دەپ بېرەلمەس ئىدى. ئاخىر كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ خۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، ئاكابىر، ئەشرەپلەر ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى جەم قىلىپ، بەزمە - مەشرەپ قۇرۇشقا، سازەندىلەرنى چاقىرتىپ، مەي - شاراب ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

## سامنىڭ يەنە چۈش كۆرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندى، پالۋاننى ئۇيقۇ بېسىپ، بىر خىلۋەت جايدا خۇپ راھەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. پالۋان بىر چۈش كۆردى: ئۆزى بىر سەھرادا سارا- سىمە ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلمەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



هەيران بولۇپ يۈرەر ئىمىش، بىر سائەتتىن كېيىن بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئارىسىدىن ئالتۇن مەپە كۆرۈندى. بىر چاغدا بۇ مەپىنى چۈشىدە كۆرگەنىدى. هازىر يەنە شۇ مەپىنى كۆردى. پالۋان خۇدىنى يوقاتقان هالدا تارتىنىپ تۇرماستىن، ئۆزىنى مەپىگە ئاتتى ۋە داد-پەرياد بىلەن ئەرز-ئەھۋال ئېيتىپ، كۆز يېشىنى تۆكتى. مەپە ئىچىدىن بىر پەرى يۈز پەردىنى كۆتۈرۈپ، جامالىنى كۆرسەتتى.

پالۋان مەلىكىدىن سورىدى:

— قايسى تەختىنىڭ شاھى سەن،
قايسى كۆكنىڭ ماھىسەن؟

— ئەي پالۋان، — دەپ جاۋاب بەردى مەلىكە، — سەن ئاشىق ئەمەس ئىكەنسەن، مەگەركى، پەرۋانە شامنىڭ قانداق ئورۇندا ئىكەنلىكىنى سوراپ تۇرمايدىغۇ، گۈلىستاننىڭ يولىنى بۇلبۇلغا كىم كۆرسىتىپتۇ؟

## قەلۋەشنىڭ سامنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى

پالۋان ئۇيقۇدىن ئويغاندى. ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىسا، ئۇ گۈزەلدىن ھېچبىر نىشان يوق، سام خەلق ئارىسىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، تەرەت سۇندۇرۇش باھانىسى بىلەن ئورنىدىن قوپتى-دە، تاشقىرىغا چىقىپ، ئېتىغا مىندى. ئاندىن ئېتىنى قامچىلاپ سەھرا تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

باررۇر ئېردى بىلمەي يولىن ئول دەلىر،
شىكار ئەيلابان يول ئۈزە بەبر، شىر.

ئەمما قەلۋەش سام بىلەن قەلۋادنى ئىزدەپ، نەچچە يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنىدى. سام ئاشۇ يىللاردا ئۆز مەملىكىتىنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن خاۋەرگە كېلىپ، قەلۋاد بىلەن تېپىشتى. قەلۋەش بۇ يەرگە كېلىپ، ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتى. قەلۋاد بىلەن قەلۋەش بۇ بەزمە ئولتۇرۇشىنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن يىگىرمە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن سامنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. يېتىپ بارغان يەرنىڭ ھەممىسىدىن ئىز-دېرىكىنى ئالالمىدى.

تاپالماي يۈرۈر ئېردىلەر بۇ ئۇلۇس،
كېزىپ دەشت، شامۇ كېزىپ رۇم، ئورۇس.

## سامنىڭ سودىگەر خوجارەشىدكە يولۇققانلىقى

ئەمما سام بىر يەردىن چىققاندىن كېيىن كېچە-كۈندۈز يول يۈردى. ئاخىر يىراقتىن بىر كارۋاننىڭ قارىسى كۆرۈندى. جاھان پالۋان يېتىپ بېرىپ قارىسا، بىر بۆلەك كارۋان دەم ئېلىشقا ئولتۇرغانىكەن. قانچىلىغان غۇلام، ئالتۇن كەمەر باغلىغان نۆكەرلەر سەپ تۈزۈپ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر قېرى كىشى سامنى كۆرۈپ، ئالدىغا چاقىردى. پالۋان كېلىپ سالام قىلىپ تۇردى. بۇ ياشانغان كىشىمۇ سامنى كەمتەرلىك

بىلەن كۈتۈۋالغاندىن كېيىن بىر غۇلامغا ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. پالۋان كېلىپ چالنىڭ قېشىغا ئولتۇردى. چال پالۋاندىن گەپ سورىدى:

— قەيەردىن كەلدىڭ، نەگە بارماقچىسەن؟ نېمە ئادەمسەن، قايسى يۇرتتىن، كىمنىڭ پەرزەنتىسەن؟

نەسەب بىرلە كىمدۇر سىنىڭ گەۋھەرىڭ،
ھەسەبتىن ئايان قىل ئۇرۇغ-جەۋھەرىڭ.

پالۋان چالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئاتام سودىگەر كىشى ئىدى. ئىران زېمىنىدىن بولىمەن. تۇران تەرەپكە كېتىۋاتىمەن. يولدا قاراقچى ئۇچراپ، ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن قېچىپ قۇتۇلدۇم. بارىدىغان يېرىمنى بىلمەيمەن. قادىر ئىگەمگە تەۋەككۇل قىلىپ، كېچە-كۈندۈز بۇ چۆل-جەزىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن. تەلىيىم مېنى نەگە باشلاپ بارار كىن. بەختىم مېنى قەيەرگە يەتكۈزەر ئىكىن. خۇداغا شۈكرى، ئەمدى ھەممە غەم-ئەندىشىلىرىم خۇشاللىققا ئايلاندى. ئەي ئاتا، ئېتىڭ نېمە؟ ماڭا ئېيتساڭچۇ، كۆڭلۈم تەسەللى تاپاتتى.

— ئېتىم خوجا رەشىد، — دېدى سودىگەر، — جۇرجان زېمىنىدىن بولىمەن، شۇ كۈنلەردە خاقان چىنىنىڭ قىزى فەرىدوخت ئۈچۈن سودىگەرچىلىك قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ پەرزەنتىم يوق. ئەگەر سەن مېنى ئاتا ئورنىدا كۆرسەڭ، مەنمۇ سېنى پەرزەنتىمدىنمۇ ئارتۇقراق كۆرەتتىم ۋە ئەزىز تۇتاتتىم.

— تولىمۇ ياخشى، — دېدى پالۋان، — بۇ ماڭا بىر بەختىيارلىق، سەندەك بىر ئۇلۇغۋار كىشى ماڭا ئاتا بولىمەن دېسەڭ قانداقمۇ ماقۇل كۆرمەيمەن.

شۇندىن كېيىن خوجا رەشىد پالۋاننى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدى. ئۇلار بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، چۆل-سەھرالار ئىچىدە مەنزىل-ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ نەچچە كۈندىن كېيىن بىر يەرگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە نە دەرەخ، نە سۇ، نە ئادەمدىن ئەسەر بولسۇن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەرگە چۈشمەي بولمىدى. ئەمما سودىگەرنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا تىترەك ئولاشتى، ھەممىنىڭ كاللىسىدىن ھوشى كەتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە دېيىشەتتى: «بۇ يەر دىۋىلەرنىڭ ماكانى ئىكەن. بۇ يەردىن تېز كېتىپ، ئۆزىمىزنى چەتكە ئالمايدىغان بولساق، دىۋىلەرنىڭ قولىدىن بىر جانمۇ خالاس تاپالمايدۇ...»

سام كارۋانلارنىڭ دەككە-دۈككىگە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، خوجا رەشىد سورىدى:

— سىلەرگە نېمە بولدى، نېمىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىسىلەر، يا مەندىن ئەندىشە قىلىۋاتامسىلەر؟

— بۇ تاغلار، — دېدى خوجا رەشىد، — تامامەن دىۋىلەرنىڭ ماكانى، جادۇگەرلەرنىڭ ئۇۋىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەل-دەرەخ ۋە سۇلارنى ئەل كۆزىدىن پىنھان قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر سەپەرگە چىققان بىرەر ئادەملەر توپىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا بىر جانىمۇ تىرىك قويمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سامنىڭ دىۋە ماكانىغا بارغانلىقى

سام بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرەر سائەت ھېچ كىشىگە تىنماي، خوجا رەشىدنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ئېتىغا ئاستا مىندى-دە، تاغ تەرەپكە راۋان بولدى. بىر دارا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئازراق يول ماڭغانىدى، تۇساتتىن يىراق يەردە بىر دىۋە پەيدا بولدى. بۇ دىۋىنىڭ دىمىغىغا ئادەمنىڭ بۇي-ھىدى كېلىپ، تالاغا چىققانىدى. ئۇ ئادەمزاتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر نەرە تارتىش بىلەن پولات خىشنى سامغا ئاتتى. سام ئىبنى نەردىمان گۇرشەسىپ سۇ پەرىنى تۇتۇپ دىۋىنىڭ پولات خىشىنى رەت قىلدى. ئاندىن قانغا تەشنا قىلىچى بىلەن دىۋىنىڭ بېلىگە بىر ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى.

جاھان پالۋان دىۋىنىڭ ئىزىنى بويلاپ تاغ ئارىسىدا كېلىۋاتاتتى، يولدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرغان سۇ ئۇچرىدى. سۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى يوغان تاش ئىككى ياققا چايقىلىپ تۇرۇپتۇ. سام بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن بىر پارچە تاختا تاشنى دەس كۆتۈرۈپ، سۇ ئۈستىگە كۆۋرۈك قىلىپ قويدى-دە، سۇدىن ئۆتۈۋالدى. ئاڭغىچە ھېلىقى چايقىلىپ تۇرغان تاشلار كۆۋرۈك قىلغان تاختا تاشقا تېگىپ، يۇمشاق سۇرمىدەك قىلىۋەتتى.

سام بۇ يەردىن ئاتلىنىپ يولدا كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئالدى تەرىپىدە بىر ئۆي كۆرۈندى. ئەتراپى باغ، ھەر تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن سۇلار قايىنام ھاسىل قىلىپتۇ. پالۋان ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ، سۇدىن ئاتلىتىپ ئۆتتى. باغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ھەر ياققا كۆز سېلىپ، بىر يەرگە يەتكەندە، بىر تەختنى كۆرۈپ قالدى. تەختنىڭ قېشىدا بىر گۈزەل پەرى چېچى بىلەن قولى مەھكەم چىرمالغان ھالدا تەختنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە باغلاپ قويۇلۇپتۇ. سام يېقىن كېلىپ سورىدى:

— سەن كىم، پەرىمۇ ياكى دىۋىمۇ؟

— سېنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى پەرى يۈزلۈك، — بۇ يەردىن تېزرەك كەت، ئۆزۈڭنى چەتكە ئال! بۇ دىۋىنىڭ ماكانى، شۇ تاپتا دىۋە كېلىپ قالسا سېنى پارە-پارە قىلىۋېتىدۇ.

— بۇ يەردە نەچچە دىۋە بار؟ — دەپ سورىدى سام.

— بىر دىۋە بار.

— ئەگەر بىر دىۋە بولسا ئۆلتۈرۈپ ئىشنى تامام قىلىمەن، — دېدى پالۋان.

— سىز نېمە كىشى، بۇنداق يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى پەرى يۈزلۈك.

— مەن فەرىدوختنىڭ ئىشتىياقىدا خانۇمانىمدىن جۇدا بولدۇم، — دېدى سام، — بۇ باياۋان، تاغ ئېتىكىدە جانۇ دىلىمنى ئۇنىڭ جىڭگىلەك چېچىنىڭ سودىسىدا باج ئۈچۈن ئاتاپ قويغانمەن. سودىگەر خوجا رەشىد مېنىڭ ئاتامدۇر. ئۇ ھازىر سەھرادا قالدى.

— ئەگەر سەن مېنى خالاس قىلىپ، خوجا رەشىدنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارساڭ، — دېدى ئەقىللىك قىز، — مەھبۇبەڭ فەرىدوخت بىلەن سېنى كۆرۈشتۈرۈپ،

ۋىسال رىشتىسىنى چىڭىتاي، ئۇ مېنىڭ ئىنگچەم بولىدۇ.

شۇ ئەسنادا تەختىنىڭ يېنىدا شاھ سۇپا بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سۇپا يېنىدا دەرۋازا بار ئىكەن. دەرۋازىغا يوغان قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرۇپتۇ.

— بۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدە نېمە بار، بۇ قۇلۇپنى كىم سالغان؟ — دەپ سورىدى سام.

— مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھېچبىرى بۇ دەرۋازىنى ئاچالىغان ئەمەس، — جاۋاب بەردى پەرىۋەش، — بۇ قۇلۇپنىڭ قېشىدا بىر لەۋھە بار. ھەممە نەرسە شۇ لەۋھەگە پۈتۈلگەن، سەن شۇ پۈتۈلگەنلەر بويىچە ئىش كۆر.

سام يېقىن كېلىپ قارىسا، قۇلۇپقا سىپسىلىق پولات لەۋھە بېكىتىلگەنىكەن. لەۋھەگە مۇنۇ خەت پۈتۈلگەن: «قولۇڭغا بىر چاڭگال توپا ئېلىپ، قۇلۇپقا چاچ، دەرۋازا ئېچىلىدۇ.»

سام شۇنداق قىلدى، دەرۋازا ئېچىلدى. ئىچكىرى كىرىپ قارىسا، بۇ يەردە ئالتۇن، گۆھەر، مەرۋايىت، زەبەرجەد، زۇمرەت قاتارلىق ئېسىل تاشلار نەقىش قىلىنغان دۇبۇلغا، قىلىچ، خەنجەر، ئوقيا، سۇپەر قاتارلىق قوراللار تولۇپ يېتىپتۇ. ھەممە نەرسە تىلسىم قىلىنغان. ئەمما تىلسىمنى قانداق يېشىش كېرەك؟ خەزىنىنى قانداق چىقىرىش لازىم. شۇ ئاردا بىر لەۋھەگە سامنىڭ كۆزى چۈشتى. لەۋھەگە مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان:

«بۇ لەۋھەدە يېزىلغان ئىسمىنى بىر ئۇچۇم توپىغا ئوقۇپ سۈپ قىل، ئاندىن توپىنى تىلسىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا چاچ، شۇ چاغدا تىلسىم يېشىلىپ، خەزىنىنى ئېلىش ئاسان بولىدۇ. ئەمما بۇ لەۋھەنى قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما، تولا يەردە كارغا كېلىدۇ...»

ئەلقىسسە، سام ھېلىقى پەرى پەيكەرنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆز جايىغا راۋان بولدى.

بۇ چاغدا كارۋانلار دەل-دەرەخ، ئوتلاق، چىمەن، دەريالار قايتا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ھەيران قېلىشتى: «مۇشۇ سائەتتە ئاشۇ دىۋىنى كىم ئۆلتۈرگەندۇ؟ ئالدىمىزدا بۇ نەرسىلەر يەنە پەيدا بولدى، ئۇنداق بولمىغاندا، تاغ، دەريا، باغۇ بوستان، دەل-دەرەخنىڭ كۆرۈنۈشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى...»

شۇ ئەسنادا سودىگەرلەرنىڭ پېشىۋاسى سورىدى:

— مېنىڭ جانجىگەر پەرزەنتىم نەگە كەتكەندۇ؟

شۇ گەپ بىلەن خوجا رەشىد ئىككى غۇلامىنى ئەگەشتۈرۈپ، سامنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. بىرمۇنچە يول يۈرۈپ بىر دارا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن سامنىڭ ماڭغان ئىزىنى كۆردى. شۇ ئىز بىلەن ماڭا-ماڭا ئاخىرىدا كۆھقاپ تېغىدەك يوغان بىر دىۋىنىڭ ئۆلۈكى ياتقان يەرگە كېلىپ قالدى. خوجا رەشىد بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ ئەسنادا يىراقتىن سام كۆرۈندى. ئۇ ئۆزى پىيادە مېڭىپ ماھى پەيكەر قىزنى ئېتىغا مىندۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئەلقىسسە، سام تاغنىڭ ئىچىدىن چىقىپ بىر ياشانغان كىشى بىلەن ئىككى غۇلام تۇرغان يەرگە يېقىن كېلىپ سالام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەردى. خوجا رەشىد سامنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ئەھۋال سورىدى. پالۋان كۆرگەن-بىلگەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى، پەرىزاتنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھېلىقى تىلسىم ئىچىدىكى خەزىنىلەرنى بىر-بىر سۆزلەپ بەردى. خوجا رەشىد بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال تۆگە، قېچىرلارنى ئەكەلدۈرۈپ، بۇ تىلسىمدىن ئۈچ مىڭ تۆگە ۋە بەش مىڭ قېچىرغا لازىملىق ئوبدان نەرسىلەرنى يۈكلەپ، قالغان مال-خەزىنىلەرنى ئۆز ئورنىدا سەرەمجانلاشتۇرۇپ، يېنىپ كەلدى. ئاندىن مەنۇچېھرگە مۇنۇ مەزمۇندا نامە يازدى: «ئوغلۇم ئىران زېمىنىدىن ئىزدەپ كېلىپ، پالانى جايدا مەن بىلەن تېپىشتى. ئۇ يەردە تىلسىم بار ئىكەن، ئۇنى بىرياقلىق قىلدى. تىلسىمغا قارايدىغان دىۋىنى ئۆلتۈردى. شاھىنىڭ بويىغا يەتكەن پەرىزاتتەك قىزى ئاشۇ دىۋىنىڭ قولىدا بەنت قىلىنغانىكەن، ئۇنى خالاس قىلدى. ئۇ مەلىكە ھازىر مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئىنشائاللا يېقىن ئارىدا پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارغايمىز...»

ئەلقىسسە، بۇ نامە مەنۇچېھرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن باشتىن-ئاياغ ئوقۇپ چىقىپ، جاۋاب نامە پۈتۈشكە پەرمان قىلدى. جاۋاب خەتتە «شاھى جاھاندىن خوجا رەشىدكە، ۋە ئۇنىڭ ئوغلىغا دۇئا ۋە سالام. پاتىراق كېلىڭلار. سىلەرگە تىرىكلىكىنىڭ نىشانىسى ئۈچۈن ھەشمەتلىك تون، كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر ئەۋەتىلدى» دەپ يېزىلغانىدى. شاھ يەنە ھەرقايسى ئۆتەڭ، مەنزىللەردە خوجا رەشىد بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا چاچقۇ قىلىش ئۈچۈن بىر مۇنچە نەرسىلەر يوللىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي شاھتىن خوجا رەشىدكە جاۋابەن خەت كەلدى. بۇلار مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تولىمۇ خۇرسەن بولۇشتى. پەرىزات ئۈچۈن گۆللەر تاپشۇرۇلدى. بۇلار بۇ يەردىن يولغا چىقىپ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كېلىشتى.

## سامنىڭ مەنۇچېھر ھۇزۇرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ئىشىتىلگەندىن كېيىن شاھنىڭ پەرمانى بىلەن چوڭ-كىچىك يۇرت كاتتىلىرى، ئاكابىر-ئەشرەپلەر، ئاتاقلىق زاتلار شەھەردىن ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، تامامى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن شاھنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ كېلىشتى.

خوجا رەشىد سامغا «ھۇماي» دەپ ئات قويغانىدى. بۇ ئىككىيلەن شاھنىڭ دەرگاھىغا كىرىپ، «دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلىشتى. سالام-تەھىيەت ئاداسىدىن كېيىن شاھ پالۋاننىڭ قەددى-قامىتىگە سەپسېلىپ ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە سەلتەنەت تەختىنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرۇشقا رۇخسەت بەردى. ھۇمايىمۇ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، شۇ جايدا ئولتۇردى.

مەنۇچىھر سامدىن سوئاللار سوردى. سام مەمنۇنىيەت بىلەن جاۋاب بەردى. ئاندىن كوزىلاردا ساپ مەي كەلتۈرۈلۈپ، پىيالىلەر نۆۋەتمۇ نۆۋەت ئايلىنىشقا باشلىدى. شاھ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، سامغا مەي ئىچۈرەتتى، ھۇماي خۇش كەيىپ بولدى. ئۇ مەست بولغانسىرى شاھ سىناش ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن سوئال بىرەتتى. سام ھوشيارلىق بىلەن جاۋاب بىرەتتى. شاھ ئۇنىڭ ئىلمۇ ئەدەب، ھەربىي ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆردى. نەزمە:

كۆرۈپ سامنى شاھ ئاراستە،
جەھان پەھلىۋان لەئىب پىراستە.
قەۋى ھەيكەلى مىسلى شىرى ژەيان،
دىسە ھەرنە ئانىڭ ياخشى جەۋان.
ئەلقىسسە، جاھان شاھى ئەمىرلەر،

يۇرت كاتتىلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنى يىغىپ سوردى:

— بىر چوڭ ئۆي نەرسە-كېرەكلىرىنى خوجارەشىدىنىڭ ئوغلىغا بەرسەم، نىمە دەيسىلەر؟

بارچە بىردەك جاۋاب بىردىشتى:

— دەرۋەقە مۇنداق باتۇر يىگىتنى ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. ئۇ ھەممە ئىشلاردا مۇكەممەل. مەلىكىلەر خىزمىتىدە بولسا ئەرزىيدۇ. بىزنىڭ دىياردا بۇ يىگىت بىلەن پەنجىمۇ پەنجە ئېلىشالايدىغان ھېچكىم يوق. ھىلىقى جەمشىد تىلسىمغا قارايدىغان دىۋە بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن جاھاندا ھېچكىم چىقمىغانىدى. خۇداۋەندى ئالەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن پالۋان ئۇنى ئۆلتۈردى. جەمشىد تىلسىمىنى ئۇشاتتى. دىۋىنىڭ قولىغا چۈشكەن شاھنىڭ قىزىنى خالاس قىلدى.

ئەلقىسسە، ھۇماي چۈشىدىغان كاتتا ئۆينى بېزەتتۈردى. ھەشەمەتلىك تون، كىيىم-كېچەكلەر بىلەن بەختىيار قىلدى ۋە ئارغىماق ئاتلار، كېنىزەك، خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپ يولغا سالدى. پادىشاھنىڭ خىزمىتىدىكى لەشكەرلەر پالۋاننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن شۇ سارايغا ئەكىلىپ قويدى.

شىرىن سۆخەن راۋىيلار شۇنداق خەۋەر بىرىدۇكى، پەرىزات دىۋىنىڭ بەندىدىن خالاس بولۇپ، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە كەلدى، ئاندىن پەردىوختىنىڭ قېشىغا باردى. پەردىوخت پەرىزاتنى كۆرۈش بىلەنلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

— كىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدىڭ؟ — دەپ سوردى پەردىوخت.

— مىنى ئېلىپ قاچقان دىۋە بەدقىياپەت مەخلۇق ئىدى. ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەنلا كىشىنىڭ كۆڭلى ئاينىيدۇ، پۈتۈنلەي كەيپى كېتىدۇ. بىر مەھەل ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئادەمنىڭ ھاياتىدا بىر ئۆمۈر مەزە قالمايدۇ. ئۇ دىۋىنىڭ گۆمبەزدەك ئاجايىپ يوغان بېشى بار. يۈزى قازاننىڭ رەڭگىدەك قارا، بۇرنى تۆگمەننىڭ نورىسىدەك، ھەربىر تۆكى مىسالى نەيزە، قولىقى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدۇ، چىشلىرى توڭگۇزنىڭ چىشىدەك، لېكىن ئۇنىڭدىن چوڭ. ئۇنىڭ بەتقىياپەتلىكىنى بىر-بىر ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مەن شۇ دىۋىنىڭ قولىغا گىرىپتار بولغانىدىم. ئۇ ھەر كۈنى مەندىن بەھرە ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن بىر يىل مۆھلەت بېرىشنى سورايتتىم. ئەلقىسسە، بىر يىلمۇ تامام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بولدى. يەنە تەلەپ قىلدى. مەن رەت قىلسام، قامچا بىلەن ئۇراتتى. ئىككى قولۇمنى چېچىم بىلەن چىرماپ زۇمرەت تەختنىڭ پايىسىغا مەھكەم تېڭىۋەتتى، دىۋە تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ، تېخى بىر سائەتمۇ ئۆتمىگەنىدى، بىردىن كۆچلۈك بەدەن، شىر سۈپەت، قەددى-قامىتى كېلىشكەن بىر زىبا يىگىت تاغدەك ئېگىز ئاتقا مىنگەن هالدا باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى-دە، مەن بار يەرگە كېلىپ سورىدى:

— سەن كىم، نام-نەسەبىڭ قانداق، كىمنىڭ ئەۋلادى سەن، نېچۈك بۇ يەرگە چۈشتۈڭ؟

يىگىتكە كۆزۈم چۈشكەندە ئىچىمدە: «ئاپلا، بۇنىڭ كەلگىنىدىن لەنىتى دىۋە ۋاقىپ بولسا ئۇنى يەم قىلماي قالمايدۇ...» مەن يىگىتكە جاۋاب بەردىم:

— مېنىڭ نامۇ نىشانىمنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ بۇ يەردىن تېزرەك كەت، ئۆزۈڭنى دەرهال ياقىغا ئال. بۇ يەر دىۋىنىڭ ماكانى، ئۇ كەلسە سېنى تىرىك قويمايدۇ.

ئۇ كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— بۇ يەردە نەچچە دىۋە بار؟

— نەچچەۋۇ نەچچە ئەمەس، پەقەت بىرلا دىۋە بار. بۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىڭ بار؟ — جاۋاب بەردىم مەن، — ئەگەر سەندە يۈز جان بولسىمۇ سالامەت قۇتۇلالمايسەن.

— پەرىدۇخت ھەققى، مەن دىۋە بىلەن جەڭ قىلىمەن، — دەپ قەسەم قىلدى.

— قايسى پەرىدۇختنى دەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھەقىقىي پەرىدۇختنى دەۋاتىمەن.

— پەرىدۇختنى سەن قانداق بىلىسەن؟

بۇ سۆزنى دېيىشىم بىلەن يىگىت سوغۇق بىر ئاھ تارتىپ، دەككە-دۈككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نەزمە:

بولۇپمەن بەسى ۋالەۋۇ زار ئاڭا،
كۆيۈپ ئىشق ئوتىدا ھەر بار ئاڭا.

— ئەي ئاي يۈزلۈك، مەن پەرىدۇختنىڭ زۇلپى كەمەندىنى چۈشۈمدە كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بىقارار بولغانمەن. بىلمەسمەنكى، ئۇ ئادەممۇ، يا پەرىمۇ ياكى جەننەتنىڭ ھۆرىمۇ؟ مەن خوجا رەشىد سودىگەرنىڭ ئوغلىدۇرمەن، ئاتام بۇ دەشت ئىچىدە كارۋان چۈشكەن يەردە قالدى، — دېدى يىگىت.

مەن دېدىم:

— ئەي پالۋان يىگىت، مېنى دىۋىنىڭ بەندىدىن خالاس قىلىپ، خوجا رەشىدنىڭ قېشىغا ئېلىپ بار، ئۇ ئادەم مېنى ئاتا، ئانام ۋە ئىنگىچەم قېشىغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

بۇ سۆزدىن كېيىن پەرىدۇختنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، ئورنىدىن قوپتى، پەرىزاتمۇ تۇرۇپ، بۇ ئىككىيلەن باغنىڭ ئىچىگە كىرىشتى، بەزمە قۇرۇلدى. گۈليۈزلۈك ساقىيلار مەي پىيالىلىرىنى قولمۇ قول ئايلاندۇرۇپ تۇردى. رەڭگارەڭ گۈلزارلىق ئىچىدە خۇش ئاۋاز ناخشىچىلار ماھىر چالغۇچىلارغا جور بولۇپ، ناۋا كۈيلەشكە باشلىدى. پىيالىلەر نەچچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن ھەممە خۇش كەيپ بولۇشتى، شۇ ئەسنادا پەرىدۇخت ھەمشىرىسى پەرىزاتتىن سورىدى:

— سېنى دىۋە قولىدىن خالاس

قىلغان ھېلىقى يىگىت قېنى؟ ھازىر ئەھۋالى قانداق؟ ئۇنى بىر كۆرۈش لازىم ئىكەن.

— شاھ خىزمىتىگە كەتكەنىدى، — دەپ جاۋاب بەردى پەرىزات، — شۇ تاپتا مۇشۇ تەرەپ بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندۇر.

ھەر ئىككىلىسى تەكچە ئۈستىگە چىقىپ، دېرىزىدىن قاراپ تۇرۇشقانىدى. ھايال ئۆتمەي جاھان پالۋان ئۆز ھەمراھلىرى ۋە پادىشاھ قوشقان نۆكەرلەر بىلەن ياندى.

پەرىدوختنىڭ نەزەرى جاھان پالۋانغا چۈشۈشى بىلەنلا ئاشىق شەيدا بولدى. ئەمما ئىشقىنى كۆڭلىدە پىنھان تۇتاتتى.

سام مەنزەر ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يالت قىلىپ قارىغانىدى، خۇددى مەشرىق ئۇپۇقىدىن قۇياش يۈز كۆرسەتكەندەك پەرى پەيكەر دېرىزىدىن باش چىقىرىپ تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرۈش بىلەنلا بىھوش بولۇپ، ئاتتىن يىقىلىشقا تاس قالدى، ئەمما مەردانىلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. خوجا رەشىدنىڭ يېنىدا بولۇشى ئۇنىڭغا كۈچ - مەدەت بولدى.

پەرىدوختمۇ سامغا ئۇنىڭدىن زىيادىرەك ئاشۇپتە بىقارار بولغانىدى. پەرىزات «ئەھۋالىڭنى ماڭا بايان قىل» دەپ ھەرقانچە قىستىغان بىلەنمۇ پەرىدوخت ھېچ نەرسە ئىزھار قىلمايتتى.

ئاشىقدۇركى، يار قاچان قىلماغاي نەزەر،
ئەي خوجا، دەرد يوقكى، ۋەگەرنە تەبىب بار.

نەچچە، كۈن مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى. شاھ ئۇۋغا چىقىشنى خالاپ قالدى. لەشكەرلەرگە جاكار قىلىندى. ئىككى ئايلىق ئوۋ ئۈچۈن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا، شىكار مەيدانىغا چېدىر - بارگاھلارنى تىككىشكە بۇيرۇق بېرىلدى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن ئەتىسى شاھ ئاتقا مىنىپ تامام دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چېدىر - بارگاھقا ئورۇنلاشتى، لەشكەرلەر يىغىلىپ بولغۇچە يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتتى.

پەرىدوخت شەھەر تېشىدىكى ئۆزىنىڭ كۆڭۈلگە راھەت بېغىشلايدىغان خۇش ھاۋا چار بېغىدا تۇراتتى. ئۇمۇ ئىشق سەۋداسىنى يېڭىش ئۈچۈن خاس ھەرەم ئۆيىدىن چىقىپ، خىزمەتكارلىرى بىلەن بىللە تاغ تەرەپكە راۋان بولدى.

بۇ تەرەپتىن شاھ ئوۋنى باشلىۋەتتى. مۇلازىملىرىغا: «ھۇمايىغا خەۋەر قىلىڭلار!» دەپ پەرمان قىلدى. سام ئوۋدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىراشلىق بىلەن جابدۇنۇپ، شاھ خىزمىتىگە راۋان بولدى. ئۇ يولدا كېلىۋاتاتتى، بىردىن كالتەكچىلەر ئۇچرىدى. ئۇلار: «يولدىن يىراق بول!» دەپ ھەتتا ئۇچار قۇشلارنىڭ ئۇچۇشىغىمۇ يول بەرمەيتتى. ھۇماينى كۆرۈپ، يېقىن كەلتۈرمەسلىككە ھەرىكەت قىلدى. سام ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ، بىر كونا تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالدى - دە، خەنجىرى بىلەن ئالدىراش تامنى تېشىپ، تۆشۈكتىن قاراپ تۇردى.

يولدىن ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئۆتتى، بۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى يۈز ئىنىكئانىلار رەڭگىما رەڭ مەپە - ھارۋىلار بىلەن ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۆت بەش يۈز ساھىبجامال، سەرۋ بويلۇق مەھبۇبلار غاز بويۇن مەي ئىندىشلىرى

بىلەن چىنە-پىيالىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، يولغا خۇش بۇي مۇشك-ئەنبەر، زەئپىرانلارنى چېچىپ ئۆتۈشتى. شۇ ئارىدا قىممەتباھا ئالتۇن، مەرۋايىت ئورنىتىلغان بىر مەپىدە ئولتۇرغان ئىككى ئاچا-سىڭىل پەرىدوخت بىلەن پەرىزات ئۆتۈپ قالدى. بۇ ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن سۆزلىشىپ، تاغ كەكلىكىدەك چاڭىلداپ كۈلۈشەتتى.

شۇندىن كېيىن جاھان پالۋان شاھ خىزمىتىگە راۋان بولدى. بىر يەردىن پەيدا بولۇپ، شاھقا كۆرۈنۈش قىلدى. بىردەمدىن كېيىن سام پەرىدوختىنىڭ باشقا يول بىلەن ماڭغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-دە، بىر باھانە تېپىش ئۈچۈن قورسىقىنى سىلاپ، چىرايىنى ئۆزگەرتتى، شارتىلا ئېتىنى توختاتتى.

— ئەھۋالىڭ قالداق؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى پالۋان.

شاھنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ يەردە دەرھال چېدىر-بارگاھ تىكىلدى. شاھ پالۋانغا:

— شۇ يەردە مەلۇم ۋاقىت ئارام ئال، ئاغرىقىڭ ساقايغاندىن كېيىن ئوۋغا چىقارسەن، — دېدى.

سام شۇ يەردە قونۇپ قالدى. كەچ كىرىش بىلەنلا ساپ قىزىل مەي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. بەزمە تەييارلىقى پۈتتى. سام پادىشاھ قوشۇپ بەرگەن بىر توپ كىشىلەرگە مەي ئىچۈرۈپ مەست قىلىۋەتتى. ئىشق ئوتى پالۋاننى بارغانسېرى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ئارام بەرمىگەچكە، ئورنىدىن دەس قوپۇپ، كەمەرىنى باغلىدى، مۇكەممەل قوراللىنىپ، ئوۋ ئارقىنىنى ھالقا-ھالقا كەمەن قىلدى. ئېتىغا مىنىپ، مۇناردەك نەيزىسىنى قولىغا ئالدى. شۇ يوسۇندا پەرىدوختىنىڭ بېغى تامان راۋان بولدى.

تۈننىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۆتكەندى. باغقا يېقىن كېلىپ قارىسا، تامنىڭ ئەتراپىدىكى خەندەككە لىق سۇ توشقۇزۇلغان. تامنىڭ ئۈستىدە ساقچىلار كۆپ ئىدى. ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ناغرا قويۇپ چالاتتى. پات-پات «ساق بول!» دەپ تووۋلايتتى.

ئەلقىسسە، سام ئاستا خەندەك لېۋى بىلەن باغ ئەتراپىنى چۆرۈلۈپ، تار بىر يەردىن يول تاپتى-دە، باغنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئۇرۇندى. جىسەكچىلەر ھەممە يەردە ھازىر ئىدى. پالۋان بىر يەرگە يەتكەندە پاسىبانلار كۆرۈپ قېلىپ، «بۇ كىم؟» دەپ ھەيران قېلىشتى.

سام ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ، خەندەكتىن ئاتلىتىپ ئۆتتى-دە، باغنىڭ تۈۋىگە بېرىۋالدى. ھېلىقى كەمەن قىلىنغان ئارقاننى تامنىڭ ئۈستىگە ئاتقاندى، بىر چوققىغا ئىلىنىشىپ قالدى. ئۇ ھەش-پەش دېگۈچە يامىشىپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. بىر پاسىبان ناغرىسىنى چالاي دېگەندى، پالۋان دەرھال ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بېشىنى ئۈزدى-دە، تېنى بىلەن بېشىنى خەندەككە تاشلىدى. ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ناغرا ئۇرۇشقا باشلىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇيقۇدا ياتقان ساقچىلارنىڭ بەزىسى ئويغىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. پالۋان تامدىن چۈشۈپ، باغنىڭ ئىچىگە كىردى. قارىسا،

ھەيھات، ھەممەيەر بوستان، چىمەن. نەزمە:

ئاپ جارىيۇ سەبزە رەڭگارەڭ،
بۇلبۇلۇ قۇمر ئېردى خۇش ئاھەڭ.
گۇللار ئاچىلمىش ئېردى باغ ئىچرە،
مەھ جەبىنلەر ئىدى فەراغ ئىچرە.
باغنىڭ ھەر گۇشەسىدە يۈز رەئنا،
بادە نۇش ئەتكەلى تۈزۈپ ئىدى جاھ.

ئەلقىسسە، پالۋان باغنى تاماشا ئەيلەپ، ئەتراپىقا كۆز تىكەتتى: ھەر تۈپ دەرەختىڭ تۈۋىدە بىر سۇيا، ھەر سۇيىنىڭ ئەتراپىدا رەڭگارەڭ غۇنچە-گۈل. بۇ سۇيىنىڭ ئۈستىدە ئايجامال مەھبۇبلار قىزىل مەيدىن مەست بولۇپ سولاشقان گۈلدەك يېتىشاتتى. بەزىسى پەردە يېپىنغان، بەزىسى يالىڭاچ.

پالۋان بۇ ئالما-ئانارزارلىقتىن ئۆتۈپ قەسىرگە يېتىپ باردى. قەسىرنىڭ چوققىسى پەلەك ئايۋىنىدىن ئاشقان، بوستان سارايلار ئابنوس دەرىخىدىن ياسالغان بولۇپ، ئىمارەت لايىھىلىگۈچىلەر قەسىرنىڭ پېشايۋانلىرىغا قۇياشتەك دۈگىلەك، كېچىنى كۈندۈز قىلىدىغان پارلاق گۆھەرلەرنى نەقىش قىلغانىكى، توققۇز ئاسمان گۈمبىزى بۇنى كۆرگەندە خىجىل بولىدۇ.

ئەلقىسسە، جاھان پالۋان ھەيرەتتە قېلىپ تۇرغانىدى، شۇ ئەسنادا ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن قەسىردىن بىر ھۆر سۈپەت پەرى پەيكەر چىقىپ، سامنى كۆردى-دە، سورىدى:

— سەن كىم، بۇ شاھنىڭ بېغىغا كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىردىڭ؟

— مەن بىر مۇساپىرمەن، — دېدى پالۋان، — يولدىن ئېزىپ بۇ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتىمەن.

پەرى يۈزلۈك يېقىن كېلىپ قارىسا، بۇ باشتىن-ئاياغ ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن قوراللانغان غەيۇر بىر پالۋان ئىكەن.

— بۇ باغقا نېمىشقا تارتىنماستىن كىردىڭ؟ — دېدى قىز، — پاسىبانلار كۆرۈپ قالسا، سېنى ھالاك قىلىدۇ. دەرھال ئۆزۈڭنى چەتكە ئال، ئۇنداق بولمىغاندا بىر بالاغا گىرىپتار بولىسەن.

ئاڭغىچە مۇشۇ گەپ-سۆزنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىرى پەرىدوختقا خەۋەر قىلدى. پەرىدوخت شۇ زامات لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ: «باغقا ئەيمەنمەستىن كىرگەن ئاشۇ ئادەمنى تۇتۇپ كىرىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. لەشكەرلەر بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، ھەرقايسىلىرى بىر تەرەپكە راۋان بولۇشتى.

ھېلىقى پالۋان بىلەن سۆزلەشكەن قىز بۇ باغنىڭ باشقۇرغۇچىسىنىڭ قىزى ئىدى. ئىسمى ماھرۇخسار بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى دەرەج ئىدى. دەرەج بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئاپلا، بۇ خەۋەرنى پەرىدوخت ئاڭلاپ قاپتۇ، ئەمدى ماڭا كايىيدۇ، — دەپ قورقۇنچىدىن تېز يۈگۈرۈپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا، شۇنداق مەھكەم دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە پەرىدوختنىڭ پالۋانلىرىمۇ يېتىپ كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى. بۇ چاغدا ماھرۇخسار بىر تەرەپكە، سام يەنە بىر تەرەپكە كېتىپ قالغانىدى.

ئەلقىسسە، پەرىدوختنىڭ پالۋانلىرى دەرۋازىۋەندىن:

www.uyghurkitap.com


— بۇ يەردىن كىم چىقتى؟ — دەپ سوراشتى.

— ماھىرۇخسار بىلەن بىر پالۋان چىقىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى دەرۋازىۋەن.

تامام پالۋانلار كەينىگە قايتىشتى. جاھان پالۋان قەلئەنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، خەندەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرغانىدى. بۇ باغقا كىرگەن چاغدا ئىتنى شۇ يەردە قويۇپ قويغانىدى. ئۇ پەرىدوختنىڭ مۇھەببىتىدىن بىئارام بولۇپ، سەمەن ئىتىغا مىندى-دە، نەيزىسىنى قولغا ئېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. قارىسا، دەرۋازا ئوچۇق تۇرۇپتۇ. باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىردەم يۈردى. باغنىڭ ئىچى خىلۋەت ئىدى. ھەممە بۇلارنى ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

سەھەر ۋاقتى بولغاندا، يۈزىگە نىقاب تارتقان بىرى ئەرەب نەسلىلىك چاپقۇر ئاتقا مىنگەن ھالدا قولىغا نەيزىسىنى ئېلىپ يۈزمۇيۈز چىقىپ كەلدى. بۇ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ:

— ئەي ئادەم، شاھنىڭ بېغىغا رۇخسەتسىز نېمىشقا كىردىڭ؟ ھازىر، سىنى قوشۇن باشلىقلىرى ئالدىغا ئېلىپ بارسام، نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ — دېدى.

— ئەي ئالىيجاناب كىشى، كەرەم قىلىپ، مېنى كەچۈرگىن، مەن بۇ باغقا بىلمەي كىرىپ قاپتىمەن، — دېدى پالۋان.

— سەن قەيەرگە كىرسەڭ، بىلمەي كىرىپ قالامسەن، — دېدى نىقابلىق كىشى، — لېكىن سەن بۇ باغقا كىرىپ، دەرەجىنىڭ قىزى ماھىرۇخسار بىلەن چىقىپ كەتكەن ئادەم ئەمەسمۇ، ھازىر لەشكەرلەر سېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. سەن تېخىچە بۇ يەردە ئىكەنسەن.

— ئۇ ئادەم مەن ئەمەس، — دېدى پالۋان، — بۇ يەرگە ھازىر كېلىشىم. تېخى شەھەرگە بارغىنىم يوق.

پەرىدوخت: «پەرىزاتنى خالاس قىلغان كىشى سەن بولىسەن» دەپ، سىناق ئۈچۈن ئىككى قامچا ئۇردى. پالۋاننىڭ غەزىپى كېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ باغدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، بۇ نىقابلىق كىشى نەيزە بىلەن پالۋاننى توستى. پالۋان ئۇنىڭ نەيزىسىنى قايتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەيزىسىنىڭ سېپى بىلەن بىر تۈرتكەنىدى، قىز ئېتىدىن يىقىلدى. پالۋان ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە مىنىدى-دە، خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماقچى بولدى. قىز يۈزىدىن نىقابىنى ئېچىپ:

— ئەي پالۋان، مېنى ئۆلتۈرەمسەن؟ — دېدى.

— پالۋان ئۆز مەھبۇبىسىنى كۆرۈپ بىر ئاھ تارتتى-دە، بۇ گۈزەل يارىغا تەڭلىگەن خەنجەرنى ئۆزىگە سالماقچى بولدى. پەرىدوخت دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، خەنجەرنى يۇلۇپ ئالدى-دە، يىراققا چۆرۈۋەتتى.

— نېمىشقا قامچا بىلەن ئۇرسەن، نېمە ئۈچۈن ئىسمىڭنى ئېيتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى پالۋان، — مۇبادا تونۇماي، سېنى ھالاك قىلغان بولسام، تولىمۇ قاباھەتلىك ئىش بولماسمىدى؟ خۇدايىمتائالا سېنى بىر ساقلىدى. مېنىمۇ داغۇ ھەسرەتكە قويمىدى.

شۇ گەپ ـ سۆز بىلەن تۇرغاندا يىـ
راقتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. چاڭ ـ
توزان ئىچىدىن ئۇردا لەشكەرلىرى ناما ـ
يان بولدى. «پەرىدوختىنىڭ قېشىغا كېـ
لىۋاتقان ئۇردا لەشكەرلىرى بولۇپ قالـ
مىسۇن يەنە؟!» دەپ ئويلاشتى.

پالۋان سام ئەتراپقا كۆز يۈگۈرـ
تۈپ، باغنىڭ نېرىسىدا بىر بۇتخانا بارـ
لىقىنى كۆردى ـ دە، ئىككىيلەن ئاشۇ بۇتـ
خانا تەرەپكە راۋان بولۇشتى. بۇلار يېـ
تىپ كەلگەندىن كېيىن بۇتخانىنىڭ ئۆگـ
زىسىگە چىقىپ، ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ
تۇرۇشتى. لەشكەر يېقىن كەلگەندە، سام
قەلۋاد بىلەن قەلۋەشنىڭ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ خۇشال بولدى، بۇلار خاۋەر شەهـ
رىدىن پالۋاننى ئىزدەپ كەلگەنىدى.
سام ئوقياسىدىن قەلۋاد بىلەن قەلۋەش
تەرەپكە بىر پاي ئوق راۋان قىلدى.
ئوق يەرگە چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى قەلـ
ۋادقا ئېلىپ كېلىشتى. قەلۋاد ئوقنى تو ـ
نۇغاندىن كېيىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ،
پالۋاننىڭ بۇتخانا ئۈستىدە تۇرغانلىـ
قىنى كۆردى ـ دە، قەلۋەش بىلەن ئاتلىرـ
نى چاپتۇرۇپ بۇتخانا ئالدىغا كېلىشتى.
بۇ يەردە ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، سالام ـ تەـ
زىم رەسمىيىتىنى ئادا قىلىشتى. شادلىق
دۇمباقلىرى چېلىندى. پالۋان سام
بۇتخانا ئۈستىدىن چۈشكەندىن كېيىن بۇ
يەردە شادىيانە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ
شاهانە بەزمىدە خېلى ۋاقىتقىچە ئەيش ـ
ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇشتى. بۇنى تەسـ
ۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. لېكىن
گۈلچېهرە پەرىدوخت سامغا مۇنداق تەكـ
لىپ قويدى:

— سېنى ئاتام تازا تونۇمايدۇ،
ئاتامغا نامە يېزىپ، تامام ئەهۋالنى بايان
قىل، مېنى سوراتقىن. ئەگەر خۇش كەلـ
سە، نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. ئەگەر
خۇش كەلمىسە، مەن يەنىلا قېشىڭدا تۇـ
رىۋېرىمەن. سەن خاۋەر شەهرىنىڭ پادىـ
شاهىسەن. شۇ يەرگە بارايلى. شۇ شەهەرـ
نىڭ قائىدىسى بويىچە توي رەسمىيىتىنى
بەجا كەلتۈرەيلى. ئەگەر ئۇنداق بولمىـ
غاندا، سەن بىلەن ماڭسا بولغان بەتنام
خەلق ئارىسىدىن كەتمەيدۇ...

شۇندىن كېيىن چىن شەهىرىدىن
سۈزۈك شاراب كەلتۈرۈلۈپ، مەي پىيالـ
لىلىرى خۇشلۇق بىلەن ئايلاندۇرۇلۇشقا
باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنمۇ ئۆتـ
تى. كېچىنى يەنە شارابخورلۇق بىلەن ئۆتـ
كۈزدى. جاهان پالۋان نامە يېزىشقا بۇيـ
رۇق قىلدى. مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:
«ئەي يۈقىرى مەرتىۋىلىك شاه، مېنىڭ
ئىسمىم سامدۇر، پارلاق نەسەبلىكمەن. هاـ
زىر پەرىدوخت مېنىڭ قېشىمدا تۇرىۋاتىـ
دۇ. بۇنى ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ساـ
ڭا مەلۇم قىلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ كۆـ
ڭۈش بەدەننى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن
توي قىلىپ، مېنىڭ ئەقدى نىكاهىمغا
كىرگۈزسەڭ. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرغىچە ساـ
ڭا خىزمەتكار بولىمەن. ئەگەر قوبۇل
قىلمىساڭ، مېنىڭ جاهان پالۋان سام
ئىكەنىمنى پەرمان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قوي.

ۋەگەرنە بىهەققى خۇدايى جەهان،
ئېرۇر ئول شەهەنشاه، بىز بەندگان.
ياراتىپ دۇرەخشەندە كۈن بىرلە ماه،
ياراتىپ ئەزىزى مەنۇچېهر شاه.

.................................

.................................

هەقتائالا داناتۇر. مەن جەمشىد ئەۋـ

www.uyghurkitap.com



لادى، نەرىمان گۆھەرىدە بولىمەن. مەن بۇ ماچىن شەھىرى خوتەندە بىر ئىش قىلايكى، ئالەمدىن مەندىن يادىكار قالسۇن...»

سام خەتكە تامغا باسقاندىن كېيىن، ئۇنى تېز يۈرەر بىر چاپارمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، خاقاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. نامە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چىن خاقانى كاتىبىنى چاقىرتىپ، باشتىن-ئاخىرغىچە ئوقۇتتى. خاقان خەتتە بايان قىلىنغان سۆزلەردىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن ئەلچىگە غەزەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، ئوردىدىكى پالۋانلار، دۆلەت كاتتىلىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەسەللى بەردى:

— ئەي شاھىم، بۇ سام ئىبنى نەرىمان ئىكەن. بىزدە بۇنىڭ بىلەن تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچ يوق. مۇبارەك دۆلىتىڭ ئاماندا بولسۇن، بىز ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ كەلسەكمۇ پەرىدوختنى يەنىلا ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق قولىمىزدىن ئىش كەلمەيدۇ. ئەگەر ئىرانغا ئېلىپ كەتسە، پەرىدوختنى ئىران زېمىنىدىن خاھى سۈلھ بىلەن، خاھى جەڭ بىلەن بولسۇن ئېلىپ كېلەلمەيمىز. بىزنىڭ بېرىدىغان مەسلىھەتىمىز شۇكى، قىزنى ھىيلە بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كېلىۋالايلى. ئۇندىن كېيىن بىر گەپ بولار.

دەرھال نامە پۈتۈلدى. نامە خۇدانىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىپ، جاھان پالۋان بىر قۇر ماختالغاندىن كېيىن مۇنۇلار بايان قىلىنغانىدى: «ئەي يۇقىرى نەسەبلىك سام، ئۇ كۈنى بىز سېنى تونۇماپتۇق. سەن نامۇ نەسەبىڭنى مەلۇم قىلمىدىڭ. مەلۇم قىلغان بولساڭ، خىزمىتىڭنى بەجا كەلتۈرگەن بولاتتۇق. پەرىدوختنى ماڭا بەرسۇن دېيىشىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۆزۈڭنىڭ بۇ دىيارغا كېلىشىڭنىڭ مۇددىئايىڭ شۇ بولسا، بىر پارچە نامە يېزىپ، ئەلچىدىن ئەۋەتكەن بولساڭ، پەرىدوختنى ئىران زېمىنىغا يولغا سېلىپ، خىزمىتىڭدە قويغان بولاتتىم. ھېلىھەم بولسا سۆزۈڭنى قوبۇل قىلدىم، پەرىدوختنى ساڭا بېرىمەن. ھازىرمۇ ۋاقىت ئۆتكەن يوق، بىرقانچە كۈنلۈك پۇرسەت بەرگىن. كىشىلىرىم توي تەييارلىقنى قىلىۋالسۇن. پەرىدوختنى ياخشى سائەت ۋە ياخشى كۈنلەردە پادىشاھلار يوسۇندا ساڭا بەرگەيمەن. ھازىرچە پەرىدوختنى بىزگە ئەۋەتكىن. بىر ئايدىن كېيىن توي ئىشىنى ئادا قىلايلى. بۇ نامىنى قەسەم بىلەن شەرت قىلىپ ئەۋەتتىم...»

بۇ نامە يېتىپ بېرىپ، سام مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن پەرىدوختنى ئالتۇن بىلەن بېزىتىلگەن مەپىگە سېلىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن يولغا سالدى.

پەرىدوخت شاھنىڭ قەسرىگە كەلگەندىن كېيىن پالۋان بىر كۈندە ئىككى قېتىم شاھنىڭ قېشىغا سالامغا كېلىپ تۇردى. بىر ئاي ئۆتتى، ئىككى-ئۈچ ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. پالۋان سەۋر بىلەن كۈتۈپ تۇردى. قارىسا، توينىڭ ھېچقانداق ئىشىغا قەدەم قويمايۋاتىدۇ.

ئاخىر بىر كۈنى پالۋان پادىشاھقا سۆز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— مېنى مەلۇم مۆھلەت بىلەن پەرزەنتلەر قاتارىغا قوشۇپ، بەختىيار قىلىمەن دېگەنىدىڭ، ھازىر ئۈچ-تۆت

ئاي بولۇپ قالدى. تېخىچە ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن. سەن يۇقىرى مەرتىۋىلىك شاھ بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئېھتىياتسىز سۆزلەرنى ئىزھار قىلمىدىم. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماي، پەرىدوختىنى بەرگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى. بۇنداق كېچىكتۈرۈشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەگەر بەرمەيمەن دېسەڭ جاۋابىنى بەر. ئۇ چاغدا پېقىر ئۆز قىلىنۇلۇقىنى قىلىدۇ.

سام قەھرى غەزەپ بىلەن ئۆز سۆزىنى ئاشۇنداق تۈگەتتى.

## چىن خاقانىنىڭ سامنى ئالدىغانلىقى

— سەۋەبى شۇكى، — دەپ جاۋاب بەردى خاقان، — مەن قىزغانلىقىمدىن بەرمىگەنىدىم. ئەمدى ساڭا ئېيتماسلىقنىڭ ئىلاجى يوق، ماڭا ناھايىتى قىيىن بىر ئىش دۈچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مۈشكۈل ئىشنىڭ كىمنىڭ قولىدا ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ ئىش پەقەت سەن شىر يۈرەك پالۋاننىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ ئىش ماڭا ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. بۇ يېقىندا بىر دىيار بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر دەريا بار. دەريا ئىچىدە بىر ئارال بار. بۇ ئارالدا ئون مىڭ دىۋە ماكان تۇتقان. بۇ دىۋىلەرنىڭ باشلىقىنى نەھەڭگال دىۋە دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئاشۇ نەھەڭگالدۇر. بۇ بەتبەخت پەرىدوختقا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، ھەر ئايدا بىر قېتىم كېلىدۇ. ئەگەر پەرىدوختنى كۆرمىسە ھەممىمىزگە ئامان بەرمەيدۇ. نائىلاج پەرىدوختنى ئۇنىڭ قېشىدا قويىمىز. ئۇ ئاخشامدىن سەھەرگىچە دىۋىنىڭ قېشىدا بولىدۇ. لېكىن ئۇنى بىزگە سالامەت تاپشۇرۇپ كېتىدۇ. ئەگەر پەرىدوختنى كۆيۈۋگە بەردۇق دېسەك، ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. نەزمە:

كى دىۋە مەقسەدى ئۇشبۇ بانۇدادۇر،
بۇ بانۇغا زانۇ بەزانۇدادۇر.
ئەگەر لەھزەئى تاپماسا ماھنى،
چېكىپ نالەئى تارتىبان ئاھنى.
كېلىپ خەلقى ئالەمنى ھەيران قىلىپ،
كېتۇر دەشت سەھرانى ۋەيران قىلىپ.
ئىشىتكەچ بۇ سۆزنى يەلى نامدار،
بولۇپ خەشەگىن دېدى: ئەي خاكسار،
ساڭا يوقمۇدۇر ئەقل بىرلە خىرەد،
كى سۆزىگە تۇرماس لەئىن تائەبەد.

— ئەگەر شاھىنىڭ رۇخسىتى بولسا، — دېدى پالۋان، — ئول دىۋىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلاي، تامام ئۇرۇق ئەۋلادىنى قۇرۇتۇپ، بىتچىت قىلىۋېتەيكى، دۇنيادا نامۇ نىشانىنى كىشى بىلمەيدىغان بولسۇن.

قىيامەتكە تەگرۇ بەزى ئىنسۇ جان،
ساراي ئىچرەكى تاپماغاي نام نىشان.
نىشان قالماسۇن بارچە ئەۋلادىدىن،
ئۇرۇغۇ قاياش ھەمدە ئەھفادىدىن.

— قولۇڭدىن مۇنداغ ئىش كەلسە، — دېدى چىن خاقانى، — بارساڭ بار، نەھەڭگال دىۋە بىلەن جەڭ قىل. ئەگەر لەشكەر ياكى خەزىنە لازىم بولسا، قانچە ئالساڭ ئالغىن. ئىشقىلىپ ئاشۇ دىۋ-

نىڭ ئىسمىنى جاھاندىن پاك - پاكىز يوق قىلغىن. ئىنشائاللا سەن شىر يۈرەك پالۋان تۇپەيلى تۇرمۇشۇمدىكى بۇ قىيىنچىلىق يوقالسا ئەجەب ئەمەس. سەندىن باشقا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇدەك مەدەتكارىم يوق.

سام ئىبنى نەرىمان بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

— مەن باراي ۋە ئۇنى ماكانىدىن قوغلاي، — دېدى - دە، سەپ ئارىسىدىن قوپۇپ، ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ، ئۆز بارگاھىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەلۋاد بىلەن قەلۋەش ۋە باشقا لەشكەر باشلىقلىرى بىر يولى ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئۇلار بىرقانچىلىغان مەنزىل - ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر دەرياغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاھان پالۋان بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن توختاپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇ جەرياندا دىۋىنىڭ تۇرغان يېرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى. دىۋە ماكان قىلغان ئارال دەريانىڭ خېلى ئىچكىرىسىدە ئىكەن، جاھان پالۋان بىرقانچىلىغان كېمىنى ئوزۇق بىلەن تولدۇردى. كۆپلىگەن جەسۇر پالۋانلارنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. ئۇلار ئارال تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ، كېچە - كۈندۈز يۈرەتتى.

يۈرۈر ئېردى تىنماي سۇ ئۈزرە رەۋان،
«يۈرۈك تېز يېتەيلى» دېدى پەھلەۋان.

ئەلقىسسە، جاھان پالۋان بۇ ئارالغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن دىۋىلەر دەرھال نەھەڭگالغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— بىر بۆلۈك ئادەملەر سەن بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن كېلىپتۇ. سەردارىنىڭ ئىسمى سام ئىبنى نەرىمان ئىكەن، جەمشىد ئۇرۇقىدىن بولۇپ، غايەت جەسۇر، زەبەردەست ئىكەن.

نەھەڭگال دىۋە بەش يۈز كېمە تەييارلاشقا بۇيرۇق قىلدى. دىۋىلەر بۇ كېمىلەرگە چۈشۈپ، سام بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن راۋان بولدى. بىر ھەپتە يۈرۈپ سامنىڭ لەشكىرىگە يېتىشتى.

بۇ تەرەپتىن پالۋان سام بىلەن دىۋىلەرنىڭ كېمىسىگە كۆز تىككەندى، ھەر بىر كېمىنىڭ ئىچىدە قىرىق - ئەللىك دىۋە بار ئىكەن. سامنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. بۇلار پولات نەيزىلىرىنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇشتى. بۇ لەشكەرلەر دىۋىلەرنىڭ يېقىن كەلگەن ھەربىر كېمىسىنى پارە - پارە قىلىۋېتەتتى، دىۋىلەر پالۋان سامنىڭ زەربىسىدىن قورقۇپ، ئارقىسىغا قاچاتتى. قېچىپ كەلگەن دىۋىلەر نەھەڭگال دىۋىگە ئەھۋالنى بايان قىلاتتى:

— ئەي شاھىم، بۇ ئادەمزاتلار بىلەن جەڭ قىلغۇدەك بىزدە مادار يوق، ئۇلارنىڭ شۇنداق زەبەردەست ئادەملىرى باركى، نەيزە بىلەن كېمىنى بىر زەربە بىلەن ئاغدۇرۇپ، قىرىق - ئەللىكمىزنى سۇغا غەرق قىلىپ ھالاك قىلدى. بىز نائىلاج قېشىڭغا قېچىپ كەلدۇق. بۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ھېچكىم يوقلۇقىنى ئۆزۈڭ ياخشى بىلىسەن. پەقەت سەنلا تاقابىل تۇرالايسەن.

نەھەڭگال دىۋە سام لەشكەرلىرىنىڭ تەرىپىنى ئىشىتىش بىلەنلا چىچىلىپ، ۋارقىراشقا باشلىغانىدى، قېشىغا مىڭغا يېقىن دىۋە يىغىلدى. بۇيرۇق بويىچە بارچە دىۋىلەر تولۇق قوراللىنىپ، كېمىلەرگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. نەھەڭگال دىۋە

ئۆزى يالغۇز بىر كېمىگە ئولتۇردى.

ئازغىنا پۇرسەتتە دېۋىلەرنىڭ كېمىسى پالۋانلارنىڭ كېمىسىگە يېقىنلاشتى، نەھەڭگال دېۋە ئۇدۇل سام تەرەپكە راۋان بولدى. سام ئىبنى نەرىمانمۇ كېمىسىنى دېۋە تەرىپىگە باشقۇردى، شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى كېمە بىر ـ بىرىگە روبىررو بولدى. دېۋىنىڭ كېمىسى يېقىن كېلىش بىلەنلا جاھان پالۋان ئۇنى ئىككى پارە قىلىپ سۇغا چۆكتۈرۈۋەتتى. دەريانىڭ سۈيى دېۋىنىڭ كىندىكىگە كەلدى. پالۋان سام دېۋىنىڭ بېشى بۇلۇتتىن ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قولىغا ئوقياسىنى ئالدى ـ دە، دېۋىنىڭ كۆزىگە قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. دېۋىنىڭ كۆزى كور بولدى. يەنە بىر ئوق ئاتاي دېۋىدى، دېۋە ۋارقىراپ:

—ئەي ئادەمزات ھەرگىز ئاتما! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، تەۋۋا قىل! — دېدى پالۋان، — چىن خاقانىنىڭ ئىسمىنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما، ئۇلار تەرەپكە بارما. بوپتۇ ساڭا ئامانلىق بېرەي.

— نە چىن خاقانىنى، نە پەرىدوختنى بىلمەيمەن، — دەپ قەسەم ئىچتى دېۋە، — بۇ ئىككى ئىسىمنى سەندىن ھازىر ئاڭلاۋاتىمەن. ئۇ قەستەن سېنى ماڭا قارشى جەڭگە ئەۋەتىپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ۋە باشقا پالۋانلىرىنى ساڭا تەڭ قىلمايدۇ. ئۇ كالۋانىڭ سۆزىگە ئالدانما. قېشىمدىن نېرى بول، ماڭا ئازار بەرمە. ئۆز ۋەتىنىڭگە يان.

نەھەڭگال دېۋە سام ئىبنى نەرىماننى دەريانىڭ قىرغىقىغا ئاپىرىپ، قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويدى. بۇ يەردە نەھەڭگال چىن خاقانى توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى سامغا بىر ـ بىر بايان قىلدى:

— مەن بىر دېۋىمەن. ئۇ ئادەم ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، مېنىڭ بىر چىمچىلىقىمغا تەڭ كەلمەيدۇ. ئۇ ئالدىن ئويلانغان مەسلىھەت بىلەن سېنى بۇ جەڭگە ئەۋەتىپتۇ. خۇدا ساڭا يار بولۇپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن زەپەر تاپتىڭ. ئۇنداق بولمىغاندا ئادەم ئەۋلادى جەم بولۇپ، ماڭا نەيزە، تەبەر، خەنجەرلەرنى ئۇرغان بولسا ھەرگىز كار قىلماس ئىدى. سەن ھازىر قايتىپ كېتىۋاتىسەن. ئەگەر ئىختىيار قىلساڭ ياردەم ئۈچۈن قانچىلىك دېۋە لازىم بولسا، مەن بېرەي. مېنى ياردەمگە چاقىرساڭمۇ مەن باراي، ھەرقانداق خىزمىتىڭ بولسا بەجا كەلتۈرەي...

— ساڭا مەن موھتاج ئەمەسمەن، سېنىڭ ياردىمىڭگىمۇ ئېھتىياجىم يوق، — دېدى سام ئىبنى نەرىمان، — ئىنشائاللا ئۆزۈم چىن شەھىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى بەتچىت قىلىپ تاشلايمەن.

پالۋان سام دېۋە بىلەن ۋىدالاشتى. نەھەڭگال نۇرغۇن سوۋغاتلارنى دېۋىلەرگە كۆتۈرتۈپ، سامغا تارتۇق قىلدى.

## چىن خاقانىنىڭ يەنە بىر ھىيلىسى

ئەلقىسسە، جاھان پالۋان نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ چىن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. كەچ بولۇپ، كۈن قارا پەردە ئىچـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گە يوشۇرۇندى. بۇ كېچە چىن خاقانى پالۋان سامنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، يەنە بىر ھىيلە ـ مىكىرلى ئىشقا سېلىشقا كىرىشتى.

تاڭ يورۇپ، قۇياش ئابنۇستەك قارا پەردە ئىچىدىن چىقىپ، شەرق تاغلىرى ئۈستىدىن باش كۆتۈردى. جاھان يورۇدى. سام ئالدىراش ئاتلىنىپ چىن خاقانى ھۇزۇرىغا كېتىۋاتاتتى، شەھەرگە يېقىن قالغاندا، توساتتىن شەھەر كوچىسىدىن يىغا ـ زارە، نالە ـ پىغان ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. سام بىردىن سورىدى:

— بۇ نېمە يىغا ـ زارە، شەھەردە بىرەر توپىلاڭ بولدىمۇ؟

— پادىشاھنىڭ كۆز نۇرى پەرىدوختىنىڭ روھىي قۇشى بۇ كېچە باغى ئېرەمگە پەرۋاز قىلدى، — دەپ جاۋاب بەردى بىرى، — بۇ تاۋۇت ئاشۇ قىزنىڭ تاۋۇتىدۇر.

سام يىراقتا كۆز تىكتى. قارىسا جىمى ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، يۇرت كاتتىلىرى، دۆلەت ئەمەلدارلىرى قارا كىيگەن بولۇپ، تاۋۇت ئالدىدا ئاھ ـ ۋاھ چېكىپ پىيادە كېلىۋاتاتتى. جاھان پالۋان بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئارغىماق ئۈستىدىن ئۆزىنى تاشلاپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا تاۋۇت تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ تاۋۇتنىڭ ياغىچىنى خەلق قولىدىن ئېلىپ، پەرى يۈزلۈكنىڭ دىدارىنى كۆرمەكچى بولۇۋىدى، چىن خاقانى:

— نامەھرەمنىڭ كۆزى چۈشسە بولمايدۇ، — دېدى.

سام ئىبنى نەرىمان ئائىلاج تاۋۇتتىن قولىنى ئارتتى. خالايىقتا ھەمراھ بولۇپ، قەبرىستانلىققا باردى. مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ ھەممە ئۇلۇغلار ۋە پالۋانلار بىلەن ياندى. پالۋان سام ھەممە كىيىملىرىنى ئوتقا يېقىپ، مەجنۇنلارچە تاغ تەرەپكە قاراپ يۈز تۇتتى. قەلۋاد بىلەن قەلۋەش ۋە بارچە لەشكەر توسۇۋالسىمۇ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. سامنىڭ لەشكەرلىرى پەرىشان بولۇپ بارگاھلىرىغا يېنىپ كەتتى. «خۇدادىن بىزگە نېمە ئىشلار كېلەركىن، بۇ كۆك گۈمبەز يەنە قانداق ھىيلىلەرنى كۆرسىتەركىن؟» دېيىشەتتى ئۇلار. نەزمە:

نەلەر كۆرسەتۇر بىزگە بۇ چەرخى دۇن؟
كېلىپ بەختىمىز سەربەسەر ۋاژگۇن.
ئۈمىد ئولكى، بۇ كۈن خۇدايى جەھان،
تەرەھھۇم قىلىپ، ئەيلەگەي شادمان.

ئەلقىسسە، پەرىدوختنى ۋەزىرنىڭ ئۆيىدە پىنھان ساقلاشقانىدى، بىر كېنىزەك ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنى پەرىدوخت دەپ تاۋۇتقا سېلىپ، مۇشۇنداق ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشقا سالغان.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# شېئىرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن سېلىم

مۇھەررىردىن: تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غەرىبىي ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى قاتارلىق نامايەندىلەر بىلەن زامانداش بولۇپ ئۆتكەن.

غەرىبىينىڭ «بەھرام ـ دىلئارام» ۋە «كاسسىپلار مۇنازىرىسى» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. غەرىبىي ئەسەرلىرىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنىڭ يەنە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد ئەتكەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. جۈملىدىن، لېنىنگراد قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «نىزارى كۇللىياتى»نىڭ فوتو نۇسخىسى غەرىبىينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا بىزنى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى.

مەزكۇر نۇسخىغا غەرىبىينىڭ يوقىرىدا تەلقىن قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلۈشتىن تاشقىرى، شۇ نۇسخىنىڭ ھاشىيەسىگە شائىرنىڭ تەخەللۇسى بىلەن 41 پارچە غەزەل كۆچۈرۈلگەن. تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە بۇ غەزەللەر مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى مۇھەممەد سۇلايمان ئوغلى فۇزۇلىنىڭ غەزەللىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتى. غەرىبىي بۇ غەزەللەرنى فۇزۇلى دىۋانىدىن تاللاپ ئالغان ۋە ئەسلى ۋەزىن، قاپىيە، رادىفىنى ئەينەن ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ چىققان. ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئايرىم كۇپلېت، مىسرا ۋە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە بېيىتىشقا تىرىشقان. غەرىبىينىڭ فۇزۇلى غەزەللىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغاندىن كېيىن، «فۇزۇلى» دېگەن تەخەللۇس ئورنىغا ئۆز تەخەللۇسىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

يېقىندىن تېپىلغان بۇ غەزەللەر غەرىبىي ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ فۇزۇلى بىلەن بولغان ئەدەبىي مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. شۇ ۋەجىدىن بىز «غەرىبىي» تەخەللۇسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بۇ غەزەللەرنى تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا تەقدىم قىلدۇق.

بۇ غەزەللەر لېنىنگراد قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «نىزارى كۇللىياتى»نىڭ فوتو نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



*            *

زەھى زاتىڭ نىھانۇ ئول نىھاندىن ماسىۋا پەيدا،
بەھارى سۇنئۇڭە ئەمژاج پەيدا، قەئر نا پەيدا.
جەھان ئەھلىغە تا ئەسرار ئىلمىڭ قالماغاي مەخفى،
قىلىپدۇر ھىكمەتىڭ كۇففار ئىچىندە ئەنبىيا پەيدا.
گەھى تۇفراغقە ئەيلەر ھىكمەتىڭ مىلڭ مەھلىقا پىنھان،
گەھى سۇنئۇڭ قىلۇر تۇفراغدىن مىلڭ مەھلىقا پەيدا.
دەمادەم ئەكس ئالۇر مىرئاتى ئالەم قەھرۇ لۇتفۇڭدىن،
نىھدىنكىم گەھ كۇدۇرەت زاھىر ئەيلەر، گەھ سەفا پەيدا.
بەلەندۇ پەست ئالەم شاھىدى فەيزى ۋۇجۇدۇڭدا،
ئەمەس بىھۇدە بولماغلىقدا بۇ ئەرزۇ سەما پەيدا.
نىشانى شەفقەتىڭدۇركىم بولۇر ھەمدىڭ ئۇچۇن، يا رەب،
غەرىبى تىيرە تەبئىدىن كەلامى-جانفەزا پەيدا.

*            *

پايى بەند ئولدۇم سەرى زۇلفى پەرىشانىڭ كۆرۈپ،
نۇتقدىن قالدىم لەبى لەئلى دۇر ئەفشانىڭ كۆرۈپ.
ئوتغە ياقتىم شەمئىدەك جانىم باقىپ رۇخسارىڭە،
ئاسمانغە دۇدى دىل چەكتىم خىرامانىڭ كۆرۈپ.
ئاقتۇر ھەريان كۆزۈم ئەشك ئۆزرە باغرىم پارەسى،
جامەئى گۇلگۇن بىلە رەخش ئۆزرە جەۋلانىڭ كۆرۈپ.
ھەر زەمان كەچمەسكى دىل تىغىڭدىن ئولماس چاك-چاك،
ئاچىلۇر ھەر دەم تۇتۇلغان كۆڭلۈم ئىھسانىڭ كۆرۈپ.
بەندى غەم، زىندانى مىھنەت قەيدىدىن تاپسام خەلاس،
ئاھكىم، تۇشتۇم يەنە چاھى زەنەخدانىڭ كۆرۈپ.
ئەي غەرىبى، ئانچەكىم تۇتتۇڭ نىھان ھالى دىلىڭ،
ئاقىبەت فەھم ئەتتى ئەل چاكى گىرىبانىڭ كۆرۈپ.

*            *

سەبا، ئەغياردىن پىنھان غەمىم يارىمغە ئىزھار ئەت،
خەبەرسىز يارنى ھالى خەرابىمدىن خەبەردار ئەت.
مىنى رەشك ئوتىغە پەرۋانەدەك، ئەي شەمئە، كۆيدۈرمە،

يېتەر خورشىد رۇخسارىڭ چەراغى بەزم ئەغيار ئەت.
كۆڭۈل غەم تۈنلەرىن تەنها كەچۈرمە ئىستەبەر ھەمدەم،
ئەجەل خابىدىن ئەفغانلار قىلىپ مەجنۇنى بىدار ئەت.
گىرىفتارى غەمى ئىشقىڭ بولۇپ ئازادەلىغ كۆردۈم،
غەمى ئىشقىڭ بىلە مۇندىن بەتەر، يا رەب، گىرىفتار ئەت.
چۇ يوق ئىشىق ئاتەشى بىر شۇئلە چەكسە تاقەتىڭ، ئەي نەي،
باش ئاغرىتمە، دەمى ئىشق ئۇرماغىل، كۆپ نالەئى زار ئەت.
غەرىبى، قىلماغىل كۆپ فىكر دۇنيانىڭ مەئاشىدىن،
نە ۋەجھلەكى بولسە كۈن كېچەر فىكر شەبى تار ئەت.

* *

بولۇر قەددىم دۇتا ئىشقىڭ يولىدا بىر بەلا كۆرگەچ،
تەرىق ئەھلىغە ئادەتدۇر تەۋازۇئ ئاشنا كۆرگەچ.
نىهان ئىشقىمنى مەئلۇم ئەتسە ئالەم دۇدى ئاھىمدىن،
ئەجەب يوقكىم گۇمانى گەنج ئېتەر خەلق ئەجدىها كۆرگەچ.
غەمىڭ ھەرلەھزەكىم جانىم تىلەر، كۆڭلۈم قىلۇر ئەفغان،
بەئەينە ئۇيلەكىم فەرياد ئېتەر ئىتلەر گەدا كۆرگەچ.
مەنى مەھزۇنغە ئەل ھەم جەۋرى قىلماقدىن تۆكەر قانىم،
كىم ئەيلەر جەۋر مەنئىن، پادىشاھىم، سەن رەۋا كۆرگەچ.
غەرىبىنى ياشۇر، ئەي رەشك، مەھۋەشلەر جەفاسىدىن،
كى مەھۋەشلەر قىلۇرلار مىڭ جەفا، بىر مۇبتەلا كۆرگەچ.

* *

كىرىپ مەيخانەغە مۇغبەچچە بىرلە كىمكى خۇ ئەيلەر،
بولاي كافىر ئەگەر جەننەتغە كىرمەك ئارزۇ ئەيلەر.
دەما ــ دەم قەترە ــ قەترە قان ياشىمدۇركىم چىقار كۆزدىن،
ۋە يا پەيكانلارىڭكىم ئاتەشى دىل ئانى سۇ ئەيلەر.
دېسەم: كىمدۇر فەرىشان ئەيلەگەن ئاشىقلار ئەھۋالىن،
سەبا زۇلفى پەرى رويۇم ئاچىپ ئايتۇركى: بۇ ئەيلەر.
مەگەر دىۋانەدۇر سەۋدايى ئەبرۇسى بىلە زاھىد
باقىپ مىھراب ئىچىندە ئۈز ــ ئۈزىلە گۇفتىگۇ ئەيلەر.
غەرىبى زۇلفىغە باغلاندى ئانداغ، خەستەھال ئولدى،
كى گويا زەئىف ئانى ھەم زۇلفىغە بىر تار مۇ ئەيلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



*　　*

خەتتى رۇخسارىڭ ئېتەر لۇتفدە رەيھان بىلە بەھس،
هۇسن سۇرەتدە جەمالىڭ گۇلى خەندان بىلە بەھس،
كويۇڭە زوھد ئېلى جەننەتنى مۇناسىب دېسەلەر،
نە مۇناسىب قىلايىن بىر نەچە نادان بىلە بەھس.
قىلسە جان لەئل بىلە فەيز يەتۇرمەك بەھسىن،
جانىبى لەئلىنى ـ تۇت، ئەي كۆڭۈل، ئەت جان بىلە بەھس.
ۋەسفى هۇسنۇڭنى قىلۇر خەستە غەرىبى، نە ئەجەب،
هۇسن ئارا ئەيلەسە خۇرشىدى دۇرەخشان بىلە بەھس.

*　　*

مۇقەۋۋەس قاشلارىڭكىم ئوسمە بىرلە رەڭ تۇتمىشلار،
قىلىچلاردۇركى كۆپ قان تۆكمەكىدىن زەڭ تۇتمىشلار.
قىلۇر تەغيىر سۇرەت ئوسمەدىن تاراج ئېتەرلەر دىل،
بۇلانچى قاشلارىڭكىم رەسمىدە نەيرەڭ تۇتمىشلار.
فەزايى ئۆمردىن گويا ئەمەسدۇر غۇنچەدەك ۋاقىف
كىشىكىم ئۆزنى دۇنيا شۇغلىدىن دىلتەڭ تۇتمىشلار.
سەھەر بۇلبۇللار ئەفغان ئەيلەمەس بىھۇدە گۇلشەندە،
غەرىبى نالەئى دىلسوزغە ئاھەڭ تۇتمىشلار.

*　　*

شىفايى ۋەسل قەدرىن ھەجر ئارا بىمارلاردىن سور،
زىلالى زەۋق ـ شەۋقىن تەشنەئى دىدارلاردىن سور.
كۆزى ياشلارنىڭ ئەھۋالىن نە بىلسۇن مەردۇمى غافىل،
كەۋاكىب سىررىنى شەب تا سەھەر بىدارلاردىن سور.
خەبەرسىز بولمە فەتتان كۆزلەرىڭ جەۋرىدىن، ئەي زالىم،
خەبەرسىز مەستلەر بىدادىنى هۇشيارلاردىن سور.
غەمىڭدىن شەمئىدەك كۆيدۈم، سەبادىن سورمە ئەھۋالىم،
بۇ ھالىمنى شەبى ھىجراندا بولغان يارلاردىن سور.
مۇھەببەت لەززەتىدىن بىخەبەردۇر زاھىدى غافىل،
غەرىبى، دەردى ئىشقىن دەردى ئىشقىڭ بارلاردىن سور.

*   *

فىغانىكىم باغرىمە ئۇل لالە رۇخ قان بولغانىن بىلمەس،
جىگەر پەرگالەسىدە داغى پىنھان ئولغانىن بىلمەس.
پەرى روييۇم دىلىم جەمئ ئەيلەمەس رۇخسارى دەۋرىدە،
مەگەر زۇلفى كەبى ھالىم پەرىشان ئولغانىن بىلمەس.
قىلۇر تەقسىر ئىپتىپ بىر لۇتف ھەر دەم كۆڭلۈم ئالماقدا،
ۋەفا رەسمىن بىلۇر دىشۋار، ئاسان ئولغانىن بىلمەس.
غەرىبى خەستەنى دۇشمەن سۆزىدىن دوست جەۋر ئەيلەر،
ئىتاب ئەيلەر غەزەبدىن قۇلغە بۇھتان ئولغانىن بىلمەس.

*   *

كۆڭۈلدە مىڭ غەمىم باردۇركى پىنھان ئەيلەمەك بولماس،
بۇ ھەم بىر غەمكى ئەل تەئنىدىن ئەفغان ئەيلەمەك بولماس.
نە مۇشكىل دەرد ئىرۇر ھەجرىڭگە يوق ئالەمدە دەرمانى،
نە مۇشكىل دەرد ئىمىش ئىشقىڭگە دەرمان ئەيلەمەك بولماس.
فەنا كويىغە كۆپ ئەزم ئەتمە، ئەي دىل چەكمە زەخمەتكىم،
بۇ تەدبىر ئەيلەمەكدىن دەفئ ھىجران ئەيلەمەك بولماس.
غەرىبى، قەيدى ئالەم ئىچرە سەن دەم ئۇرمە ئىشقىدىن،
كەمالى جەھل ئىلە دەئۋايى ئىرفان ئەيلەمەك بولماس.

*   *

قانىمنى تۆكسە خەنجەرىڭ ئول ئاستان ئىچەر،
ئول يەرگە مەن ئەسىركى، تۇپراغى قان ئىچەر.
ئەھلى زەمانە قانىغە كۆپ تەشنەدۇر زەمىن،
كىمنىڭ قانىنى تۆكسە فەلەك ئول زەمان ئىچەر.
مەي ئىچمەيىن ئاچىلماس ئىمىش بابى مەئرىفەت،
سەۋگەندلەر بۇ بابدا پىرى مۇغان ئىچەر.
غەمزەڭ ھەمىشە قان ئىچەر ئەل چەشمىدىن نىھان،
زاھىد كەبىكى بادەنى ئەلدىن نىھان ئىچەر.
مەيدىن ئەگەرچە تەۋبە بىرۇر ئەل غەرىبىغە،
ئەي يار، سەن قەدەھ تۇتار ئولساڭ رەۋان ئىچەر.

*   *

مېنى زىكر ئەتمەس ئەل ئەفسانەئى مەجنۇنغە مايىلدۇر،
نېچۇك ئوخشار ماڭا دەردى ئانىڭ، دەرمانغە قايىلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بەيابانلاردە مەجنۇندىن غەمۇ دەردىم سوئال ئەتمەك،
نەبىلسۇن بەھر ھالىن ئۇلكى مەنزىلگاھى ساھىلدۇر.
فىراق ئەييامى سىلابى سىرىشكىمدىن خەبەر تاپماس،
شەبى ھىجراندا ئاھۇ نالەشىمدىن يار غافىلدۇر.
..............................................................

*　　　*

يا رەب، ھەمىشە لۇتف ئىلە يول رەھنەما ماڭا،
كۆرسەتمە ئول يولنىكى كىرەكمەس ساڭا، ماڭا.
قەتئ ئەيلە ئاشنالىغىم ئاندىنكى غەيرىدۇر،
رەھم ئەيلە ئاشنالارىڭ ئەت ئاشنا ماڭا.
تايدۇرمە كويۇڭ ئىچرە كۆزۈم خىرە، پايى لەڭ،
شەرئى ھەبىبىڭ ئەيلەگەسەن مۇقتەدا ماڭا.
ھەر نې ساڭا مۇراد ئىسە، ئولدۇر ماڭا مۇراد،
يوقتۇركى سەندىن ئۆزگە يەنە مۇددەئا ماڭا.
يوق مەندە بىر ئەمەل ساڭا شايىستە، ئاھ، ئەگەر
قىلغان گۇنەھىغە بۇيرۇسە [ئاخىر] جەزا ماڭا.
دىل ئىزتىراب خەۋف ۋەلى بار ئۇمىدكىم،
لۇتفۇڭ بىرۇر بىشارەتى ئەفۋ ئەتا ماڭا.
چاھى ھەۋادا قويمە غەرىبىنى كۆپ ئەسىر،
يا رەب، ھىدايەت ئەيلە تەرىقى فەنا ماڭا.

*　　　*

غەمدىن ئۆلدۈم دېمەدىم ھالى دىلى زار ساڭا،
ئەي گۇلى تازە، رەۋا كۆرمەدىم ئازار ساڭا.
ئىچ مەيى نابكى باغرىمدىن ئېتەي پارە كەباب،
ئاتەشى ئىشق ئارا ئۇششاق چېكەر خار ساڭا.
مەيى گۇلگۇندا ئەمەس نەرگىسى مەستىنىڭ ئەكسى،
قەدەھ ئولمىش كۆز ئاچىپ ئاشىقى دىيدار ساڭا.
مەن گىرىفتارغە ئازادەلىغ ئولماس غەمدىن،
ھېچكىم ئولماسۇن، ئەي سەرۋ، گىرىفتار ساڭا.
لەئلى نابىڭ ھەۋەسىدىن چېكەرىم خۇن بولدى،
ئاھ، قان بولدى ياشىم، قىلمادى ئىزھار ساڭا.

باغ ئارا غۇنچەۋۇ گۇل دېمە، غەرىبى تۆكمىش،
شەۋقدىن خۇنى دىلى دىيدەئى خۇنبار ساڭا.

* *

غەم دىياردىن ئەجەل پەيكى گۆزاز ئەتمەس ماڭا،
يوق بىلىپ باردىم مەگەر كىم ئىئتىبار ئەتمەس ماڭا.
يار جەۋر ئەتمەس، ماڭا، ئەغيار تەئنى قەتل ئېتەر،
ۋاي، ئەغيار ئەيلەگەن ئىهسانىنى يار ئەتمەس ماڭا.
كۆيدۇرۇر هەر لەهزە ئەيشىم رەختىنى ئاهىم ئوتى،
قايىسى ناهەق زۇلمدۇركىم روزگار ئەتمەس ماڭا.
ئىشق زەۋقى خۇش ماڭا، تەركى نەسىهەت قىل رەفىق،
مەنكى تەرياكى ۋۇجۇدۇم، زەهر كار ئەتمەس ماڭا.
نەقد جان تاراج غەمدىن ئاسراماق دىشۋار ئېرۇر،
ئىشق تا سەڭگى مەلامەتدىن هىسار ئەتمەس ماڭا.
لەئلى يادىدىن غەرىبى كۆزلەرى راهى ئەدەم،
لەئل جان بەخشى ئەدەم نې ئاشكار ئەتمەس ماڭا.

* *

مېنىڭدەك هېچكىم زارۇ پەرىشان ئولماسۇن، يا رەپ،
ئەسىرۇ دەردى ئىشقۇ داغى هىجران ئولماسۇن، يا رەب.
............................................................
قىلىپ ئەندىشەسىن قەتلىمغە، مەن هەم بۇدۇر ئەندىشىم،
كى بۇ ئەندىشەدىن ئول مەه پۇشەيمان ئولماسۇن، يا رەب.
جەفاۋۇ جەۋرىغە مۇئتاد ئەيلەرمەن دىلۇ جانىنى،
جەفاسىغە هەدۇ جەۋرىغە پايان ئولماسۇن، يا رەب.
دىمەنكىم ئەدل يوقتۇر زۇلم كۆپ مەرجان ئىلە ئولسە،
كۆڭۆل تەختىغە ئاندىن ئۆزگە سۇلتان ئولماسۇن، يا رەب.
غەرىبى بولدى گەنجى ئافىيەت مەيخانە كۇنجىدە،
مۇبارەك مۇلكدۇر، ئول مۇلك ۋەيران ئولماسۇن، يا رەب.

* *

ئەلگە ئەيلەر بىسەبەب مىڭ ئىلتىفات ئول نۇش لەب،
ئىلتىفات ئەتمەس ماڭا مۇتلەق، نېدۇر بىلمەن سەبەب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەۋر ئۇلۇر ئادەت، غەزەب ۋەقتىدىكى ئادەتدۇر بۇ ئىش،
جەۋرىن ئاز ئەيلەر ماڭا، ئول ماھ چۈن ئەيلەر غەزەب.
جەۋرىنى كۆڭلۈم چېكەر كۆرگۈزگۈسى رۇخسارىنى،
كامى دىل كۆز تاپسە، ئېيدىن دىل چېكەر رەنجۇ تەئەب.
يار بىداد ئەيلەمەس، ئۇششاق فەرياد ئەتمەيىن،
ھەر نەچە روزى مۇقەددەر بولسە ۋاجىبدۇر تەلەب.
مۇترىبا، چەكمە سۇرۇدۇڭنى، غەرىبى يىغلاتۇر،
سىيلى ئەشكىم ئاقتۇر گەر بولسە بىيناۋۇ تەرەف.

* *

ئەي، ناۋەكى غەمزەڭ سىپەھرى سىنەئى ئەھباب،
زۇلفۇڭ خەمى ئەرباب ۋەفا سەيدىغە، قۇللاب.
مىھرابىنى قاشىڭ خەمىغە ئوخشاتىبان ئەل،
ۋاجىب بۇ جىھەتدىن بىلەدۇر سەجدەئى مىھراب.
سۇبھ ئىچرە فەلەككە يېتەدۇر مەۋج سىرىشكىم،
غەرق ئەيلەدى ئەنجۇملارىنى سىل ئىلە گىرداب.
جەمئىيەت ئەسبابىغە كۆڭلۈڭنى بۇيۇرمە،
كىم تەفرىقەدۇر خاتىرى جەمئىيەتى ئەسباب.
چۈن ئاقىبەتى كارى ئەجەل زەھرىنى چەكمەك،
غەفلەتدە غەرىبى نەدۇرۇر مۇنچە شەكەر خاب.

* *

ئەي، غۇبارى قەدەمىڭ ئەرش يېرىن باشىغە تاج،
شەرەفى زاتىڭە ئۇ نامى مۇراتىب مىئراج.
خازىنى گەنجى شەفائەت سېنى قىلمىش ئىزىد،
ھېچكىم يوقكى ساڭا ئولمادى ئاخىر مۇھتاج.
ئەلگە تەقلىدى سۇلۇكۇڭدا يېتەر فەيزى نەجات،
تائەتىڭ مۇئسىيەت ئەمرازىغە تەدبىرى ئىلاج.
مۇنتەھا شەرئىڭ ئىرۇر بارچە رۇسۇل مەسلەكى،
بەھر سەن سايىرى ئەرباب رىسالەت ئەمۋاج.
ئاقىبەت خەۋفى غەرىبى دىلىنى چاك ئەتتى،
تۇت قولۇم دائىرەئى خەۋفدىن ئەتكىل ئىخراج.

* *

مۇنهەرىغدۇر، ساقىيا، ئەندۇھى دۇنيادىن مىزاج،
بادە تۇت، ئەندۇھۇ غەمگە مۇندىن ئۆزگە يوق ئىلاج.
فەقر مۇلكىدە مۇقىم ئولغىل گەر ئىستەرسەڭ كەمال،
سەلتەنەت تەرك ئەيلەگىلكىم ئاندا كۆپدۇر ئىهتىياج.
بىسەرۇپا ئولكى، تەختۇ تاجغە قەيد ئولماغىل،
كىم ئاياغقە بەند ئىرۇر تەختۇ بەلادۇر باشقە تاج.
كەسب تەجرىد ئىختىيار ئەتكىم دىمارى ئىشق ئارا،
فەقر بازارىدا ئەسبابى فەنادىندۇر رەۋاج.
بىر پەرى زۇلفىن تۇتۇپ خالىدىن ئەتسە كامى دىل،
گويىيا چىن مۇلكىڭ ئالدىڭ بەنددىن ئالدىڭ خىراج.
ئەي غەرىبى، مەن مەلامەت مۇلكىنىڭ سۇلتانىمەن،
بەرقى ئاهىم تاجۇ زەر سىيمى سىرىشكىم تەختى ئاج.

* *

ئەي كۆڭۈل، ئول خەنجەرى مىژگانىنى ئەيلەرسەن هەۋەس،
جانغە قەسد ئەتتىڭ بەقائى مۇردەدىن ئۈمىد كەس.
هالى زارىمدىن سىپنى فەريادىم ئاگاه ئەيلەدى،
شۇكرى لىللاه، ئولكى فەريادىم ماڭا فەرياد رەس.
بىر - بىرى ئۈستىگە سانچىلدى تەنىمدە ئوقلارىڭ،
مۇرغى روهۇم قەيدىغە گويا ياسالدى بىر قەفەس.
تەئنەئى ئەهلى مەلامەتدىن نە غەم ئىشق ئەهلىغە،
شۇئلەنى دەفئ ئەيلەيەلگەيمۇ هۇجۇمى خارۇخەس.
ئەي غەرىبى، گەر ساڭا جەمئىيەتى دىلدۇر مۇراد،
باغلا دىلدارىڭغە كۆڭلۈڭ غەيرىدىن پەيۋەند كەس.

* *

هۇبابى ئەشك ئارا جىسمىم خەلايىقدىن نىهان ئەتمىش،
غەمى ئىشقىڭ مىنى ئالەمدە بىنامۇ نىشان ئەتمىش.
كۆتەرمىش خاكدىن تۇغيانى ئەشكىم خار ئىلە خاشاك،
باشىم ئۆزرە مەلامەت قۇشلارىغە ئاشيان ئەتمىش.
بۇكۇپ مىهنەت يۇكى قەددىمنى، چىقمىشدۇر تەنىمدىن جان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەۋافى كويۇڭ ئەتمەك قەسدىغە تەيىيى مەكان ئەتمىش.
مەگەر تەركىبى ئىيسا گەردى خاكى دەرگەھىڭدىندۇر،
كى چىقمىش خاكدىن، قەدر ئىلە ئەزمى ئاسمان ئەتمىش.
قادالغان ئوقلارىڭ گويا ئىرۇر جان باغىغە ئىشقىڭ،
بەلا سەرچەشمەسىدىن ھەر تەرەف سۇلار رەۋان ئەتمىش.
غەرىبىنىڭ مىزاجى مۇنھەرىفدۇركىم بۇ كۇن ئاخشام،
مەگەر فۇرسەت تاپىپ بىر شەررى ھالىدىن بەيان ئەتمىش.

*    *

تەشنەئى جامى ۋىسالىڭ ئابى ھەيۋان ئىستەمەس،
مايىلى مورى خەتىڭ مۇلكى سۇلەيمان ئىستەمەس.
زۇلمەتى زۇلفۇڭ گىرىفتارى دەم ئۇرماس دەۋرىدىن،
تالىبى شەمئى رۇخۇڭ خۇرشىدى تابان ئىستەمەس.
ئەيلەمەس مەيلى بىھىشت ئەفتادە خاكى دەرگەھىڭ،
ساكىنى كۇنجى غەمىڭ سەيرى گۇلىستان ئىستەمەس.
جەۋردىن مەنئ ئەتمە ئاشىقنىڭكى ئەينى لۇتف ئىرۇر،
دوست ئەسبابى كەمالى تاپسە نۇقسان ئىستەمەس.
ئىشق كۆڭلۈمنى يىقىتغاي دەپ، غەرىبى، غەم يېمە،
ھىچ سۇلتانكىم ئۆزىن مۇلكىنى ۋەيران ئەيلەمەس.

*    *

بۇ جەھان تەختىگە مەغرۇر ئولماغىل ئول بىسەبات،
فەقر كويىدا مۇقىم ئولغىلكى تاپقايسەن نەجات.
سەبىت ئىتەلمەس لەبلەرىڭ ۋەسفىن تەمامى ئۇمر ئارا،
خىزر ھەيۋاندىن قەلەم، گەر تاپسە زۇلمەتدىن دىۋات.
مەن گەدايىڭ، سەن غەنى، بەرگىل زەكاتى ھۇسنىڭىم،
شەرئ ئىچىندە ھەم ماڭا ھەم ساڭا ۋاجىبى زەكات.
مەزھەرى ئاسارى قۇدرەتدۇر ۋۇجۇدى كامىلىڭ،
فەيزى فىترەتدىن غەرەزسەن، سەن تۇفەيلىڭ كائىنات.
ئىشق ئارا تۇشدۇڭ، غەرىبى، چەكمەدىڭ دۇنيا غەمىن،
ئىشق ئارا تۇشكەن تاپار دامى تەئەللۇقدىن نەجات.

*    *

رۇزگارىم بولدى دەۋرانى فەلەكدىن ئىنقىلاب،
قان ئىچەر بولدۇم ئاياقىڭ ئۆزدى بەزمىمدىن شەراب.

لەئلىك ئىلە بادە بەھس ئەتمىش زىھى گۇمراھلىغ،
ئولدى ۋاجىب ئەيلەمەك ئول بىئەدەبدىن ئىجتىناب.
شۇئلەئى ئاھىمدە كۆيدۇردۇم دىلى سەرگەشتەنى،
بىر ئوت ئولدۇم چەرخدەك گەردىدە ئولدى دىل كەباب.
كۆزگە پەيكانىڭ خەيالىدا ساچار ھەريان سىرىشك،
دۇرغە تولدۇرغان سەدەفدۇر قەترە ئاندا دۇررى ناب.
بولدى ئاھىم ماھى رۇخسارىغە ئانداغكىم بۇلۇت،
ئاھكىم، ئالماس جەمالىدىن ھەنۇز ئول مەھ نىقاب.
بولمادى ئول ئايغە رەۋشەن كۆيگەنىم ھىجران كۈنى،
تا سەھەر ـ شەب شەمئ ئۆرتەنسە نە بىلسۇن ئافتاب.
كىم ئەمەس مەندىن رەقىب ئازارى ئول ئاي كويىدە،
ئەي غەرىبى، جەننەت ئىچرە بار ئىكەن مۇنداغ ئەزاب.

* * *

رەفىقا، قىلماغىل ئەسباب جەمئ ئەيلەرگە نادانلىغ،
تەرىقى فەقر تۇتكىم، فەقر ئىرۇر ئالەمدە سۇلتانلىغ.
مۇرادىڭ سەلتەنەت گەر بولسە، بىل نەفسىڭگە تابىئ سەن،
نە ھاسىل سەلتەنەت تەختىدە قىلماق بەندە فەرمانلىغ.
نېچۇك تالىبئدۇرۇر ئالەمدە ئاغاز ئەتمەدىم بىر ئىش،
ئول ئىش ئەنجامىدىن تا قىلمادىم ئاخىر پۇشەيمانلىغ.
پەرىشانلىغدىن، ئەي خەلقى جەھان، خاتىرنى جەمئ ئەيلەڭ،
كى مەن جەمئ ئەيلەدىم ھەر يەردە بولسە بىر پەرىشانلىغ.
ماڭا ھەر زۇلىكىم ئول كافىر ئەيلەر، كىمسە مەنئ ئەتمەس،
غەرىبى كۇفر ئالۇرمۇ گەر دېسەم: يوقتۇر مۇسۇلمانلىغ.

* * *

شەۋق ئىلە بارى جەھان چەككەن كىشى رەھمەت چېكەر،
ئەھلى شەۋق ئولدۇركى ئاندىن دامەنى ھىممەت چېكەر.
سەرۋ قامەتلەر، سۇمەن رۇخسارلار تۇپراغىدۇر،
ھەر سۇمەنكىم ئاچىلۇر، ھەر سەرۋكىم قامەت چېكەر.
كۈن چېكەر يەردىن فەلەككە رەھگۇزارىن گەردىنى،
تۇتىيا ئەتمەككە كۆكدىن يەرغەچە مىننەت چېكەر.
دىلنى خالى قىلسە زۇلفۇڭكىم خەيالى غەيرىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نې ئەجەب كەشق ئەھلى بىرلە ئۆمر ئارا خىلۋەت چېكەر،
ئەيكى، قىلدىڭ غەيرى بىرلە بەزم پىنھان گاھ ـ گاھ،
ئانى ياد ئەتكىم غەرىبى ئاڭلاسە ھەسرەت چېكەر.

* * *

لەھزە ـ لەھزە لەبى يادىدا كېلور ئەفغانلار،
قەترە ـ قەترە ساچىلۇر دىيدەلەرىمدىن قانلار.
قەترە ـ قەترە دېمە قاندۇركى چىقار چەشمەمدىن،
دەم ـ بەدەم كۆڭلۈم ئوتىدىن ئېرىگەن پەيكانلار،
قاشلارىڭ ياسىغە مەيل ئەتكەن ئۈچۈن ئىشق ئەھلى،
يەتكۈرۈر باشىغە غەمزە ئوقىدىن ئېھسانلار.
يار كويىدا دېمەڭ ئىتلەرى غەۋغا قىلادۇر،
كېچەلە قاقشالادۇر ئەھلى ۋەفادىن جانلار.
سورماغىل زۇھد ئېلىدىن ئىشق يولىنىڭ رەسمىن،
نە بىلۇر ئەھلى خىرەدلەر رەۋىشى نادانلار.
ئاتلانىپ چىققىسە جەھان خەيلىنى تاراج ئەتكەي،
بەلكى ئىسلام ئېلىدىن ئولجالادى ئىمانلار.
يىغلا، بىچارە غەرىبى، تىلەسەڭ ئەيشى ۋىسال،
ۋەسل زەۋقىدە گەدالىق قىلادۇر سۇلتانلار.

* * *

مېنىڭكىم بىرلەبى خەندان ئۈچۈن گىريانلىغىم باردۇر،
پەرىشان تۇررەسى دەۋرىدە سەرگەردانلىغىم باردۇر.
باشىم تەختىراۋاندۇر، تاجى زەررىن شۇئلەئى ئاھىم،
كورۇڭكىم دەۋلەتى ئىشق ئىچرە نې سۇلتانلىغىم باردۇر.
سىرىشكىم كۆر مېنىڭ، ئەي ئەبر، ئۆزۈڭدىنكىم خەيال ئەتمە،
ھەۋايى ئىشق ئارا يۈز سەنچە ئەشك ئەفشانلىغىم باردۇر.
يۈمۇلماس ئەشك تۇغيانىدا ئانىز چەشمە خۇنبارىم،
خەيالى سۇرەتى جانانغە خۇش ھەيرانلىغىم باردۇر.
غەرىبى، جامى مەي تەرك ئەيلەدىم زۇھد ئەھلى پەندىدىن،
تەفەككۇر ئەيلەسەم، بۇ ئىشدا كۆپ ھەيرانلىغىم باردۇر.

* * *

قىل سەبا، كۆڭلۈم پەرىشان ئولغانىن جانانغە ئەرز،
ھالىن ئايىت، بۇ مۈلك ۋەيران ئولغانىن سۇلتانغە ئەرز.

بولغۇسى سۇرەت پەرەستلەردەك بارى سۇرەت پەرەست،
قىلسەلەر جەننەتدە تەسۋىرىڭ چىكىپ غۇلمانغە ئەرز.
خەلق كۇفر ئەھلىغە ئىمان ئەرز ئېتەرمەن دەم ـ بەدەم،
كۇفر زۇلفۇڭ ئەيلەرەم كۆكسۈمداقى ئىمانغە ئەرز.
تەندە جانىم بىر پەرىنىڭدۇر، ئەمانەت ساقلارەم،
ئول زەمانىدىنكىم ئەمانەت قىلدىلار ئىنسانغە ئەرز.
ئەي غەرىبى، ئاھۇ ئەشكىڭ ئەسرۇ پىنھان ئەيلەمە،
كۆڭلۈڭ ئىچرە ھەرنە باردۇر ئول گۇلى خەندانغە ئەرز.

* *

گەھ كۆزدە، گەھ كۆڭۈلدە خەدەڭىڭ مەكان تۇتار،
قانلىغنى قايدە بولسە مۇقەررەركى قان تۇتار.
دىل چەكسە نې ئەجەب تەنۇجانىنى يولۇڭ ئارا،
خارۇخەس ئېلىتەر ئانداكى قۇش ئاشيان تۇتار.
خۇرشىد خىرمەنىغە ئۇرار شۇئلە ـ شۇئلە ئوت،
ئاھىمكى لەھزە ـ لەھزە يولى ئاسمان تۇتار.
زىكر لەبىدە زۇلفۇغە جان تاپدى دەست رۇس،
ئانىڭ كەبى فۇسۇن ئوقۇماقدىن يالان تۇتار.
مەيل ئەيلەسە، غەرىبى، تاماشايى قامەتىڭ،
كۆزدىن سىرىشك سەيل يولىنى رەۋان تۇتار.

* *

دەھر ئەسبابىغە ھەرگىز قىلمە كۆڭلۈڭ ئىرتىبات،
سەن بىر ئاۋارە مۇسافىرسەن، بۇ بىر ۋەيران رەبات.
ئەھلى ئىرفان بۇ جەھان كەيفىييەتىن تەھقىق ئېتەر،
كىم نىشاتىدىن بولۇر يۈز غەم، غەمىدىن يۈز نىشات.
ئىشق دەۋرانى ماڭا تاپشۇردى مەجنۇن نەۋبەتىن،
ئىشق ئارا خالى ئەمەس ئەھلى ۋەفادىن بۇ بىسات.
بۇ چەمەندە غۇنچەلەر گۇللار سىنى مەغرۇر ئېتەر،
ئەي كۆڭۈل، ھەرگىز جەھان باغىغە بولمە ئىنبىسات.
ئەي غەرىبى، ئەھلى دەۋران بىرلە ئۆمرۈڭ قىلمە سەرف،
بىۋەفادۇر ئەھلى دەۋران، تۇت تەرىقى ئېھتىيات.

www.uyghurkitap.com



*           *

تەنىمدە تىغى زەخمى چەشم خۇن ئەفشانغە ئوخشايدۇر،
قادالغان ئوقلارى دەۋرىدە دۇر مىژگانغە ئوخشايدۇر.
گۇداز ئەتكەن كۆكلۈلدە ئىشق ئوتى پەيكانىنى كۆردۈم،
سەدەفدە گەۋھەر ئولغان قەترەئى بارانغە ئوخشايدۇر.
شىكاف ئولغان دىلىم غەمزەڭ خەيالى مەنزىل ئەتمىشدۇر،
قاراقچىلار ياتاغى مەنزىلى ۋەيرانغە ئوخشايدۇر.
ھەياتى جاۋىدان فەھم ئەيلەدىم لەئلىڭ خەيالىنى،
بۇزۇغ كۆكلۈم ئارا ئول چەشمەئى ھەيۋانغە ئوخشايدۇر.
تەنىمدىن چەكمەگىل ئول قاشى يا پەيكانىن، ئەي ئەھباب،
غەرىبى جىسمى ئىچرە بىر ئوتى بىر جانغە ئوخشايدۇر.

*           *

ئەي، غەمىڭ ئوقلارىغە سىينەئى ئەھباب ھەدەف،
مۇنتەزىر خەنجەرى مىژگانىڭە جانلار سەف ـ سەف.
خاكى دەرگاھىغە ھەر سۇبھى سۇرەر كۈن يۈزىنى،
بۇ جىھەت بىرلە ئاڭا ھاسىل ئولۇپدۇر بۇ شەرەف.
ساڭا رەڭ ـ رەڭ كۆرۈنۇر مالۇجەھان، بولمە غۇرۇر،
خاكدۇركىم ئانى گەھ لەئلى قىلۇر گاھى خەزەف.
سالدى دەرياغە سەبا خەنجەرى غەمزەڭ ۋەھمىن،
تىشلىپ كۆكسى تۆكەر دۇررىنى دەرياغە سەدەف.
جەھد قىلغىلكى غەرىبى، تىلە مەقسەد يولىنى،
قىلماغىل جەھل ئىلە ئەۋقاتى شەرىفىڭنى تەلەف.

*           *

بەقا مۈلكىن تىلەرسەڭ فانى ئەت بارىڭنى دۇنيادەك،
جەھاندىن دامەنىڭ چەك ئافتابى ئالەم ئارادەك.
تەئەللۇق زۇلمەتىن تەجرىد خۇرشىدىغە قىل مەتلەئ،
ئەگەر ئالەم ئارا كۈن كۆرمەك ئىستەرسەن مەسىھادەك.
كۆكۈل ھەر سۇرەتى شىرىنغە بەرمە، ئىچ مەيى مەئنى،
ھەزەر قىل تاشغە تىشەڭ ئۇرماغىل فەرھادى شەيدادەك.
قىلىپ مەن كائىنات ئەسبابىنىڭ بارى تەماشاسىن،
نەدامەتسىز تەنەئئۇم يوق، تەسەررۇفسىز تەماشادەك.
غەرىبى قىلمە تەغيىرى تەبىئەت تىلسالار باغرىڭ،
قەرار ئەت ھەر ھەۋادىن بولمە شور ئەنگىز دەريادەك،

*   *

مەقسەدىم بۇدۇركى جەۋلانىڭ كۆرۈپ بولسام هەلاك،
گەردى نەئلى باد پايىڭ ئۇرسەلەر جىسمى ئۇزرە خاك.
چۈن جەفا مۇئتاد مەن، بىلمەن نەدۇر جەۋرۇ جەفا،
بىلمەسە مىهرۇ ۋەفا رەسمىن، جەفا كارىم نە باك.
هەر كۇدۇرەتدىن مېنى پاك ئەتتى سىلى خۇنى دىل،
شۇكر لىللاه، ئاتەشى ئىشقىڭ مىنى كۆيدۇردى پاك.
ئاه، بىلمەن نەيلەيىم جانىمدە راهەت قالمادى،
كۆزلەرىم نەمناك، سىينەم چاك، كۆڭلۇم دەرد ناك.
مەست جان بەردى غەرىبى، چەشمى مەستىن ياد ئىتىپ،
قەبرە باشىغە ئېكىنىڭ، ئەهبابلار بىر نەچچە تاك.

*   *

چەرخ هەر ئاي باشىغە سالمىش قاشىڭدىن هەر خەيال،
بۇ جىهەتدىندۇر هەر ئاي باشىدە بولماق بىر هىلال.
ماهى نەۋ بولمىش قاشىڭ سەۋداسىنىڭ سەرگەشتەسى،
گەردى ئالەمنى كېزەر ئەۋۋارەلەردەك ماهى سال.
دەرگەهىڭغە باشىنى سۈرمەك ئۈچۈن ماهى تەمام،
زەئف ئىتىپ جىسمىنى كۈن-كۈندىن قىلۇر تەغيىر هال.
هۇسنۇڭ ئالىدا كەمال ئىزهارى كۈن قىلغان ئۈچۈن،
بىر كۈن ئولماسكىم ئاڭا گەردۇن يەتۇرمەس بىر زەۋال.
قىلماغىل كۆزدىن نىهان خالىڭنى، ئەي مەه، بۇ كېچە،
دۇدى ئاهىم بولماغاي تاڭلا قوياش ئۈيىغە خال.
ئەي غەرىبى،ماهدەك مەهۋ [ئەيلە] بارىڭنى تەمام،
گەر تىلەرسەن بولماق ئول خۇرشىد بىرلە ئىنتىقال.

*   *

جەمالىڭ هەسرەتىدىن باشىمە تۈن ئانچۇنان ئۇردۇم،
كى تاڭ ئاتقۇنچە پەژمۇردە تەنىم تۇفراقغە تاپشۇردۇم.
پۇكۇلدى قەددىم، ئاهىم كۆككە يەتتى، ئەي كۆڭۈل، ۋەهم ئەت،
بۇ هىجران ئېچرە ئەشكىم سىيلىنى باشىمدىن ئاشۇردۇم.
تەجەررۇد سەيرىدە سايەمدىن ئۆزگە يوقتۇرۇر هەمرەه،
هەۋاۋۇ ئارزۇ تەرك ئەيلەدىم، كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم.
هەۋايى ئىشق سەرگەردانى بولمىش گەردى بادىمكىم،
ساۋۇردۇم كۆككە تۇفراغىنى مەن هەر يەردە كىم تۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



غەرىبى، دەردى مۇھلىكدۇر، دىسەم، ئول ئاي ئىشەنمەيدۇر،
بەھەمدۇللاھكى، جان بەرمەك تەرىقىلە ئىشەندۇردۇم.

* *

پۇنبەئى مەرھەمى داغ ئىچرە نىھاندۇر بەدەنىم،
گەر ھەيات ئولسە لىباسىم بۇدۇر، ئۆلسەم كەفەنىم.
جانىنى جانان تىلەمىش بەرمەمەك ئولماس، ئەي دىل،
جان ئانىڭ سەدقەسىدۇر، ئىتلارىنىڭ خەستە تەنىم.
تەشتىلەر ئاھىم ئوتى شەھد لەبى شەۋقىدىن،
يوق ئەجەب زەنبۇر ئوتىدەك ئىسسە بەيتۇل ـ ھەزەنىم.
بۇلبۇلى غەمزەدەمەن، باغى بەھارىم سەنسەن،
دەھەنىڭ، قەددۇ خۇيۇڭ، غۇنچەۋۇ سەرۋى ـ سەمەنىم.
ھەرزە ناز ئولمە، غەرىبى، دىگەسەن كوچەئى يار،
ۋەتەنىمدۇر، ۋەتەنىمدۇر، ۋەتەنىم.

☆ ☆

نالەدىن بەند يەك قىلىپمەن، ئىشقىم ئاۋازىم بەلەند،
نالەنى تەرك ئەيلەمەسمەن گەر كېسىلسەم بەند ـ بەند.
ئاچىلۇر كۆڭلۇم ئىچۇككىم گىريەئى تەلخىم كۆرۈپ،
ئاچسا ئول گۇلرۇخ تەبەسسۇم بىرلە لەئلى نۇشخەند.
خاكى راھىڭدىن تەنىمنى ئايرىيالماس سايەدەك،
ئەيلەسە گەردۇن قۇياشنىڭ ھەر شۇئائىن بىر كەمەند.
فەقر يولىدا ۋۇجۇدۇڭ خاك ئېتىپ بولغىل ئەدەم،
بۇ ھۇنەر كەسبىدە شايەد بولغاسەن سۇلتان پىسەند.
نائۇمىد ئولغىل، غەرىبى، كامى دىل مۇمكىن ئەمەس،
نىگەكىم، ئول دىلرەبا بى دەرددۇر، سەن دەردمەند.

* * *

جىلۋە ئەيلەپ كىرسە گۇلشەن ئىچرە ئول رۇخسارگۇل،
كۆيدۇرۇر ھەيرەت ئوتىدىن رەڭگىنى ناچار گۇل.
كىمسە ئول گۇلىۈز خەيالىدىن چەمەندە خاب ئېتەر،
تا قىيامەت رەشكىدىن قىلغاي ئۆزىن بىدارگۇل.
شەمئىدەك بۇ نۇكتە رەۋشەندۇر ۋەفا بەزمى ئارا،
داغ زىبىبى گۇل ئىچۇككىم زىينەتى دەستار گۇل.
تا نەفەس باردۇركى ئاسايىشتىن ئۇممىد ئەيلەمە،
سانچىلۇر بوغزىغە ئۆز بويى ئىچۇككىم خار گۇل.
غۇنچەلەر لەئلىڭ خەيالىدىن ياقاسىن چاك ئېتەر،
ۋەرنە بۇ گۇلشەندە يوقتۇر بىر تەبەسسۇمدار گۇل.
شوخىيۇ نەشئۇ ـ نەما ئاخىر خىجالەت يەتكۇرۇر،
سەبزەسىن مىژگانى بىدىلدەك قىلۇر سەرشار گۇل.




مەجلىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئىسراپىل يۈسۈپ، سۇلايمان يۇنۇس

## شەھزادە بىر يولبارسقە ئۇچراغانى

قەرىبى بىر يىل ئۇل تاغ ئىچرە قالدى،
كېتە بىلمەي يامان داغ ئىچرە قالدى.
بولۇپ ھەيران قايان بارۇرنى بىلمەي،
ھەمان يىغلار قەدەم سالۇرنى بىلمەي.
ئۇلۇق تاغۇ بەھەيبەت باسەياسەت،
بولۇر تاغلاردا ھەم يۈز تۈرلۈك ئافەت.
كېلۇر ئەژدەرلەرۇ ئارسلانلار ئۈنى،
تەقى يولبارسلارۇ قاپلانلار ئۈنى.
دېدى: «بويۇن سۇنۇپدۇرمەن قەزاغە،
رىزا بىرىپدۇمەن ھۆكمى خۇداغە.»
چىقىپ ئۇلدى دېگەندە تاغ باشىغە،
سۇ بولۇپ تاشلار كۆزى ياشىغە.
قاراۋۇلدەك قارار تاغۇ تۈزىنى،
كۆرەر دەريا تۈبىدۇر پەر يۈزىنى.
ۋەلى بىر جايدۇركىم دەشتۇ سەھرا،
كى بولماس ئاندا بىر بىھەۋدە پەيدا.
بۇ يان باقسە تېگىزدۇر ھېچ ئۇچى يوق،
ئەگەر چۆلگە كىرەي دېسە كۆچى يوق.
كېلۇر ھەر ياندىن ئارسلانلار تاۋۇشى،
يىلانلار بىرلە قاپلانلار تاۋۇشى.
تەۋەككۇل قىلدىيۇ كىردى دەرەغە،
چىقار چىقماسدا ئۇچرادى بەلاغە.
كۆرەر ئالدىدا بىر يولبارس ناگاھ،
بۇلۇتدەك گۆكىرەدى ھەسرئولدى ئۇل شاھ.
بار ئېردى بىر تەبەر تىشەسى بارى،
ئىلىكدە زەڭگىلەرنىڭ يادكارى.
دېدى قاچقان بىلەن قۇتۇلسە بولماس،
باقىپ تۇرۇپ خاتۇندەك ئۆلسە بولماس.
يۈرۈر ئالدىغە توغرا شەھەنشاھ،
ئاچىپ ئاغزىنى چاچراپ تەبرەتىپ ئاھ.
خۇدانى ياد ئېتىپ ئۇل شاھى غازى،
ئۇچۇپ قوندى مەگەركىم شاھبازى.
تەبەر تىشە بىلەن ئۇردى ئېگەكىگە،
كېسىپ ئاغزىن ئۆتۈپ بويۇن سۆڭەكىگە.
يىقىلدى ئالدىغە ھەيۋانى ھەربى،
تېگىپ شەھەزادەنىڭ دەستىيۇ زەربى.
كى مىرريخ ئافەرىن قىلدى ئىشىگە،
نە تىغ ئۇرماق، نە قان تۆكمەك كىشىگە.
ئانىڭ تىرىسىنى بىر تاسمە تىلدى،
ئۆزۈن چۇستۇ مىيان يەر بەستە قىلدى.
يۈرۈدى نەچچە كۈن بۇ دەشتى چۆلدە،
قۇش ئۇچماس بىر قۇلە، تۈزدەۋۇ يولدە.

* بېشى ئۆتكەن ساندا

يۇرۇردى چۇستۇ چابۇك چىقتى تاغدىن،
كۆتەردى مىۋەلەرنى مىسلى باغدىن.
يۇرۇ يۇمشاق ئاياغلارى ئۇيۇلۇپ،
تەقى نازۇك تاپانلارى سۇيۇلۇپ.
ياڭى ئايدەك بولۇپ ئىچگە پۇكۇلۇپ،
يۇرۇر يىغلاپ كۆزىدىن دۇرنى تۆكۈپ.
ئاياقچى كۆز ياشىدۇر، ھەمدەمى ئاھ،
ھەمىشە دەركى، يا ئەللاھۇ مەۋلاھ.
مېنىڭ ھالىمنى ئۆزگە سەن بىلۇرسەن،
نەكىم تەقدىر قىلساڭ سەن قىلۇرسەن.
كەل، ئەي ساقى، كەتۇرگىل بادەئى نار،
رىۋايەت قىلدى راۋىئى خۇش ئەخبار.
دېدى راۋى ئىشتىگىل خۇش خەبەرنى،
ۋەلى كۆرسەتمەگەي تەڭرى زەرەرنى.
قىلىپ مەنزىل ـ مەراھىللار بەسى تەي،
نە بىزگە يەتكۇزۇر ئۇل سانىئى ھەي.
كۆرۈندى ئالدىدا بىر بىيشە ناگەھ،
يۇرۇپ جان ھەۋلىدە يەتتى شەھەنشەھ.
كى چىقتى بىيشەنىڭ ئالدىغە ئۇلدەم،
كۆرەر ئالدىدا بىر مەيدانى خۇررەم.
ياقىن تۇشۇپدۇرۇر دەريا لەبىندە،
ئاقار قاينار تېڭىز ئانىڭ تۇبىدە.
تەفەررۇج قىلسا جانۋەر ئۇنى كەلمەس،
تەفەھھۇس قىلسە [كۆزگە] ھېچ كۆرۈنمەس.
چۇ قۇۋۋەت يوق ئىدى بىر زەررە تەندە،
يېتىپ بىيشە ئۇزە ئولتۇردى ئاندە.
دېدى: «مۇندا بەشەر ئېرمەس يېرىدۇر،
ئەگەر يوقتۇر پەرى دېۋەنىڭ يېرىدۇر،
ئانىڭ ئىشكىنى كۆردىيۇ كۇشادە،
خۇدا دەپ كىردى ئاندا شاھزادە.
كۆرۈك شەھزادەنى شىرانە كىردى،
كى باش ئويناغالى مەزدانە كىردى.
كۆرەركىم چار باغى خۇب رەئنا،
نە تۇرلۇك مىۋەلەر بار ئاندا پەيدا.
ئاچىلىپ گۇللارۇ نازۇك چېچەكلەر،
كى چولغاشىپ نىھالى ئۇز چېچەكلەر

يۇرۇبان سەير قىلدى ھېچ خان يوق،
بەسى رەئنا چەمەن دۇررى جەھان يوق،
تەقى ئوتراسىدا بىر كۇشك ئالىي،
مۇنەققەش ھۇجرەلەردۇر بارچە خالى.
كى ناگەھ چىقتى بىر شىرى تىلىسمى،
ئوقۇدى شەھ خۇدانىڭ بۇزۇرگ ئىسمى.
باھادۇرشاھ قاچماي ئۇترۇ تۇردى،
خۇدانى ياد ئېتىپ باشىغە ئۇردى.
كېسىلدى شىر باشى يەرگە تۇشتى،
ئانىڭ تەزۋىرو مىكىرى كۆككە ئۇچتى.
كۆرەركىم كاغەزۇ بىر پارە سېھرىش،
قىلىپ تەزۋىر ئىلە دىۋەلەر ئاڭا رىش.
كى كۆڭلىن تىندۇرۇپ كىردى شەھەنشاھ،
ئەجايىب مەنزىل خۇش كۆردى ئۇل شاھ.
ھەۋەس بىرلە ياساپدۇرلاركى بىر ئەۋ،
ھەرەم قىلغان ئىمىش ئانى شەھى دىۋ.
سالىپتۇر ئىشكىگە قۇفلىگە ئالتۇن،
كى مۇنداق يەرگە كەلدى شاھ مەجنۇن،
كىلىدى يوق ئانىڭ قوفلىنى ئاچقاي،
نەدۇر بۇ ئۆي ئىچىندە ئانى بىلگەي.
سۇغۇردى شەمشىرىن قۇقلىنى ئۇردى،
ئىشىكىن ئاچىيان ئۇل ئۇيگە كىردى.
لەتىف ئۆي كۆردى لەئلۇ جەۋھەر ئاندا،
نەكىم قىيمەت باھالىق گەۋھەر ئاندا،
تەقى ئوتراسىدا بىر كۇشك ئۇرغان،
تۇبىدە بىر مۇرەسسەئ تەخت قويغان.
نە كۆردى شاھ ئۇل ئۆيدە ئىشتىكىل،
قۇلاق سالۇ فەراغەت قىل فەرەھ قىل.
كى تەخت ئۆزرە ياتىپدۇر بىر نېمەرسە،
كى شەھ كۆرگەن ئەمەس مۇنداغ كىمەرسە.
ئالىپ شاھ چادىرىنى ئاچتى يۈزىن،
كۆرەر بىر نازەنىنۇ جانى شىرىن.
ياپتىدۇر تەخت ئۇزە بىر ماھ فارە،
يۈزىن كۆرگەچ ياقاسىن قىلدى فارە.
كى يەئنى بو تىرىك بولسا قوپاردى،

مېنى كۆرۈپ تەقى يۈزىن ياپاردى،
ئەگەر ئۆلۈك دېسە ئاندا نەفەس بار،
ۋەلې تىرىسى ئالدىدا قەفەس بار.
يىلاندەك پىچ ئۇرۇپ ساچى يانىدە،
كى جانى بار ھەرەكەت يوق تەنىدە.
باشى ئۈستىنىدە بىرلەۋھى ئالتۇن،
بەسى قىلغان بۇ تەختەغە چىگەرخۇن.
دېدى كۆپ تۇرماغىل ھىكمەتدىن ئېرمەس،
بۇ تەختە قالسە ھەم دەۋلەتتىن ئېرمەس،
بارىپ بۇ تەختەنى ئىلكىگە ئالدى،
تەقى بىر پارەدۇر قوينىغە سالدى،
ئالىپ چىقتى ئىشىككە لەھزە تۇزدى،
بۇ قىز ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەتىسە ئۆردى.
چۇ باقسە ئولتۇرۇپدۇر نازەنىنى،
يانىپ كىردى ساغىندى ئۆيقۇسىنى.
يانا تەختە بولۇپ باردى ئۆزىدىن،
كۆزى يۇمدى تەقى قالدى سۆزىدىن.
تەفەھھۇس قىلدى بۇ لەۋھ ئىچرەدۇر بەند،
قىلىپدۇرلار ئانىڭ ئۆيقۇسىنى بەند.
بۇ كەز تەختەنى ئاتتى تاشقارى شاھ،
قويۇپ ئولتۇردى تەخت ئۈستىدە ئول ماھ.
سەلام ئايدى تەۋازۇئ بىرلە سۇلتان،
يۈزىگە باقتىيۇ شاھ بولدى ھەيران.
دېدى: «يارا، پەرى، يا ئادەمىسەن،
كى مۇنداق يەردە دىۋنىڭ ھەمدەمى سەن؟
بولۇپ ھەيران بۇ قىز ھەم دېدى ئولدەم:
«كىملە بىلمەس پەرى ھازىرگە ئادەم.
دېدىكىم: «ئەي يىگىت، سۆزلە نە جانسەن،
مەرگەر مەئلۇم ئېرۇر دىلگىرجان سەن.

ئايىتتى شاھ ئەۋۋەل دەي بارى سەن،
بەشەر سەنسەن چۇ يا شاھى پەرىسەن.»
قىز ئايتۇر: «ھەۋل قىلما ئادەمەمەن،
زەرۇرەتدىنكى بۇ دىۋ ھەمدەمەمەن.
تۇرۇپ يىغلاپ كۆرۈشتى ئىككىلەسى،
ۋەلې قورقاركى كەلمەگەي ئىگەسى.
دېدى شەھزادە: «مەندەك زار ئىكەنسەن،
فىرا ئىلكىدە ھەم ئەفگار ئىكەنسەن.
نەدۇر ھالىڭ ماڭا دېگىل سەراسەر،
كى بولغايمۇ ماڭا دەردىڭ بەرابەر.
ئاتىڭ ھەم نىدۇرۇر قايدىن بولۇرسەن،
سەبەب نېدۇر كېلىپ مۇندا يۈرۈرسەن؟»
قىز ئايتۇر: «كىمسەن ئەۋۋەل سۆزلە ھالىڭ،
ئىشتەيكىم نەدۇر بۇ مۇژدە فالىڭ.»
دېدى شەھزادەكىم: «قىسسە ئۇزۇندۇر،
كى دىۋنىڭ ئالدىدا ئادەم زەبۇندۇر،
غەرەز قورقۇنچ ئەمەستۇر كەتمەي ئۆلسەم،
بولۇر ئەرمان خەبەر ئىشىتمەي ئۆلسەم.»
دېدى قىز: «دىۋ يانا ئۈچ كۈندە كېلۇر،
كېلىپ ياخشى يامان ھالىمنى بىلۇر.
تۇرار ئۈچ كۈن تەقى ئەۋۋارە بولۇر،
كېلۇر مىئادى يەتتە كۈندە كېلۇر.
مېنى ئول بەند ئېتىپتۇ ھېچ بىلمەن،
ياتىپمەن ئىشىتۇرەم، سۆزلەيەلمەن.
بىلۇرمەن ھەم ئانىڭ كېلۇر كۈنىنى،
قويارمەن ئىشىتىپ ئانىڭ ئۈنىنى.
چۇ ئون بىر يىل بولۇپدۇركىم مەنى زار،
بۇ ھال بىرلە كېچە-كۈندۈز گىرىفتار.»

## شەھزادە ئۆز ھالىنى مەلىكەغە ئايتقانى

ئىشىتىپ ئېرسە قىزنىڭ سۆزىنى شاھ،
ئىچى كۆيۈپ يىلاندەك ئۇردى بىر ئاھ.
دېدى: «ئەمدى مېنىڭ ھالىم ئىشىتكىل،
غەلەت ئېرمەسدۇر، ئەي جانىمكى، يۈتكىل.

ئاتامىنىڭ ئاتى ئاسىم ئىبنى غۇفران،
ئېرۇر ئول مىسر ئىقلىمىدا سۇلتان،
مېنىڭ ئاتىم تۇرۇر سەيفۇل – مەلىك بىل،
ئېشىتىڭ ھالىمە ياخشى سۇلۇك قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كى مىسر ئىقلىمىنىڭ شەھزادەسىمەن،
كى بىر سۈرەت كۆرۈپ دىلدارەسىمەن.
كۆيەر ئوتقا سالىپ ئول جانىلىقىمنى،
قۇلى بولدۇم قويۇپ سۇلتانلىقىمنى.
ئاتى بەدىئۇل - جەمالۇ بىنتى شەھبال،
پېرى ئانىڭ ئېرەم باغى بۇدۇر ھال.
ئىكى يىل مىسر ئىچىندە زار بولدۇم،
دەۋا تاپما بەسى ئەفكار بولدۇم.
مېنىڭ ئۈچۈن تەمام ئىقلىمى بەر ھەم،
بولۇپ ئېردى تەمامى مىسر دەرغەم.
ئاتام قىلدى ئەساسى پادىشاھى،
ياساپ تۆرت يۈز كېمە يۈز مىڭ سىپاھى
قوشۇپ بەردى ماڭا بىچارە بولدى،
مېنىڭ ئۈچۈن بارى ئەۋۋارە بولدى
توشۇپ باشىمە ئوتدەك ئۇشبۇ سەۋدا،
يولۇم بولدىكى بۇ خۇنخار دەريا.
قوپۇپ توپان چاقىلىپ رەئدە ھەم بەرق،
ئوشۇل خەلقۇ ئەساسۇ بولدىلا غەرق.

كوكەلداشىم بار ئېردى سائىد ئاتلىغ،
ئارامىزدا يوق ئېردى ھېچ ياتلىغ.
ئاتاسى ئېردى ئاتامنىڭ ۋەزىرى،
ئۆزى ئېردى بۇ كۆڭلۈم دەستگىرى.
ئەگەر كۆرمەسەم ئېردى بىر زەمانى،
كۆيەر ئېردىم يانا كۆرگۈنچە ئانى.
ئون ئىككى يىل تۇرۇر ئاندىن جۇدامەن،
بۇرۇن سۇلتان ئىدىم، ئەمدى گەدامەن.
بۇ غۇربەت كويىدا بەس مۇبتەلامەن،
يۈرۈپ يالغۇز گىرىفتارى بەلامەن.
قويۇپ ئېردى بەدىئىم كۆكسۈمە داغ،
يەنە سائىد قويۇپ داغ ئۈستىدە داغ.
ئەگەر كۆرسەم ئىدى بەدىئۇل - جەمالىم،
كۆتەرۈرمەن ئۆگۈن بارچە خەيالىم.
بۇساغاسىن ئانىڭكىم تەخت دەرمەن،
قۇلى بولسام زەھى خۇش بەخت دەرمەن.»
نە ئىش تۈشكەنلەرى دېدى سەراسەر،
ئىشىتىپ يىغلادى قىز ھەم بەرابەر.

## بەدىئۇل - جەمالنىڭ ئاتىنى ئىشىتىپ قىز فەرياد قىلغانى

بەدىئىنىڭ ئاتىنى قىز ئىشىتتى،
ياقاسىن چاك ئېتىپ فەرياد ئەتتى.
ئاتىنى ئىشىتىپ يىغلادى بىسيار،
ئانىڭ بىرلە تەقى بۇ ئاشىقى زار.
دېدى قىزكىم: «ئىكەۋلەن بىر ئېمىنداش،
ئېرۈرمىز بىر كېچە تۇغقانۇ تەڭ ياش.
بۇ ئون بىر يىل ئېرۈر ئايرىلغالى مەن،
ھىمىلە يوقتۇر نېتەيىن بارغالى مەن،
ئانىڭ ھەجرىدە كۆيەر جىسمۇ جانىم،
قاراڭغۇدۇر فىراقىدا جەھانىم.
نەچە يىللار ئانىڭ بىرلە يېتىشكەن،
ئانا سۈتى ئانىڭ بىرلە ئىمىشكەن،
كىم ئول مەلدىن خەبەر بىلمەي يۈرۈر ھېچ،
مېنى قويماس ئىدى مۇندا ئۇلار ھېچ.

ئەگەر ئۇچراساڭ ئېردى ئاندا بىزگە،
كى يەتكۈرەر ئىدىم مەقسۇدۇڭىزغە.
نېتەيىن نەيلەيىن بىچارەدۇرمەن،
ئۆزۈمنىڭ ئېلىدىن ئەۋۋارەدۇرمەن.»
ئىشىتكەچ دىلبەرىنىڭ سۆزىنى شاھ،
سۆيۈنۈپ دەرد بىرلە ئۇردى بىر ئاھ.
دېدى: «يا رەب! نە خۇش ئەخبار ئىشىتتىم،
تۈشۈمدۈر يا ئوڭۇم دەۋلەتغە يەتتىم.
قويۇپ سۆزىن ئاياغىغە دېدى زار:
«ئايىتغىل ئۇشبۇ سۆزنى ئەي ۋەفادار.
ئۆزۈڭ بىرلە ھەزىن جانىم ئاۋۇندى،
سۆزۈڭ بىرلە غەمىن كۆڭلۈم سۆيۈندى.
ئىنانىمانكىم ماڭا بولغاي بۇ تالىئ،
مۇنەججىم بىلىمەدى بولغاي بۇ ۋاقىئ.

بۇ سۆزۈڭ چىنمۇدۇر دېدىڭ ماڭا سەن،
نە تۇرلۇك ھەمنىشىن بولدۇڭ ماڭا سەن.
مۇھەببەت يىدى كىپلەدۇر ئۆزۈڭدىن،
كى دەۋلەت ۋەسفىنى ئىشىتتىم سۆزۈڭدىن.
ئايتقىل ئۇشبۇ سۆزنى بىنىھايەت،
چىن ئايتقىل چىنمۇدۇر ئۇشبۇ ھېكايەت؟»
دېدى قىزكىم: «قۇلاق تۇت ئايتايىن مەن،
سۆزۈمنى ياخشى تىڭلا ـ ئاڭلاغىن سەن.
كى شايەد تۇشكەسەن ئول سارىلارغە،
دېگەيسەن بۇ خەبەر ئانداغلارغە.
ئاتام ئاتى بەدىئۇل ـ مەلىك، بىلگىل،
ئېرۇر تەخت ئىگەسى شاھى سەرەندىل.
تەقى بىر ئىنىسى تاجۇل ـ مۇلۇك ئول،
قىلۇر بارچە بىلەن ياخشى سۇلۇك ئول.
ئانىڭدۇر پايتەختى شەھرى سەڭگىن،
ئۇرۇر شەھرى لەتىفۇ بەسكى رەڭگىن.
بۇ ئالەمدە تىرىك بولساڭ بارۇرسەن،
ئەگەر مەندىن خەبەر دېسەڭ بارۇرسەن.
مېنىڭ ئاتىم مەلىكە بۇ جەھاندا،
ئۆزۈم مۇندا ۋەلې كۆڭلۈمدۇر ئاندا.
ساغىنۇرمەن بەدىئىمنى ھەمىشە،
زەرۇرەتدىن قىلىپمەن سەبر پىشە.
مەن ئايتاي ئەمەي سۆت ئەمگەن سەبەبنى،
ئىشىت تەھقىق ئېرۇر قويمە تەلەبنى.
ئۇشۇل كۈنكىم ئانام ھەملى يېتىپدۇر،
كى توي ئەتمەك ياراغىنى ئېتىپدۇر.
كى باردۇر چار باغى مىسلى ئىرەمۋار،
لەتافەتلىك چەمەندۇر باغى گۈلزار.
بەدىئىمنىڭ ئاناسى كەلگەن ئىكەن،
مۇنۇڭدەك ياخشى مەنزىل كۆرگەن ئىكەن.
ئانىڭ ھەملى يېتىپ ئىكەن ئۇشۇلدە،
بەدىئىمنى تۇغۇرغان ئېرمىش ئاندە.
ئانام ئاندا قىلىپ توي ھەشەمەلەر،
مۇئەتتەرلەر قىلىپ تىكىپ ئەلەملەر.
نەچە كۈن ئول ھەم ئاندا ئولتۇرۇپدۇر،
بۇلارنىڭ تويىنى كۆرۈپ تۇرۇپدۇر.
قىلىپ تويىنى ئەداۋۇ ئول ھەشەمنى،
ۋىدائ ئەلگە بېرىپ يىغىپ ئەلەمنى.
ئانام قالغان ئىمىش ئاق ئۆيدە خىلۋەت،
كىرىپدۇر ئالدىغە بىر خوبى ئەۋرەت.
كۆرۈشۈپ، سورۇشۇپ ياخشى بىلىشىپ،
بىرى بىرىسىنى تەھقىق قىلىشىپ.
مېنىڭ يۈزۈمنى ئول ئاچىپ كۆرۈپدۇر،
ماڭا مېھرى كېلىپ ئول ئېمىزىپدۇر.
ئانام دەپدۇركى سۆت بەردىڭ قىزىمغە،
كى مەن ھەم سۆت بېرەي سېنىڭ قىزىڭغە.
چىنار ئۈستىدە بىر جىنىغە بۇيۇرمىش،
كى بىر ياقۇتدىن بۆشۈك تېپشۇرمىش.
كى بولغاي بىر ـ بىرى بىرلە ئىمىلداش،
ئۇلارنى دېسە ھەم بولغاي قارىنداش.
ئانام ئاچىپ كۆرۈپدۇر گۈل يۈزىنى،
سۆيۈپ جان بىرلە ئېمىزىپ قىزىنى.
ئانام دەپدۇركى، ئەي شاھى پەرىزاد،
قىلۇرمەن بۇ بەدىئىمنى بەسى ياد.
كۆرەي دېسەم تاپا بىلمەن، نە قىلاي،
ئىرەم باغى قاياندۇر، مەن نە بىلەي.
قىلىپدۇر شەرت ئانام بىرلە پەرىزاد،
چىن ئايتۇرمەن مۇنى ئەي ئادەمىزاد.
كى ھەر ئۈچ ئايدا بىر سىزگە يىبەرەي،
كېلىپ سىزنى ئۆزى ئول مۇندا كۆرگەي.
بەھىللىكلەر بىلە كېتىپدۇر ئاندىن،
بولۇپ بىر سۆت ھەقى ئۇشۇل زەماندىن.
ئۈچ ئاي بولسە كېلىپ بىزنى كۆرەر ئول،
نەچە كۈنلەر ئۇشۇل باغدا تۇرار ئول.
نەچە يىللار ئانىڭ بىرلە فەراغەت،
قىلۇر ئېردۈك ئۇشۇل مەنزىلدە راھەت.
مەن ئايرىلغالى ئاندىن ئونۇ بىر يىل،
تەقى يۈز ئانچە بولدى ھۇسن بىلگىل.
ئەگەر دىيدارىنى مەن كۆرگەي ئېردىم،
مەقسۇدۇمغە سېنى يەتكۈرگەي ئېردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خۇدا بەرگەن مۇرادىڭنى، ئايا شاھ،
يانا مىسىر ئېلىگە سەن بولغاسەن شاھ.
مەنى بىچارە بولۇپمەن گىرىپتار،
بۇ دىۋنىڭ ئىلكىدە ئۆلگۈمدۈرۈر زار.»
مەلىكزادە ئىشىتىپ باردى ئۆزدىن،
باغىرقانىن ئاقىزىپ ئىككى كۆزدىن.

يانا يىغلاپ دېدىكىم: «ئەي مەلىكە،
نەچۈك تۈشتۈڭ بۇ دىۋگە ئەي جانىگە.
كى مۇنداق تۈشكەنىڭدىن قىل ھېكايەت،
فەلەكنىڭ جەۋرىغە يوقتۇر نىھايەت.
ئاتاڭ ـ ئاناڭ سېنى ئاندا يوتۇردى،
بۇ زالىم دىۋ نېچۈك مۇندا كەتۈردى»؟

## مەلىكە دىۋەگە گىرىفتار بولغانىنى شەھزادەغە ئايتقانى

مەلىكە دېدى: «ئەي سۇلتانى ئالەم،
سېنىڭ بولسۇن تىفەيلىڭ جانى ئالەم.
جانىم بولسۇن فىدا بۇ سۆزگىنەڭگە،
ئۆزۈم قۇربان كۆڭۈل ئاۋلاغانىڭغە.
بەدىئىم بىرلە ئويناپ يۈرۈر ئېردىم،
ئوشۇل باغدا ھەمىشە تۇرۇر ئېردىم.
بۇ زالىم بىزنى ئاندا كۆرگەن ئېرمىش،
بىزنىڭ غافىللىغىمىز بىلگەن ئېرمىش.
ماڭا بولغان ئىكەندۇر ئاندا ئاشىق،
ئالىپ قاچقالى كۆرگەن ئىكەن چۇلايىق.
بەدىئىمغە بۇ دىۋنىڭ تېشى پاتماس،
ئالاي دېسە تۇتارغە ئىلكى يەتمەس.
يۈزۈمدە كاشكى قالغايدى چېچەك،
رۇخۇمدا قالغاي ئېردى داغى ئايدەك.
ساچىم بولغاي ئىدى ئەي كاش ئەفئى،
كى بولغايمۇ ئىدى بۇ قىسسە دەفئى.
يۈزۈم بولغاي ئىدى قاپقارا جۇۋال،
قەلەم بىرلەكى باغلاغاي ئىدىم سال.
بارى كۆز سالماغاي ئېردى بۇ زالىم،
چۇ زۇلفۇمدەك پەرىشان بولدى ھالىم.
كى قۇرماغاي ئىدى كۆز، قاش ياسىن،
چېكەدۇرمەن، بىلىڭ، ھۇسنۇم بەلاسىن.
بويۇم بولماغاي ئىدى سەۋرى ئازادە،
بارى بولغاي ئىدىم بۇ غەمدىن ئازادە.
كى بولماس غۇنچەدەك ئاغزىم شۇكۇفتە،
لەبىم لەئلۇ تىشىم دۇررۇ نەھۇفتە.

مەن ئەمدى ئايتايىن ھالىمنى سىزگە،
كى بولغايمۇ مۇۋافىق دەردىڭىزگە.
كى بىر كۈن باغ ئىچىندە كېزەر ئېردىم،
ساچىمنى گۈل بىلە ھەم بۇرار ئېردىم.
قالىن قىزلار بىلەمەن سۇغە تۈشتۈم،
ئۆزۈمدىن باردىمۇ مەن كۆككە ئۇشتۇم.
قاراڭغۇلۇق بولۇپ تۇفان يېلىدىن،
يىراق تۈشتۈم تەمامى شەھر ئېلىدىن.
كۆزۈم ئاچتىم ئۆزۈمنى مۇندە كۆردۈم،
كى ئالدىمدا مۇقابىل دىۋە كۆردۈم.
كى قورقۇپ ھالىمدىن بىھۇش بولدۇم،
كۆزۈمنى يۇمدۇمۇ خامۇش بولدۇم.
نەچە كۈنلەر مېنى ئالدى بۇ دىۋە،
بۇزۇق كۆڭلۈمنى ئاۋلادى بۇ دىۋە.
بۇ ھەم دىۋلەر ئېرۇر شاھزادە،
ئېرۇر سۇلتان ۋەلى گۇمراھزادە.
مۇنىڭ ئاتىنى دەرلەر شاھ ئاسۇد،
كى يوقتۇر بىر مۇنىڭدەك كافىرى بەد.
بۇلارنىڭ يۇرتى قۇلزۇم كۆھى ئېرمىش،
كى كافىرلىق بۇلارنىڭ كويى ئېرمىش.
ئېرۇر شەھبال ھەم شەھرۇخ مۇسۇلمان،
بۇلار بىرلە ياغى بولۇپ تۆكۈپ قان.
دېدى «ئاتاڭ، ئاناڭنى سەن ئۇنۇتغىل،
غەنىمەت تۇت مېنى كۆڭلۈڭ ئاۋۇتغىل.»
كى مۇندىن ئىككىسىگە يەتسە بولماس،
مېنىڭ ئېلىكىمدىن ئەمدى كەتسە بولماس.

پەرىلەرغە ئېرۇر بىر ئايلىق يول،
ئاراسىدا مۇھىتۇ تاغ ھەم چۆل.»
تەسەررۇف مەئىنىسىدىن سۆز ئايتۇر،
كى سابىرنام بۇ سۆزدىن داغى قايتۇر
كۆڭۈل ئاۋلاپ ماڭا ھەرگىز قاتىلماس،
كىم ئول مەئنى بىلەن جانىمغە تەگمەس.
رىزا بەرمەم ئاڭا ئۆلگۈنچە ھەرگىز،
بويۇن سۇنمام رىزا بىرلە بىلىڭىز.
چۇ ئول زالىم تۇرۇر زۇلمىنى بىلمەن،
كىم ئول كافىر تۇرۇر جەۋرىنى بىلمەن.
تىلەرمەن كېچە ـ كۈندۈز تەڭرىدىن مەن،
ئىلاھىم، دىۋە زۇلمىدىن ساقلاغايسەن.»
ئىكەۋلەن ئولتۇرۇپ يىغلاشتىلار زار،
ئىشتىكەنلەر بۇلار ھالىغە يىغلار.

## شەھزادە دىۋەنى ئۆلتۈرگەلى مەلىكەدىن كەڭەش تىلەگەنى

دېدى شەھزادە كىم: «بىر فىكر ئېيتەلى،
بۇ دىۋنى ئۆلتۈرۈپ مۇندىن كېتەلى.»
مەلىكە دېدىكىم: «نې فىكر ئېيتەرمىز
بۇ زالىم ئىلكىدىن نېچۈك كېتەرمىز.
كى ھەر فىكرىكى قىلساڭ باردۇرمەن،
سېنىڭ ھالىڭ ئۈچۈن غەمخاردۇرمەن.
خۇدايىم قىلغاي ئۇشبۇ فىكرىمىز راست،
خەلاس ئەتكەي ئىلاھىم بىزنى بىخاست.»
مەلىكزادە دېدىكىم: «ئەي مەلىكە،
سەۋەرىم، خاھەرىمىسەن خانىكە.
بۇ تەختەنىكى ئورنىدا قويايىن،
چادىرشەبنى يۈزىگە ھەم ياپايىن.
ئىشىكنىڭ قۇفلىنى ھەم بۇرناغىدەك،
تۇزۇپ بەركىتەيىن ئەۋۋەل چاغىدەك.
كېلۇر ۋەقتى بولۇپدۇر كەلسە ناگاھ،
مۇبادا كىم بۇلارنى بىلسە ناگاھ.
ئۆزۈمنىڭ فىكرىنى ھەم مەن بىلۇرمەن،
ياشۇنۇر فىكرىنى ھەم مەن قىلۇرمەن.
كېلىپ سېنىڭ بىلە ھەمراز بولسە،
كۆلۈپ ـ ئوينىاپ يانا دەمساز بولسە.
ئانىڭ بىرلە مۇھەببەت ساز قىلغىل،
لەتافەت بىرلە خۇب پەرۋاز قىلغىل.
قاراق بىرلە ئانى مەشغۇل قىلىبان،
ئويۇن بىرلە ئۆزۈڭنى گول قىلىبان.
قىلىپ تەقرىب ئىلە ياشىنى سورغىل،
كى بۇ دۇنيادا ھەم جانىنى سورغىل.
دېگىلكىم دىۋەنىڭ ئۇزۇن ياشى بار،
بىلە ئالمام ئانىڭ نەچچە جانى بار.
ئۆلارنىڭ جانى تەندە يوقتۇ بولغاي،
ئانىڭ ئۈچۈنكى كۆڭلى يوقتۇ بولغاي.
دېگىلكىم، جانىڭىزلار قايدا تۇرۇر،
مەگەر سىزلەر بىلەن ئول بىرگە يۈرۈر.
بىزنىڭكى جانىمىز ئەزرائىل ئالۇر،
سىزنىڭ جانلارنى بىلمەسمەن كىم ئالۇر؟
بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ قەھر قىلسا،
ئاچىغلانىپ ئانىڭ گەر زەھرى كەلسە.
سەن ئاندا ناز ئەيلەپ يىغلاغايسەن،
غەرىبلىق دەردىغە ئاڭا دېگەيسەن.
ئىشتىكىل ئول نەدەر بۇ مەئنىلەردىن،
تەقى ئاخىر تىرىكلىكلەر ئۆلاردىن.»

## مەلىكە دىۋەدىن فەند بىرلە جانىنىڭ بەندىنى سوراغانى

مەلىكە دېدى: «بۇ سۆزلەر سورۇپمەن،
ئۈمىد ئۈزۈپ كۆڭۈلنى تىندۇرۇپمەن.
كى بىر كۈن دىۋ ماڭا ھەمراز بولدى،
مۇھەببەت بىرلە ئول دەمساز بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پىراق ئەنگىز قىلدى ئاسرادى دىۋ،
ئۆزى سۆيۈپ، نە دەرسەن دېدى ھەم دىۋ.
مەن ئاندا مەسلىھەت ئۈچۈن كۆلەردىم،
زەرۇرەتتىن سۆيۈپ، ئەمما ئۆلەردىم.
بۇ سۆزلەرنى ماڭا كىم سىز دېدىڭىز،
سورۇپمەن بىر كۈنى سىز ئىشىتتىڭىز.
چۇ سوردۇم جاننى ئۇردى تەبانچە،
نە سۆزدۇركىم سورارسەن مەندىن ئانچە.
ئاڭا مەن يىغلادىمۇ ناز قىلدىم،
ئانىڭ بىرلە گىلىھ ئاغاز قىلدىم.
ئاڭا دېدىم: ساڭا مەندىن نە كەلگەي،
مەنى بىچارە جانىڭغە نە قىلغاي.
سېنى دەپ جۇملە ئالەمدىن كېچىپمەن،
مۇھەببەت جامىنى سەندىن ئىچىپمەن.
پىراق ئەتكەندە سەن مېنى ئۇرارسەن،
ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈرمەن سەن كۆرەرسەن.
كېتىپ پېئلى بۇ دىۋەنىڭ دېدى: ئەي جان،
سېنىڭ كۆز ياشىڭا جاندۇر پەراۋان.
مېنىڭ جانىمغە ئىلكىڭ قايدا يېتەر،
ئەگەر بىلسە تەقى ئادەم نە ئېتەر.
تۇرۇر جانىم بۇ دەريانىڭ تۈبىدە،

كى بىر چاھ ئىچرەۋۇ ساندۇق ئىچىدە.
ئەگەر بولسە سۇلەيمان ھىكمەتىدىن،
ۋە يا بولسە نىگىنى ھۆرمەتىدىن.
چىقار دەريا يۈزىگە دىۋە جانى،
ئۆزى قانى سۇلەيمان، مۆھرى قانى.
سۇلەيمان ئۆلدىيۇ دىۋلەر قۇتۇلدى،
ئانىڭ دەۋرىدە كۆپ غۇسسەلەر پۈتۈلدى.
ھىكايەت ئۇشبۇدۇر قىلدىم سەراسەر،
دېدىكىم: سەن ماڭا ئۇلتۇر بەرابەر.
كۆلۈپ ئالدىغە كەلدىم مەسلىھەتدىن،
بەسى ھەيران ئېرۇرمەن بۇ نىيەتدىن.
مەلىكە دېدى: ئەي يارى ۋەفادار،
مېنىڭ ھالىم بۇدۇر دەپ يىغلادى زار.
قۇتۇلماس بولدۇم ئەي دىلدار مۇندىن،
ئۈمىد ئۈزگىل بۈگۈن ئەي يار مەندىن.
بۈگۈن سىز قويمىڭىزۇ يولغە تۈشۈڭ،
ئاتام ـ ئانام بىلە بارىپ كۆرۈشۈڭ.
مۇنىڭ جانىغە كىمنىڭ ئىلكى يېتەر،
بۇ مىسكىن ئادەمى ئاڭا نە ئېتەر.
سۇلەيمان قانداdur، مۆھرى قانىكىم،
كى چىققاي دىۋە ئاسۇدىنىڭ جانىكىم.»

## شەھزادە دىۋەنى ئۆلتۈرۈپ مەلىكەنى ئالىپ كەلگەنى

مەلىكە سۆزلەرىنى دېدى بىر ـ بىر،
مەلىكزادە قوپۇپ چەرخ ئۇردى پىر ـ پىر.
دېدى: «سۆيۈنچى بەرگىل، ئەي مەلىكە،
تىلەكلەرىڭ خۇدا بەردى جانىكە.
سۇلەيمان مۆھرى مەندە ھازىر ئېرۇر،
ئىنايەت قىلغۇچى ئۇل قادىر ئېرۇر.
قۇتۇلغايمىز بەلالار مېھنەتىدىن،
سۇلەيمان يۈزۈكىنىڭ ھۆرمەتىدىن.
قوپ ئەمدى، مەسلىھەت تۇرماقغە يوقتۇر،
پەراغەت بىرلە ئولتۇرماقغە يوقتۇر.
يىغىپ ئازۇقۇ كۆللى مىۋەلەردىن،

چىغارىپدۇر نەمەكۇ دانەلەردىن.
چىقىپ ئەۋۋەل بارىبان باغلادى سال،
قۇتۇلغاچ تۈشكەمىز دەرياغە پىلھال.»
بارى ئىشلارىنى قىلىپ سەرەنجام،
كىرىپ دەرياغە ئول ئىككى دىلئارام.
دېدىلەر: «ئەي تېڭىز، تەڭرى ئاتىدىن،
سۇلەيمان يۈزۈكىنىڭ ھۆرمەتىدىن.
كى سەن بىر مەۋج ئۇرۇپ تۈزگە كەتۈرگىل،
بۇ دىۋنىڭ جانىنى بىزگە يەتۈرگىل.»
يۈزۈكنى سۇغە ئۇرغاچ جۇش قىلدى،
كى ساندۇقى چىقىپ سەر پۇش قىلدى،

بولۇپ خۇررەم ئىكەۋلەن چۈن گۈلى تەر،
ئاچىپ كۆردىلەر ئاندا بىر كەبۇتەر.
كەبۇتەرنى كىيىپ فىلهال باشىن،
پۇشۇردىلار بۇ كۈن ئاسۇدىنىڭ ئاشىن.
ئوشۇل هالەتدە ناگەھ قوپتى تۇفان،
هەۋادىن ياغا باشلادى قىزىل قان.
كېلىپ يەقىلدى ئول زالىم هەۋادىن،
ئۈزۈلۈپ باشى تەقدىرى خۇدادىن.

قۇتۇلدىلار بۇلار دىۋ ئافەتدىن،
پەرىلەر كەتتىلەر دىۋنىڭ يېرىدىن.
قىلىپ سەجدە دېدىلەر: «ئەي ياراتقان،
بەلالارنى كەرەم بىرلە يىراتقان.
ئىنايەت سايەسى سال باشىمىزغە،
تەرەههۇم قىل يانا كۆز ياشىمىزغە.
غەرىبلەر كۆڭلىنى ئەمدى كۆزەتكىل،
مۇخالىف يولۇمىزنى سەن تۈزەتكىل.»

## شەهزادە مەلىكە بىلە دەرياغە كىرگەنى

خەلاس ئەتتى شەهەنشەھ خاهەرىنى،
كى دىۋنىڭ بەندىدىن گويا پەرىنى.
كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈپ سالىن سۈرەرلەر،
ئوقۇبان ئىسمى ئەئزەمنى هۈرەرلەر.
كىشىگەكىم خۇداۋەند يار بولۇر،
ئوشۇل قۇلغە بارى غەمخار بولۇر.
كى يۈز مىڭ مۇبتەلالىقتىن قۇتۇلۇر،
كى بۇ تۇسۇر بەلالاردىن قۇتۇلۇر.
سېغىنساڭ گەر خۇدانىڭ ئىسمەتىغە،
سېنى تارتار ئۆزىنىڭ رەهمەتىغە.
دىلى ئوت ياقماغۇنچە جۇش بولماس،
جەفانى چەكمەگۈنچە نۇش بولماس.
نە خۇشدۇركىم كىشى يۈز رەنج چەكسە،
چېكىبان رەنج مەقسۇدىغە يەتسە.
تېكىزگە كىردىلەر چۈن ئىككى ماهى،
نەهەڭنى كۆيدۈرۈپ بۇلارنىڭ ئاهى.
دېدى راۋىكى: ئۈچ ئاي تىنمادىلار،
قايان بارۇرلارىنى بىلمەدىلەر.
ئوشۇل بىچارەلەركىم سۇدا ئىردى،
كى بىر كۈنى شەھ يانا ئۇيقۇدا ئىردى.
قەزادىن بىر نەهەڭگى بولدى پەيدا،
مەلىكە قىچقىرىپ دەر: «ۋاي ۋەيلا.»

قۇتۇلدۇق دىۋەدىن بۇ نە بەلادۇر،
كى ئويغاندى يەنە شادى باهادۇر.
كۆرەركىم بىر نەهەڭدۇر ئاغزىن ئاچىپ،
ياتىشىپدۇر بۇلارغە ئاغزىن ئاچىپ.
ئۇلار ئىككىسى دەر: «سۇببۇهۇقۇددۇس،»
دېدىلەركىم: «ساقلا رەۋشەندۇر ئەي دوس.
باقىپ تۇرغۇنچە بىر زەخمى ئۇرالى،
نەكىم بولسە قەزا، ئۆزگە كۆرەلى.»
تەبەر تىشەنى ئالدى شاھ تۇردى،
خۇدانى ياد ئېتىپ باشىغە ئۇردى.
ئانىڭ ئۇردى باشىغە پارە بولدى،
بۆلۈندى باشىيۇ ئاۋارە بولدى.
شۈكر بىرلە خۇدانى قىلدىلار ياد
كى بولدىلار يانا بىچارەلەر شاد.
نەچە كۈنلەر يۈرۈردىلەر يېمەي غەم،
كۆرۈندى بىر جەزىرە سەبز خۇررەم.
دېدىلەر: «نەچچە كۈن مۇندا تۇرالى،
نە كېلۇر تەڭرىنىڭ سۇنئى كۆرەلى.
سەناۋۇ شۈكر ئېيتەلى تەڭرىمىزگە،
خۇدانىڭ زىكرى قۇرغان مەكرىمىزگە.
بولۇبان توغرى يۈزىدىن بىر ئاهى،
قەزادىن كۆرنەدۇر فەرلى ئىلاهى.

www.uyghurkitap.com



## شەھزادە بىرلەن مەلىكە بىر بۆلۆك كارۋانغە ئۇچراغانى

كەل، ئەي ساقى، كەتۈر راۋىغە قەرقەف،
مۇغەنىنلەر بىلەن چەڭگۈ نەيۇ دەف.
دېدى راۋى رىۋايەتدۇر بۇ داستان،
ئۆتتۆپ قىش، بولۇبان ۋەقتى گۇلىستان.
گۇلىستاندا گۇل ئاچىلىپ ساچىلۇر،
بۇ داستاندىن كۆڭۆل دائىم ئاچىلۇر.
گۇلىستان ۋەقتىدۇر بىر نەچچە كۈنلەر،
بۇ داستان تازەدۇر ئۆتسە چۇ يىللار.
كېلىپ ئىشرەت يانا مېھنەت تۆگەندى،
كېتىپ نەكبەت يانا دەۋلەت ئۇلاندى.
قەزادىن تەگرى تەقدىرى بىلەن راست،
كېلىپ بىر كارۋانى مۇندا بىخاست.
بۇلار ھەم كۆردىلەر بۇ مەنزىلى خۇش،
كېلىپ تۆشتى يانا بۇ مەھفىلى خۇش.
ئىشىتىپ ئۆنلەرىن شەھزادە كەلدى،
يىراقدىن تۇرۇبان نەززارە قىلدى.
يانا قورقتى مۇخالىف بولماغاي دەپ،
قىلۇر تەھقىق خايىف بولماغاي دەپ.
كۆرۆپ ئەۋزائلارىن سۇننەت مۇسۇلمان،
بارىپ سەۋداگەرۇ ھەم نۇرى ئىمان.

مەلىكزادە يۆرۆپ ئىلگەرى كەلدى،
سەلام ئېتىپ بەسى تەئزىم قىلدى.
بۇلار قورقار قاراقچى بولماغاي دەپ،
كى بىزنى چاغلاغالى كەلمەگەي دەپ.
بىلىپ تەھقىق قىلدىلار بۇلارنى،
بۇلار ھەم بىلدىلەر مۇئمىن سىنىنى.
بارىپ بۇ ھەم ئۆيىدە ھەر نە بارىن،
مەلىكە بىرلە ئول كەلتۆردى ئارىن.
ئولتۇردىلار قوشۇلۇپ كۆڭلى تىنىپ،
فەلەكنىڭ جەۋر ئېتەردىن بوينى سىنىپ،
بۇ ئەل كۆڭلىنى ئاۋلاپ سۆز قاتارلار،
تەئەججۇب بىرلە يۆزىگە باقارلار.
مۇنىڭ ساچى تۆشۆپ يۆزى ـ كۆزىگە،
باقارلار كارۋانىلار يۆزىگە.
چۇ دەرلەركىم ئۆلار ھۇر سىمادۇر،
مۇنىڭدەك سارغارىپ نۇرى تامادۇر.
كى بىلدىيلەر مۇنىڭ فېئلىيۇ زادى،
كۆرۆپ مەئلۇم قىلدىلارچۇ زادى.
چۇ سوردىلار مۇنىڭ ھالىن سەراسەر،
بۇ ھەم ھالىنى دېدى دەر بەرابەر.

## كارۋانلار ئۆز شەھرىنى ۋە پادىشاھلارىن ئىسمىنى شاھ مەلىكەغە ئايتقانى

ئىشىتىپ كارۋانىلار بۇ سۆزنى،
بولۇپ تەقرىب ياد ئەتتى بۇ قىزنى.
بىرىسى دەر بىزىڭ سۇلتانىمىزنىڭ،
ئاغاسىنىڭ قىزى ئول خانىمىزنىڭ.
كى ئونبىر يىل تۇرۇر غايىب بولۇپتۇر،
كىشى بىلمەس ئۆلۆكتۇر يا تىرىكتۇر.
بۇلار سوردى: «سىزىڭ سۇلتانىڭىز كىم؟
ئانىڭ ئۇلۇغ ئاغاسى خانىڭىز كىم؟»
دېدى: «تاجۇلمەلىك سۇلتانىمىزدۇر،
رەبىئۇلمەلىك ئاغاسى خانىمىزدۇر.
ئىنىسى پادىشاھى شەھرى سەڭگىن،
ئاغاسى خانى ئېرۇر شەھرى سەرەندىل»
ئىشىتكەچ چۇن مەلىكە يىغلادى زار،
ئوشۇل ئەۋۋارە مەندۇرمەن گىرىفتار.
فىغان قىلدى تەمامى كارۋانى،
سۆيۈنۆپ ئۇچراغانغە شاھ جانى.
كى بولدىلار بۇ كۈن بىچارەلەر شادە،
تەمامى قايغۇدىن بولدىلار ئازاد.

دېدىلەر: «كارۋان بارۇر يېرىمىز،
ئۇشۇل ئىقلىمدا باردۇر ئۆيلەرىمىز.
مۇسۇلمانلار بارى ئېرۇر تەلەبكار،
يانا ئۈچ ئايدا يەتكەيمىز ئۈمىد بار.»
دېدى بۇ ئەل: «خىتا سەۋداگەرىمىز،
كى ئالتە ئاي ئېرۇر سۇدا كېلەرمىز.»

## شاھ مەلىكە كارۋانلار بىرلە شەھەرىگە كەلگەنى

ئىككى - ئۈچ كۈن تىنىپ بۇ كارۋانى،
كەتۈردىلەر يانا كېشتى ئەدانى.
ئالىپ شاھزادەلەرنى دەرمىيانە،
ئۇلار ئۆز مۈلكىگە بولدى رەۋانە.
ئىنايەت بولدى كېشتى بادبانى،
سالامەت بولدى يۈرۈپ كارۋانى.
سۈرۈپ مەللاھلار كۈندە بۇ كېشتى،
چىنەگەن كۈندە مەنزىلگە يېتىشتى.
قۇرۇغلۇق سەرھەدىغە يەتتى كېمە،
چىقاردى خەلق رەختۇ كۈللى نېمە.
بۇ سەرھەد پايتەختى شەھرى سەڭگىن،
ئەجەب شەھرى ئېرۇر زىباۋۇ رەڭگىن.
يىغىبان كارۋانى پەشكەشلەر،
خىتايدىن تەقى ياخشى قوماشلار.
سۆيۈنچىگە كىشى ياراغلادىلار،
كۆچەرگە رەختى بارىن باغلادىلار.
ياراغلاپ كارۋان ئىككى ئۇلۇغىن،
سۇخەن فەرۋاز ئىلە ساھىب ۋۇقۇفىن.
رەبىئۇلمەلىك كەلدى پېشبازى،
يېتىشتى دەپكى يانا سەرۋى نازى.
قوشۇلدى بىر - بىرىگە جىسمۇ جانى،
ئارا يولدادۇر ئۇشۇل دۇر مەكانى.
تولۇئ ئەتتى چۇ شەمسى - خاۋەرىدەك،
كۆرۈشتى ئاي زوھرە، مۇشتەرىدەك.
بۇلارنىڭ ھالىتىدىن قوپتى ئەفغان،
سۆيۈنۈپ خەلق يىغلارمىسلى باران.
ئاسايىش - سىلسىلە بىرلە كەتۈردى،
سەرانديل شەھەرىنىڭ خانىن كەتۈردى.
مۇرەسسەئ قىلغان ئالتۇندىن تەختلەر،
يازىپ تۈرلۈك قوماشۇ خۇب رەختلەر.
ئۇتۇردىلار قوشۇلۇپ شەمسى خاۋەر،
سورۇپ ئايتۇر ئاناسى جانى مادەر:
«سېنىڭ ھالىڭ غەرىبىم يازۇ كۈزدە،
نېچۈك كەچتى ئىكىن ئول تاغۇ تۈزدە.
نەكىم كۆرگەنلەرىنى دېدى بىر - بىر،
تەقى دېدىكى يوقتۇر مەندە تەقسىر.
تەنىمگە تەگمەدى كۆڭلەكدىن ئۆزگە،
قولۇم ھەم تۇتمادى ھېچكىمدىن ئۆزگە.
يۈزۈمگە تەگمەدى غەيرى يۈزى چەڭ،
لەبىم ئېردى ھەمىشە غۇنچەدەك تەڭ.
قىلىڭ باۋەر بۇ مىسكىنىنىڭ سۆزىنى،
كۆزۈم كۆرمەدى نامەھرەم يۈزىنى.
ئىچىم قان غۇنچەدەك ئاغزىمنى ئاچماي،
ئىچەر ئېردىم ئۇشۇل قاننى دەم ئۇرماي.
مەگەر ئول دىۋە زالىم گاھ كېلىپ،
كېتەر ئېردى تىرىكلىكىمنى بىلىپ.
ئېشىتىپ ئاھ ئۇرار خىيشۇ قەبىلە،
قىلۇرلار شۈكر بىسيار ئول قەبىلە.
قىلىپ شۈكرانە تويى شادىيانە،
ئالىپ سەيفۇلمەلىكنى دەرمىيانە.
ئۇغۇل ئوقۇدى ئۇل شاھزادەنى،
ئاڭا تاپشۇردى مۈلكىنى شەھەنشاھ.
ئۇشۇل مەجلىسدە ھەم شاھى سەرانديل.
بېرىبان خاسە تونۇقۇ رەمەندىل،
بۇرۇنقىدەك يانا شەھزادە بولدى،
بارى ئاستانلارى ئامادە بولدى.
ۋىدادئ ئەلگە بېرىپ ئىتمام بولدى،
سەرانديل ئىچرە گۇفتىگۇي بولدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



كېچە ـ كۈندۈز مۇشەققەتتە شەھەنشاھ،
ۋەلى سائىد ئۈچۈن ھەردەم ئۇرار ئاھ.
چۈ بىر كېچە قاراقى زور قىلدى،
شەھەنشەھ كۆڭلىنى رەنجۇر قىلدى.
ئىجازەت بەردى ئەلگە قالدى يالغۇز،
ساغىنىپ يىغلادى ئول كېچە تا رۇز.

چۈ دەركىم: «سائىدى جانە يارا،
نەگە بولدۇڭ ئىكى بىگانە يارا.
ئۆزۈڭ كۆڭلۈمدە كۆزۈم يولدا نازىر،
كۆزۈمدىن غايىبۇ كۆڭلۈمدە ھازىر.
سەلام ئۇلغايىپۇ ھازىر كۆڭۈلدە،
تىرىكمىزدە قالدىڭمۇ يا تاغۇ تۈزدە.

## شەھزادە سائىدنى ساغىنىپ نالە قىلغانى

«سەلاۋۇم، ئەي يار جانى مېھرىبانى،
سەلام، ئەي مېھرىبانى جاۋىدانى.
سەلام، ئەي قۇۋۋەتىمۇ، روھ نەۋازىم،
سەلام، ئەي دىلبەرىم جانۇ جەھانىم.
سەلام، ئەي مەھرىبانى دىلنەۋازىم،
سەلام، ئەي بوستانۇ سەرۋى نازىم.
سەلام، ئەي لالە رويۇ گۈلئۇزارىم،
سەلام، ئەي كۆز نۇرۇم باغۇ نىھارىم.
ماڭا سەنسىز بۇ ئىچكەنىم قىزىل قان،
ماڭا ئاچچىغ ئېرۇر سەنسىز سۈچۈك جان.
ماڭا سەنسىز ھەرام ئېرۇر بۇ سۆھبەت،
ماڭا سەنسىز چۇ مېھنەتدۇر بۇ ئىشرەت.
ماڭا سەنسىز مۇشەققەتدۇر مەئىشەت،

ماڭا سەنسىز مۇسىبەتدۇر بۇ سۆھبەت.
ماڭا سەنسىز ئەزاب ئېرۇر بۇ راھەت،
ماڭا سەنسىز يۈرەكدە مىڭ جەراھەت.
سېنىڭ ھالىڭنى ھېچ بىلمەدىم، ئەي دوست،
سېنىڭ قايغۇڭدىن ئايرىلمادىم، ئەي دوست.
سېنىڭ بەھرىڭ بىلەن ئۆلگۈمدۇر ئاخىر،
فىراقىڭ ئوتىدا كۆيگۈمدۇر ئاخىر.»
دېدى شەھزادە: «يا پەرۋەردىگارا،
تىلەكىم ئۇشبۇدۇر لەيلۇننەھارا.
تىرىك بولسە ماڭا سائىدنى يەتكۈر،
چىراغى ئىشرەتىم جانىمنى يەتكۈر.»
بولۇپ بىر كېچە گۈل بەرگى خەزاندەك،
ئۆزاردى ئەرغەۋانى زەئفەرانىدەك.

## مەلىكە شەھزادەنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ قاشىغە كىرگەنى

ئىشىتىپ بۇ خەبەرنى سىڭلىسى ئانىڭ.
يۈگۈرۈپ كەلدى كۆيۈپ كۆڭلى ئانىڭ.
قالىن قىزلار بىلە كىردى قاشىغە،
تىزىن قىلدىكى ياستۇق شەھ باشىغە.
كۆرۈپ قىزلار ئانىڭ زىيبا يۈزىنى،
كۆتەرمەسلەر بارى ئىككى كۆزىنى.
تىزىگە باشىنى ئالىپ مەلىكە،
كۆرۈپ يىغلاپ دىر ئېردى بۇ جانىگە:
«كۆڭۈل سالمە، قوپ ئۆزۈڭنى ئاۋۇتغىل،
چىقىپ ئاۋغا بىر ئوتۇڭنى ساۋۇتغىل.
تىرىك بولسە قوشالۇر سائىدىڭ ھەم،

نەچە كۈنلەر ئونۇتغىل يېمەگىل غەم.
ئىشىتتىم كېلەدۇر بەدىئۇلجەمالى،
يانا ئون كۈندە كۆرەرسەن جەمالى.
كى ئەلچىسى كېلىپ كەتتى ماڭاكىم،
بۇ كۈن ئايتماغچى ئېردىم مەن ساڭا كىم.
قوپ ئەمدى، ئۇشبۇ دەۋلەتغە شۈكر قىل،
ئانى ھەم يەتكۈرۈر تەڭرى سەبر قىل.
مېنى كۆيدۈرمەگىل، ئەي مېھرىبانىم،
سېنىڭ كۆيگەنىڭە كۆيدى بۇ جانىم،
بۇرۇن كۆيگەنلەرىمىز بىزگە يېتەر،
يانا كۆيدۈرمەكىڭ، شەھ، ئۇشبۇ يېتەر.

قوپ، ئەي جان، مېھربانىم سۆزگە كىرگىل،
بۇ كۈن ئاتلان تەقى سەن ئاۋغا بارغىل.»
ئىشىتتى شاھ ئاندىن بۇ خەبەرنى،
قوپۇپ تۈن كىيىدى باغلادى كەمەرنى.

زەمانى سىگىلىسى ئىلە شاد بولدى،
كىم ئۇشبۇ قايغۇدىن ئازاد بولدى.
تەقى سىگىلى قوپۇبان ئۆيگە باردى،
باردىبان خاسە نېئمەتلەر يىبەردى.

## شەھزادە ئوشۇل كۈن ئاۋغە چىقىپ سائىد ئۇچراغانى

مەلىكە سۆزى بىرلە ئول دىل ئەفگار،
قىلىبان ئويناماقغە ئەزمى شىكار.
ياراغلاپ ئاۋ ياراغىن قىلدىلار راست،
ئوشۇل كۈن ئاتلانىبان چىقتى بىخاست.
مەسەلدۇر ئەرتەدىنكىم سۆز ئىشىتتى،
قەبۇل قىلدى نەفەس، دەۋلەتغە يەتتى.
قەبۇل قىلىڭ، نەسىھەت سۆزكى جاندۇر،
ئىشىتمەسەڭ نەفەسنى، بىل، زىياندۇر.
ئانىڭ كېچەكى ئاھى ئوقلارىكىم،
بارىپ يەتمىش ھەدەفغە ھەم بارىكىم.
ئوشۇل سائەت يېتىشىپ ئاندا سائىد،
تۇرۇپ بازار ئىچىندە شەمئ شاھىد.
چىقىپ دەرۋازەدىن ئول شاھزادە،
ئانىڭ ئالدىدادۇر ئالىم پىيادە.
كۆرەركىم بىر يىگىت مانەندە سائىد،
مۇسافىر ۋەزئى، ئەمما كانى قائىد.
باقىبان سىنچىلاپ يۈزىگە ئانىڭ،
كۆرۈنۈپ يۈزى ئىسسىغ كۆزگە ئانىڭ.
ئىشارەت قىلدى ئانى ساقلاغىزلار،
كى مەن كەلگۈنچە ئانى قويماغىزلار.
يانىپ ئىككى پىيادە كەلدى تۇتتى،
غەرىبۇ خەستە ئەقلىنى ئۇنۇتتى.
دېدىلەركىم: «يۈرۈ ئىلگەرى كىرگىل،
جەۋاب بولسەكى شەھغە تاڭلا بەرگىل.

بۇ بىچارە يانا قورقۇپ يۈرۈمەس،
كۆزىنىڭ ياشى يۈزىدىن قۇرۇماس.
كى بىر نەچچە ئۇرۇبان يولغە سالدى،
بۇ مەئنىدىن خەلايىق تاڭغە سالدى.
مۇھاسىللار بولۇپ غافىل ئەجايىب،
بارىپ تۇرۇپ ئىلىكدىن بولدى غايىب.
كى بىر - بىر ئاختارىپ تۈزۈك - بۇزۇقنى،
تاپىپ بىر يەردە ئول كۆڭلى بۇزۇقنى.
بۇ كەز ئۇرماق بىلەن زەھرەسىن ئالدى،
يانا قاچار دېبان زىندانغا سالدى.
غەرىبلىقدىن يامان ئىش بارمۇ ئېكىن،
غەرىبقە مېھرىبان كىش بارمۇ ئېكىن.
غەرىبدىن كۆڭلى سۇنۇق دۇنيەدا يوق،
جەھان ئىچرە غەرىبدىن غەمزەدا يوق.
غەرىبنى قىلماغىز غۇربەتدە ئازار،
غەرىبنى قىلماسۇن تەڭرى گىرىفتار.
غەرىب تۈشسە كىشى غەمخار بولماس،
غەرىبلەر قايغۇسىغە يار بولماس.
غەرىبلەرغە كىشى دەستگىرى يوقتۇر،
سۇنۇغلۇقدىن ئۆگۈن تەدبىرى يوقتۇر.
غەرىبدۇر مەجلىسى ئازار قىلماق،
سۇنۇق كۆڭلىن تەقى ئەفگار قىلماق.
ئەگەر ھەر كىم غەرىبنىڭ كۆڭلىن ئالۇر،
تاپار ئاخىر مۇرادۇ مۇزدىن ئالۇر.

## شەھزادە ئاۋدىن يانىپ سائىد بىرلە تاپىشقانى

قەرارى قىلمادى ياندى شەھەنشاھ،
سەباھى كەلدىيۇ تۈشتى بەجۈز گاھ.
بۇيۇردى: ئول يىگىتنى كەلتۈرۈڭلەر،
ئانىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي يۈرۈڭلەر.

www.uyghurkitap.com



دېدىلەركىم :«ئايا شاھى جەھاندار،
ئەجايىب فىيلقەۋسۇ رىندۇ ئەييار.
قىلىپ شۇكر قۇتۇلۇپ قاچىپ ئېردى،
قەۋىدۇر دەۋلەتىڭىز تەڭرى بەردى.
بارىپ كەلتۈردىلەر ئىلكىنى چولغاپ.
يۈزىن ـ كۆزىنى ھەم تۇپراققە بۇلغاپ.
بۇ ھال ئىلە ئانى كۆردى شەھەنشاھ،
تەھەممۇل سۆز بولۇبان ئۇردى بىر ئاھ.
غەرىبانى كىشى مۇنداق قىلۇرمۇ،
ئانىڭ ھالىنى سورمايىن بولۇرمۇ.
ئىچى كۆيۈپ سورادىكىم ئاتىنى،
«نە يەرلىكسەن، ياشۇرماغىل ئاتىڭنى.»
دېدىكىم: «سائىد ئاتىم، مىسر شەھرىم،
ئون ئۈچ يىلدۇر ئاچىلماپدۇر بۇ بەختىم.»
ئىشىتكەچ شاھ چاچرادى يېرىدىن،
ۋەزىرلەر قوپتىلار يەرلىك يېرىدىن.
قۇچۇپ يىغلاپ دېدى: «سەيغۇلمۇلۇكمەن،
كى سەنسىز دۇنيادا مىسلى ئۆلۈكمەن.
ئۇشۇل سائەتكى مەن سەندىن ئايرىلدىم،
ئۆلۈپ ئېردىم سېنى كۆرۈپ تىرىلدىم.»
سەرۇپايلار بېرىپ شاھانە ئولدەم،
بارىپ ھەممامغە كېلىپ شادۇ خۇررەم.
كېلىپ يانا رەبىتۇلمەلىك سىڭلى،
بېرىبان تويۇ خۇررەم بولدى كۆڭلى.
دېدىلەركىم: «سىزىڭ مېھمانىڭىزدۇر،
سىزىڭ مېھمان بىزىڭكى جانىمىزدۇر.
ئايا خۇش كەلدىڭىز مېھمانى جانى،
سورارمىز جان بىلەن ئىككى جەھانى.»
دېدى: «شەھزادەلەر سەرۋەرلەرىسىز،
چۇچۇك جان شەھرىنىڭ زىۋەرلەرىسىز.»
ئۇشۇل مەجلىسدە خاسۇلخاس قىلدى،
بارى خەلق ئىچرە خەيرۇنناس قىلدى.

## سائىدنىڭ باشىغە ئىش تۈشۈپ شاھزادەغە ئايتقانى

كەل، ئەي راۋىكى سائىد ھالدىن ئايغىل،
نەلەر كۆردى ئانىڭ ئەھۋالىن ئايغىل.
دېدى :«سائىد مېنى سەندىن ئايىردى،
فەلەك ئىشرەت نىھالىنى قايىردى.
ئۇشۇل كۈنكىم بۇزۇغلۇق سالدى تەڭرى،
كى يۈزىمىڭ ئەلنى بىر-بىر قىلدى تەڭرى.
ئايىردى بىر ـ بىرىمىزدىن بۇ غەددار،
ئاقىزىپ ھەر سارى دەريايى خۇنخار.
نەچە كۈنلەر ئاقىزىپ بىزنى دەريا،
قەزادىن نەچچە زەڭگى بولدى پەيدا.
تۇتۇپ باردىلارۇ ئۆز ئۆيلەرىگە،
كى تۈشتۈك زەڭگىلەرنىڭ كۈيلەرىگە.
ئىشىتىپ بىر ـ بىرىن قۇللۇقغە سالدى،
كېچەلەر بىزنى ئوتۇنلۇقغە سالدى.
ئىكى- ئۈچ يىل قىلىپ قۇللۇق بولۇپ زار،
ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولدۇق گىرىفتار.
نەچە زەڭگى ئۇلارغە كەلدى مېھمان،
بىرىمىزنى ئۇلارغە قىلدى قۇربان.
ئۈچەۋلەن كەڭەشىپ بىر كېچە قاچتۇق،
كېلىپ جان ھەۋلىدىن دەرياغە تۈشتۈق.
خۇدا قىلدى ئىنايەت بىر تۈزۈك يەل،
ئاقىزىپ سالىمىزنى سالدى چۇن سەل.
كى زەنگىلەر يۈزىن تەرس ئەتتى تەڭرى،
ۋەلى ئاندىن بەتەر كۆرسەتتى تەڭرى،

## سائىد زەنگىلەردىن قاچىپ بىر جەزىرەگە يەتكەنى

نەچە كۈنلەر يۈرۈر ئېردىم خۇدا دەپ،
خۇداغە جانۇ دىل بىرلە سەنا دەپ.
يولۇقتى بىر جەزىرە يولدا ناگاھ،
كى چىقتى بىر بەلايى يولدا ناگاھ.
تۇتۇپ مېنى ئالىپ باردىلار ئاندا،
ئەجايىبلار ياراتىپدۇر جەھاندا.

ئۇلارنىڭ بويلارى مىسلى چىنارى،
دېگەيسەن كۆرسەڭ ئانى بىر مۇنارى.
ئۇلارنىڭ ھەر قۇلاقى بىر گىلەمى،
كىشى بىلمەس ئۇلارنىڭ ھەم تىلىنى.
ۋەلى ئېرمەس ئۇلار چۈن ئادەمى خار،
يېمەيدۇرلار ئۇلار ھەم جىنسى مۇردار.
ۋە لېكىن كۆردىلەر مېنى غەرايىب.
ئۇلارنى مەن تەقى كۆردۈم ئەجايىب.
مېنى تۇتۇپ ئۇلار سالدى قەفەسكە،
بۇنە قالدىم يەنە زارى نەفەسكە.
تەئەججۇبدىن باشىنى ئىرغاتۇرلار،
مېنى سايرا دەبان ھەم يىغلاتۇرلار.
قەفەس ئىچرە قىلىپ فەريادۇ نالە،
تۆكەرمەن دىيدەلەردىن دۇررى ژالە.
ئاسارلار تام باغرىغە چۇ بۇلبۇل،
قىلۇرمەن دەردىدىن فەريادۇ غۇلغۇل.
تەفەررۇجلار قىلۇرلار بۇ قەفەسدىن،
ئالۇرلار بەھرە فەريادى نەفەسدىن.
چاغىر ئىچسە ئۇلار ئىلتىپ قويارلار،
مېنىڭ يىغلاماقىمنى خۇش كۆرەرلەر.
قەفەسدە ئىككى يىل بولدۇم گىرىفتار،
كېچە ـ كۈندۈز فىراقىڭدا بولۇپ زار.
چۇ بىر كۈن سەيرىگە چىقتىلار ئالىپ،
بارىپ دەريا لەبىغە مېنى ئىلتىپ.
ئانىڭدەك ئىچتىلەر بىر لەھزە تىنماي،
يىقىلدىلار ئاياقدىن باشىنى بىلمەي.
تاپىپ فۇرسەت چىقىپ كەتتىم قەفەسدىن،
قۇتۇلدۇم ئاندا فەريادى نەفەسدىن.
كۆرەرمەن سۇ لەبىندە ئىككى زەۋرەق،
ئىچىگە سالدىم ئانىڭ تەئىمىر ئازراق.
خۇدا دەپ سالدىم ئۆزۈمنى چۇ سۇغە،
تەۋەججۇھ قىلدىم ئاندا زىكر ھۇغە.
قەرىنى ئىككى ئاي ئول بەھر ئىچىندە،
كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈدۈم ھەجر ئىچىندە.
كۆپ ئافەتلەر ياراتىپدۇر خۇداۋەند،
ئەجەلسىز ئادەم ئۆلمەيدۇر دەمى چەند.»

## سائىد بىر كارۋانغە ئۇچراپ دەريادىن چىققانى

كى ناگەھ ئۇچرادى بىر كارۋانى،
بارۇرلار كىشتى بىرلە دەۋ دەۋانى.
مېنى كۆرۈپ كېلىبان ئالدىلار ھەم،
چۇ ئۆز كىشتىلەرىگە سالدىلار ھەم.
سوراپ ـ ئىستەپ مېنىڭ ھالىمنى بىر ـ بىر،
كى مەن ھەم بارچەنى قىلدىم چۇ تەقرىر.
ئۇلار بىرلە چىقىپ دەريا يۈزىگە،
قۇۋاندىم دۇنيانىڭ تاغۇ تۈزىگە.
يۈرۈپ ئىستەب سېنىنىڭ ئەلدىن ئەلگە،
چېكىپ سەيياھلار قۇرىنى بەلگە.
نەچە يىللار يۈرۈپ كەزدىم جەھاننى،
كى ئۆلدىگە بېتىپ ئېردىم بۇ جاننى.
ئۇشۇل كۈن ئېردى مۇندا كەلگەنىمىز،
كى بار ئېردى مەگەر بىر قىلغانىمىز.
بەھەمدۇللاھ، يانا كۆردۈم بۇ ئەشرەف،
مۇبارەك يۈزۈڭە بولدۇم مۇشەررەف.»
ئېشىتىپ ھالىنى شاھزادە يىغلار،
سىلاپ يۈزىگە ئۆپەر كۆڭلىن ئاۋلار.
شۇكر قىلىپ بولۇپ سۆھبەتغە مەشغۇل،
بۇلارنىڭ ئالدىدا غەم بولدى مەئزۇل.
نەچە كۈنلەر قىلىپ ئەيشۇ مەئىشەت،
كى بولدى ھەر بىرى بىر ھۇرى جەننەت.
ئىلاھ، جۇملە غەمدىن شاد قىلغىل،
كى غەم بەندەلەردىن ئازاد قىلغىل.
نە خۇش بولغاي جەفا تارتىپ جەفاكەش،
مۇرادىن تاپسە ئاخىر ئول بەلاكەش.
نەخۇش بولغاي جەفاسىدىن جەفاكار،
پۇشايمان بولسە لۇتفى قىلسە دىلدار.
ئايا ئاشىق سەن ئەمدى بولمە نەۋمىد،
ئېرۇر بۇ سەرت ھەم خۇش تۇت بۇ ئۇۋمىد.

www.uyghurkitap.com



## بەدىئۇل - جەمال مەلىكەنىڭ كەلگەنىنى ئىشىتىپ كۆرگەلى كەلگەلى

رىۋايەت قىلدى راۋىئى گۈلىستان،
دېدى: «بولۇر مۇئەتتەر ئەمدى بوستان.
ئىسىلداشىم كېلىپدۇر دەپ پەرىزاد،
ئىشىتىپ بۇ خەبەرنى بولدى دىلشاد.
سورار ئېردى ئانى بەس جانى بىرلە،
تىفەيل ئېيتەر ئانى تۇرغانى بىرلە.
ئانىڭ فىكرىدە ئېردى زارۇ ئەفگار،
كېچە - كۈندۈز غەمى بىرلە گىرىفتار.
ساغىنۇر ئېردى دائىم: «ئەي مەلىكە،
قايان باردىڭ يانىمدىن، ئەي خانىكە.»
ئاتاسى ھەم ئاناسى شاد بولدى،
قىزى غەم ئىلكىدىن ئازاد بولدى.
دېدىلەر: «باربىبان ھالىنى سورغىل،
نېچەكۈنلەر ئۆتۈپ تۈيغۇنچە يۈرگىل.»
دېدى بەدىئۇل - جەمال ئاندا سۆيۈنۈپ:
«ياراغىمنى قىلىڭىزلار ئاۋۇنۇپ».
كۆتەردىلەر ئانىڭ تەختىنى رەۋانىن،
قىلىپ ئەزمى سەفەر كۆرگەلى جانىن.
قالىن چېرىك بىلەن بولدى رەۋانە،
پەرىلەر ئالدى ئانى دەرمىيانە.
كەلتۈردىلەر سەرايدىلغە ئۇچۇرۇپ،
مەلىكە باغ ئىرەمنى ھەم كۆچۈرۈپ.

## مەلىكە بەدىئۇل - جەمالغە ئۇترۇ چىقىپ كۆرۈشكەنى

ئىشىتىپ بۇ خەبەر شاھى سەرانىدىل،
ئانىڭ ئۇچۇن ياسادى باغى مەنزىل.
قىلىپ تەييار ئەسبابۇ ياراغىن،
ئەبىرۇ ئەنبەرىن مۇشك چىراغىن.
ئاڭا ئۇترۇ چىقىپ ماھى مەلىكە،
كۆرۈشتىلەر تۇشۇپ ئىككى خانىكە.
كېلىپ تۇشتىلەر ئول باغى چەمەندە،
تىكىپ خىرگاھلار ئول كۆك سەمەندە.
تەقى بىر بىرىنىڭ گۈل يۈزلەرىگە،
تولاردۇر ياشى نەرگىس كۆزلەرىگە.
تىكىپ بىر بىرىگە نازىن كۆزىنى،
قىشۇپ بىر بىرىگە شىرىن سۆزىنى.
بىرى بىرلەرىگە راز ئايتۇشۇرلار،
فىراق ئوتىنى دەمساز ئايتۇشۇرلار.
مەلىكە ھالىنى سورار پەرىزاد،
كى كۆرگەنىنى دەر ئول سەرۋى ئازاد.
ئاڭا ئايتۇر نەكىم رازى دىلىنى،
سەبەب بىرلە ئاچىلغان مۇشكىلىنى.
ئىشىتىپ ھالىنى يىغلار دۇگانە،
تۆكەر گۈل يۈزگە مەرجان - دۇردانە.
قىلىپ ئەمدى بۇ كەز شۇكرى ۋىسالىن،
ئاغىرلاپ ئايتىپ بەدىئۇل - جەمالىن.
مۇئەتتەر قىلدىلار مەيدان يۈزىنى،
كۆيۈ ئەنبەر تۇتۇپ سەھرا يۈزىنى.
قۇشۇلۇپ ئايۇ كۈن ئۆيدىن چىقارلار،
مەگەر كۈن بولسە چولغانىپ تۇغارلار.
كېزەرلەر باغىنى ئول ئىككى گۈلئەندام،
ياسارلار زۇلفى خالۇ دانەيۇ دام.
كى ناگەھ شاھنىڭ چەترىنى كۆردى،
بۇ نە خىرگاھدۇر دەپ ئانى سوردى.
مەلىكە دېدى: «ئانىڭ ئولجاسىمەن،
مېنى قىلغان خەلاس ئول بەندەسىمەن.
ئۆزىدۇر مىسىر ئېلىگە شاھزادە،
بولۇپدۇر ئىشق يولىدا پىيادە.
قىلىپ مەئلۇم ئانى ئۆتتىلەر ئاندىن،
خەبەر يوق شاھغە ئۆتكەن جەھاندىن.
كېلىپ شاھزادە شەھبال ئوتراسىدا،
تەۋازۇ بىرلە ئۆپتىلەر قاتىدا.
دېدى: «شاھاكى بەرخۇردار بولغىل،
غەرىبلەرغە تەقى غەمخار بولغىل.
كى، شاھا، دەۋلەتىڭىز يار بولسۇن،
ھەمىشە بار تەڭرىم يار بولسۇن.

دۇئاچىدۇر ساڭا بۇجىننى خاكى،
مەدەد قىلغاي سۇلەيمان روھى پاكى.
قىلۇرمىز دەۋلەتىڭە كۆپ دۇئالار،
كى تۇشتۇك خىزمەتىڭگە بىز گەدالار.
كۆرۈپ شەھبال شەھنى بولدى دىلشاد،
تەقى بولدى بۇ دىۋە ئۆلۈمدىن ئازاد.
بولۇپ شەھزادە مىسلى زەئفەراندەك،
بولۇپ گۈلگۈن يۈزى بەرگى خەزاندەك.

غەم ئىلكىدىن سارىغ يۈزىنى كۆردى،
تەرەھھۇم قىلدىيۇ ھالىنى سوردى.
ئالىپ كەلدى گۈلىستانى ئىرەمگە،
تۇشۇردىلەر يەنە باغى ھەرەمگە.
تەمامى خەلق ئىشىتىپ بولدى خۇشھال،
يانا خۇشلۇقغە مۇژدە بەردى بۇ فال.
كەل، ئەي ساقى، سەن ئەمدى شاد ئولتۇر،
غەم ئۆتتى قوپ تەرەب جامىنى كەلتۇر.

## سەيفۇلمەلىككە بەدىئۇل ـ جەمالنى باغى ئىرەمدە توي قىلغانى

ئايا راۋى، كەتۇرگىل ياخشى داستان،
بۇ دەفتەر ئاخىرىنى قىل گۈلىستان.
دېدىكى ئۆتتىيۇ قىش، كېلىپ ياز،
كۆكلەدە غەم خۇمارىن مەي ئىچىپ ياز.
كۆتەرىپ كۆڭلىدىن شەھبال غەمنى،
ياساپ ـ تۇزۇپ گۈلىستانۇ ئىرەمنى.
قىلىپ ئەنگىز ئەمدى قەۋى ياراغىن،
سەفا بەردى سەرايۇ كوشك باغىن.
كېلىپ بەدىئۇل ـ جەمالۇ ھەم مەلىكە،
ئىرەم باغىغە ئول ئىككى جانىكە.
كى سائىد ھەم كېلىبان شەھ قاشىغە،
بولۇبان مونىس ئول يالغۇز باشىغە.
چۇ سەرۋ بانۇ ئوغلۇم دېدى شەھنى،
دېدى: مەن توي ئېتەرمەن مېھرى مەھنى.
ياراغىن قىلدى گۇفتگۇي بىرلە،
كەتۇردى توي ھاي ـ ھۇيى بىرلە.
تىكىبان بارگاھى جىننى يانە،
قۇلاق ئىشىتمەگەن بىر شاميانە.
قويۇپ ئول ئۆيدە ياخشى تەخت مەۋزۇن،
مۇرەسسەئ لەئلۇ ياقۇت دۇررۇ ئالتۇن.
ئوتاغ ئۆيى قىلىپ ئول بارگەھنى،
ئوشۇل تەخت ئۇزرە ئولتۇرغۇزدى شەھنى.
سۇلەيمان سۇرمەسىن چەكتى كۆزىگە،
كۆرۈندى جىنلار بارچە كۆزىگە.
كۆرۈپ مۇھرى سۇلەيمانىنىڭ قولىدە،
مۇسەخخەر بولدىلار ئوكۇ سولىدە.
چۇ يارلىغ قىلدى شاھى مىسر، شامى،

كى سائىدغە كۆرۈنگەيمۇ تەمامى.
كەتۇردىلەر شەرابى مەست رەڭگىن،
كېرەك نۇقلۇ كەباب شەھدى شىرىن.
يىغىلدىلار پەرىزادى گۈلئەندام،
تۇزۇپ سازى نەۋا ساقى دىلئارام.
كۆيەر خۇشبۇي ئەنبەر بىنىھايەت،
ئىرەم باغى بولۇر خۇش بۇ بىغايەت.
پەرىلەر نەغمەلەرنى ساز قىلدى،
كۆكۈل بۇلبۇللارى پەرۋاز قىلدى.
چالىپ سازەندەلەر ناز ئىلە سازىن،
كى نازۇكلۇق بىلەن ئارتۇردى نازىن.
بۇلارنىڭ شەۋقىدىن بۇ چەرخى گەردان،
كېچە ـ كۈندۈز قىلۇر شەۋق ئىلە جەۋلان.
فەلەك بولۇپ مۇنىڭ تويىدا چەرخى،
ئويۇنچى چەرخلەرنىڭ سىندى نەرخى.
يانىپ ھەر كېچە تالۇن ئاي شۇئئەل،
تاڭ ئاتقۇنچە ياقار بۇ تويدا مەشئەل.
تىكىپ ئالتۇن ئەلەم سۇلتانى داۋەر،
ئۇرار گۈلباڭ ئول خورشىدى خاۋەر.
ئەتارۇد نەقش باغلار ساز ئىچىندە،
قىلۇر نەققاشلىق ئاۋاز ئىچىندە.
بولۇبان مۇشتەرى زوھرەغە دەمساز،
كەرەشمە بىرلە دەشت ئەندازۇ پەرۋاز.
مەئىشەت بىرلە مەشغۇل جىنن ھەم ناس،
تەفەررۇج بىرلە ئەنجۇم زۇھرە رەققاس.
تەنەئئۇم بىرلە سۇلتان ئۆيدە مەشغۇل،
بۇ يېتۇر زىيب رەئسۇ تويە مەئزۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەپ ـ ئىچىپ نەچە كۈنلەر شەككەرۇ شەھد،
قىلىپ ئەقدى نىكاھى مىھر ئىلە ئەھد.
كى ئاخىر توي بىرىپتۇر ئەلگە رۇخسەت،

بولۇپ ۋەقتى قوشۇلدى بەختۇ نۇسرەت.
سەئادەت بىرلە دەۋلەت يار بولدى،
غەرىب شەھزادە بەرخۇردار بولدى.

## بەدىئۇل ـ جەمالنى سەيفۇل ـ مەلىكغە تاپشۇرغانى

تۇشۇبان شەمسى خاۋەر مەنزىلىگە،
ئىجازەت بولدى كۈللى مەھفىلىگە.
ئىنىكەلەر بىلەن ئۆي قىزلارى پاك،
پەرىلەردۇر بارى گۇل سۈيىدىن پاك.
يىغىلىپ كەلدىلەر گۇل بەرگىن ئالىپ،
شەھەنشەھغە چۇ سەرۋى سىيمىن ئالىپ.
ئىنىكە كەلتۈرۈپ تاپشۇردى جانىن،
قەبۇل ئەتتى بۇ ھەم روھى رەۋانىن.
مىسالى تۇرنەغە لاچىننى سالدى،
مەگەر كىم قارغاغە سوقسۇرنى سالدى.
ئالىپ ئىشرەت يەلى ئاچىلدى غۇنچە،
چەمەن گۇلزار بولدى ھاي دىگۈنچە.
نە سۆھبەتدۇركى گۇل ـ غۇنچە ئاچىلغاي،
ئاچىلىپ ئوترادا گۇللار ساچىلغاي.
سەدەفغە سالدى نىيسان دۇرى غەلتان،
ساچىلدى دۇرۇ گەۋھەر، لەئلۇ مەرجان.

قوپۇپ تەكلىپ ئارادىن كەتتى مانىئ،
ھەمىشە زەۋقۇ شەۋقۇ يوقتۇر مانىئ.
كىچە ـ كۈندۈز قۇلاقلاشماق، تىلەشمەك،
ئويۇن بىرلە ئۇرۇشماقۇ ياراشماق.
بىرى بىرنى سىلاشماقۇ سۆيۈشمەك،
ئىڭەكلەرىن تۇتۇشماقۇ ئۆپۈشمەك.
مۇرادىغە يېتىشتى كۆڭلى تىندى،
فەلەك كۆرۈپ ئۇياتىدىن بويىنى سىندى.
نەخۇشتۇر ئەمگەك ئىچرە كەلسە راھەت،
چۇ مەرھەم بولسەيۇ پۈتسە جەراھەت.
ھەسەد بىرلە زەمانە قالدى ھەيران،
ھەسەدخورنىڭ يۈرەكى بولدى بىريان.
نە خۇش كۈندۈركى غەمكىن شاد بولغاي،
بۇزۇق كۆڭلى يەنە ئاباد بولغاي.
ئىلاھا، بارچە ئاشىق مەقسۇدىن بەر،
كەرەم بىرلە يۈرەكلەرگە تەسكىنىن بەر.

## مەلىكەنى سائىدغە بەرگەنلەرى

چۇ بولدى شاھ سەيفۇل مەلىك فىرۇز،
ئۆتۈپ مىھنەت قىشى چۈن كەلدى نەۋرۇز.
چەمەنلەر بولدى جەننەتدەك شىكۇفتە،
بولۇپ سەھرا يۈزىدە سەبزە سىفتە.
ياراغ ئول كۆردى سەيفۇل مەلىك شەھبال،
مەلىكە بىرلە سائىد بولسا ھەم ھال.
سەرانىدىل شاھىغە ئىبەردى ساۋچى،
غەزال ئاۋلاغالى ئىبەردى ئاۋچى.
كىېرەك بىر يەردە بۇ ئىككى ئىنىلداش،
بىرى بىرىسىگە بولغاي سۆيۈكداش.
نە يەردە بولسەلەر قولداشلاردۇر،

غەرىبلىق دۇنيادا مۇڭداشلاردۇر.
قەبۇل ئەتتى بۇ سۆز شاھى سەرانىدىل،
ياسادى شەھرنى باغلادى قەندىل.
ئەتىسى چىرلادى تاجۇلمەلىكنى،
كەتۈردى سائىد سەيفۇل مەلىكنى.
يىغىلىپ بارىسى ئەركانى دەۋلەت،
بولۇپ ھازىر يانا ئەئيانى ھەزرەت.
تەكەللۇف بارچە كىم بار ئىبەردى قىلدى،
نەكىم ئەھلى نەشات ئىبەردى يىغدىلدى.
تىكىپ ئول بارگاھى خۇسرەۋانە،
ئەيلەگەندە خىتايى شاھ مىيانە.

يىغىلىپ شاھلار ئولتۇردى سۆھبەت،
نەچە كۈنلەر قىلىدىبان ئەيشۇ ئىشرەت.
رەبىئۇلمەلىك قىلدى توي ئالى،
نەچۈككىم بار ئىدى شەھلەر فەئالى.
ئىجازەت بەردى كەلگەن ئەلگە ئاندا،
مۇنىڭدەك تويلار بولماس جەھاندا.
فەلەك شەمئى ئۇچۇپ كەلدى قەمەرۋار،
كى سائىد ئالدىغە يارى شەكەر بار.
چۈ ئېردى تەشنەلەپ ئابى ھەياتى،
كەتۈردى شەربەتى ۋەسلى نەجاتى.
مۇفەررىھ تەشنەسىيۇ شەھدۇ شەككەر،
بېرۇر لەززەت لەبىدە تۇئمى شەككەر.
قوشۇلدۇرۇپ ئول ئىككى جانۇ تەننى،
مۇقابىل قىلدىلار جانۇ جەھاننى.
چۈنۇقرە قۇفلىنىڭ بەندى ئاچىلدى،
ئەقىقۇ لەئلۇ ياقۇت، دۇر ساچىلدى.
ئاچىلدىيۇ ساچىلدى باغ ئارا گۈل،
قىلىپ ئىشرەت گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇل.
ئۆتۈپ فەسلى زىمىستانۇ كېلىپ ياز،
گۈلىستان ئىچرە كۆكلۈم قىلدى پەرۋاز.
كىرىپ تىلسىز تېگىزلەر ئىچرە كۈندە،
چىقاردىم دۇر ساچتىم بۇ ئاجۇندە.
يانا ياخشى گۈلىستانلارغە كىردىم،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن گۈل دەستە بەردىم.
ئىلاھا، غەم يېرى گۈلزار قىلغىل،
رەفىقلەرنى چۈ بەرخۇردار قىلغىل.

## سەيفۇل ـ مەلىك سائىد بىرلە مىسرىغە كەلگەنلەرى

كىم ئوقۇسە مۇبارەك فال بولسۇن،
تەمامى دوستلار خۇشھال بولسۇن.
ئۆتۈبان نەچچە يىللار كەلدى نەۋرۇز،
كېزەر باغى ھەرەمدە شاھ فىرۇز.
گەھى باغى ئىرەم گاھى سەرانىدىل،
قىلىپ بۇ ئىككى يەردە تەخت مەنزىل.
بولۇپ ئېردى يانا بىر فەسلى نەۋرۇز،
كى ئۇردى شاھ بىر كۈن ئاھى دىلسۇز.
دېدى بەدىئۇل ـ جەمال :«ئەي دىلىستانىم،
بۇ ئاھىڭدىن يانا ئۆرتەندى جانىم.
بۇ نە ئاھ ئېردى بىلسەم ھال نېدۇر،
ئايتغىلكىم ئىشتەي فال نېدۇر؟»
دېدى: «ئۆتكەن جەفالارنى ساغىندىم،
يۈزۈڭگە باقتىمۇ يۈز شۇكر قىلدىم.»
ئىشىتتى ئۇشبۇ سۆز شەھبال شاھى،
دېدى: مۇلكىن ساغىندى شاھى مېھرى.
دېدى: چىرلاپكى ئەي، شاھزادە بىلگىل،
غەرىبلىق جەۋرىنى چەكتۈك نەچەيىل.
مەھەل بولدىكى ئەمدى مىسر بارساڭ،
ئاتاڭ مۇلكىگە شاھى ئەسر بولساڭ.
كۆڭۈل بەردى قىزىغە شاھ شەھبال،
ئاڭا قىلدى نەسىھەت لايىقى ھال.
مۇساھىب لايىقۇ ئەرزەندە بولسە،
قۇلى بولماق كېرەك ھەرقايدا بولسە.
بۇ سۆزنى ھەم رەبىئۇلمەلىك بىلدى،
قىزىنىڭ كۆمەچىگە فىكر قىلدى.
مەلىكە بىرلە ھەم خىرگاھۇ قىزلار،
سىلىق بويلۇق پەرىدەك ماھ يۈزلەر.
رەبىئۇلمەلىك بەردى ھەرنە بارىن،
تەقى ياشۇردى سائىدغە نىگارىن.
قىلىپ تەئيىن شەھبال ئىبنى شەھرۇخ،
كى بىر سەردار جىنكىم ئاتى فەررۇخ.
بەدىئىغە ئاتالىق ئېردى ئول جىن،
ئىنەكەلەر بىلە تاپشۇردى كوچىن.
بىرى بىردىن بارى ئۆي قىزلارى ھەم،
يىغىپ تاپشۇردى فەررۇخ لەشكەرى ھەم.

## شەھزادە بىرلە مەلىكە خاتىرىنى جەمئ قىلىپ تاپشقانى

بار ئىقلىم ئاراسىدىن كېتىپ ئېردىم،
سۆيۈنۈپ بىر بولدى يەتتە ئىقلىم.
كۆڭۈل قايدا تىلەسە ھەم بارۇرلار،
فەراغەتلەر قىلىپ بارۇر-يۇرۇرلەر.
گەھى مىسرۇ گەھى شەھرى سەرانديل،
قىلۇر باغى ئىرەمدە گاھى مەنزىل.
قىلىپ ئۆز مۇلكىگە سائىدنى شىركەت،
قىلۇر سىڭلى بەدىئى بىرلە ئىشرەت.
خۇدايا بارچەغە بىر خاتىرى جەمئ،
بارى ئاشىقغە بەرگىل تالىئى شەمئ.
نەچۈككىم شاھ كۆردى يار ۋەفاسىن،
ۋەلى كۆردى ئەجايىب كۆپ جەفاسىن.
جەفا چەكمەس كىشى بىر نۇش بولماس،
ئەگەر ئوت كۆيمەدىكى جۇش بولماس.
چۇ دېھقان چەكمەسە جەۋرۇ جەفاسىن،
يېمىش ئەرنىڭ كىشى تاپماس جەفاسىن.
ئەگەركىم باغىبان تەرى تۆكۈلمەس،
كۆكەرمەس بۇستان، گۇل غۇنچە كۈلمەس.
خۇدايا بارچەغە لايىق يولۇقتۇر،
مۇھەببەت يولىدا سادىق يولۇقتۇر.
جەھاندا جەۋرلەر ئاشىق ئۈچۈندۇر،
ۋەلى مىسكىن ئۇ ھەم لايىق ئۈچۈندۇر.
سەئادەتتۇر مۇۋافىق يارى سادىق،
مۇناسىب بولسە خۇشتۇر جانى ئاشىق.
ئوقۇبان مەجلىسىنى ياد ئەيلەڭ،
دۇئا بىرلە ساغىنىپ شاد ئەيلەڭ.
تىلەكىمدۇر دۇئا، ئۆزگە سۆزۈم يوق،
بۇ دۇنيادا سۆزۈم قالغان ئۆزۈم يوق.
بەھەمدۇللاھكى تاپتى قىسسە ئەنجام،
يارانلارغا سەلامىمدۇر بىتەمام.
سەلام، ئەي دوستلار، سىزگە سەلامى،
كېرەك سىزدىن دۇئايىمۇ پەيامى.
ئېرۇر سەررافلار دۇرگە خەريدار،
بەلەند ئىدراكلار سۆزگە خەريدار.
بۇ ئاسى مەجلىسى كۆپ جان چېكىپدۇر،
كۆڭۈللەرگە ۋەفا تۇخمىن ئېكىپدۇر.
كىتابىم مۇنىسىم دىلبەندىم ئېرۇر،
ئانىڭ ھەر بېتى ھەم فەرزەندىم ئېرۇر.
ئەزىزىمدۇر تەقى سەن ھەم ئەزىز قىل،
ئوقۇغىل زەۋق ئىلە ياخشى تەمىز قىل.
قىلىپ ئەنگىزلەر كۆپ ئەزم قىلدىم،
ئوقۇغىل ئاشىقانە نەزم قىلدىم.
ئارىق تۈركى تىلىگە نەزم ئېتىپمەن،
ئوقۇغىل زەۋق ئىلە مەۋزۇن قىلىپمەن.
قەلەم قىلدى تىلىمگە ھەم زەبانلىق،
ئىكى تىل بىرلە قىلدىم دۇرفىشانلىق.
مەدەد بولدى ئىنايەت قىلدى خامە،
بولۇپ تىلگە مەدەد پۈتۈلدى نامە.
ئىنايەت تەڭرىدىن پىرىم چۇ ھىممەت،
مۇيەسسەر بولدىيۇ نەقشى مۇھەببەت.
خۇدادىن بولماسا ئىنئامۇ ئەنجام،
نەدەر بۇ ئەگرى تىل بىر بەندەئى خام.
ئىنايەت بولسە بەندەگە خۇدادىن،
ئاڭا ھەر دەم مەدەد قىلۇر سەمادىن.
كىشى دائىم خۇدا زىكرىندە بولسە،
ئەجەب بولغاي مۇرادىن تاپماي ئۆلسە.
مەلىكزادە خۇدا يادىغە مەشغۇل،
دۇئاسى بولدى دەرگاھىدە مەقبۇل.

# يۇسۇپ ئەمىرى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: يۇسۇپ ئەمىرى تالانتلىق شائىرلاردىن بولۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى 15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۇلۇغبېكنىڭ ئاكىسى بايسۇنقۇر مىرزا (1434 - ، 1435 - يىللاردا ۋاپات قىلغان) نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ياشىغانلىقىنى يازىدۇ.

ئەمىرى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى تۈركىي تىلىدا يازغان، پارس تىلىدىمۇ يازغان. ئۇ 15 - ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدا مۇنازىرە - مۇھاكىمە ژانىرىنى باشلاپ بەرگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

مەلۇمكى، 14 - ، 15 - ئەسىرلەردە تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىي يۈكسىلىشى تۈركىي تىل بىلەن لىرىك ئەسەرلەرنى يارىتىش، رېئاللىقتا يېقىنلىشىش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەرىپىگە يۈزلەنگەنىدى. بۇ دەۋردە مۇنازىرە - مۇھاكىمە ژانىرىدىكى ئەسەرلەر يارىتىلغان. ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر جۈملىدىن «نامە» لەر («مۇھەببەتنامە»، «لەتافەتنامە»، «دەھنامە»، «تەئەششۇقنامە» قاتارلىقلار) خاراكتېر جەھەتتىن مۇنازىرە ژانىرى تەركىبىگە كىرەتتى ۋە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. يۇسۇپ ئەمىرىنىڭ «بەڭ بىلەن چاغىر مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى مۇنازىرە ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر. ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدىكى ئەسەرلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى: 1 - دىۋان، 2 - «دەھنامە»، 3 - «بەڭ ۋە چاغىر مۇنازىرىسى» («نەشە بىلەن مەي مۇنازىرىسى») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەمىرى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى قول يازما نۇسخىلىرى ساقلانمىغان، دىۋانىنىڭ كېيىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى تۈركىيە داشۆسى كۇتۇپخانىسىدا، «دەھنامە» ۋە «بەڭ بىلەن چاغىر مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ 16 - ئەسىر ئاخىرىدا كۆچۈرۈلگەن بىردىنبىر نۇسخىلىرى بولسا، ئەنگلىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. يۇقىرىدىكى نۇسخىلارنىڭ فوتو كۆچۈرمىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

شائىر يۇسۇپ ئەمىرى توغرىسىدا ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس» ئەسىرىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر بېيىت نەمۇنە كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

يۇسۇپ ئەمىرى ئەسەرلىرىنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ۋە شەخسلەر

www.uyghurkitap.com



خاتىرىسىدە ساقلانغان ئايرىم ۋارىيانتلىرى (تۆيۈقلار، غەزەللەر «بەك ۋە چاغىر مۇ- ناز،رىسى» دىن بەزىلىرى) شىنجاڭدىمۇ ئۇچرايدۇ. شائىر يۈسۈپ ئەمىرى ئۆزىدىن كېيىنكى تۈركىي ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۆرنەك بولۇپ قالغان. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا تاللانغان شائىر يۈسۈپ ئەمىرىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن ئازغىنە نەمۇنە تونۇشتۇردۇق. بۇ شېئىرلار 1959 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ئانتولوگىيىسىنىڭ 1 - تومىدىن ئېلىندى.

× ×

## غەزەللەر

ئەي كۆزدە يۈزۈڭ ھەيرەتى ئاسارى تەمەشا،
نەززارەئى ھۆسنۈڭ گۈلى بىخارى تەماشا.
كۆڭلۈم تاپىشى ئەيلەدى سەۋدا ئېلىنى خۇش،
دىۋانە ئېرۇر رەۋنەقى بازارى تەماشا.
مۇفت ئولدى ھەۋەس ئەھلىنە سەۋدايى ۋىسالىڭ،
بىمايە تاپار سۇد خەرىدارى تەماشا.
كۆڭلۈم قۇشىنى زاغلىرىڭ قىلدى مۇزەييەن،
شەۋق ئەتتى بۇ تاۋۇسنى گۈلزارى تەماشا.
ماھىيەتى خۇرشىدنى خۇففاش نەبىلسۇن،
ھەر دىلە ئەمەس مەھرەمى ئەسرارى تەماشا.
دىل دىيدەسى بىرلە كۆرەيىن يار يۈزىنى،
تا ئولمايە ئەغيار خەبەردارى تەماشا.
كۆڭلۈمنى قىلىپ قەسرى ۋەپا ئىشق ئەمىرى،
كۆز مەنزەرەسىن ئەيلەدى ئەنۋارى تەماشا.

× ×

ۋەفا تا بولدى جان زارىمغە مەخسۇس،
جەفا ۋۇ جەۋر ئېرۇر جانىمغە مەخسۇس،
خىرامۇ جىلۋە ۋۇ نازۇ مەلاھەت،
ئېرۇر سەرۋى خىرامانىمغە مەخسۇس.
كېچە تاڭ ئاتقۇچە كۆڭلۈم چېكەر ئاھ،
ئېرۇر بۇ شەمئ ۋەيرانىمغە مەخسۇس.
كۆڭۈل كانىدە دۇر لەئلىڭ خىيالى،
بۇ گەۋھەردۇر بەدەخشانىمغە مەخسۇس.
غەمىڭدە ئىشق رەنجى راھەتىمدۇر،
بۇ دەردىڭ ئولدى دەرمانىمغە مەخسۇس.

غۇبارى تۇتىيايى خاكى پايىڭ،
بولۇرمۇ چەشمى گىريانىمغە مەخسۇس.
كېرەك شاھدىن گەدا ھالىنى سورماق،
بۇ دەۋلەت كەلدى سۇلتانىمغە مەخسۇس.
كۆڭىل خۇشدۇر ۋىسال ئۈممىدى بىرلە،
بۇ مەرھەم داغى ھىجرانىمغە مەخسۇس.
شەھىدى نازى مىژگانىڭ ئېرۇرمەن،
بۇ خەنجەردۇر مېنىڭ قانىمغە مەخسۇس.
ئېرۇرمەن ئىشق مۈلكىنىڭ ئەمىرى،
جۇنۇن ئەۋباشى دەربانىمغە مەخسۇس.

## تەرجىئبەند

داغى فۇرقەت ئىچرە مەجنۇنى نەمەد پۇش ئولمىشەم،
ئىشىق ئارا ئەۋۋارەلىقغە خانە بەردۇش ئولمىشەم،
تا ئانى ياد ئەيلەدىم ئەلدىن فارامۇش ئولمىشەم،
بەزمى ھەيرەت ئىچرە تا رىندى قەدەھ نۇش ئولمىشەم،
مەھۋى ھەيرەت تىفلى سۇرەت ئوخشە خامۇش ئولمىشەم،
رەھمە قىل، يا رەبكى، ھەجر ئىلگىدە بىھۇش ئولمىشەم،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسلى مەقسەد نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

بەسكى بىر كافىر غەمى كۆڭلۆمنى بىھال ئەيلەدى،
رىشتەئى جانىمنى بۇ بىتابلىغ نال ئەيلەدى،
قامەتىمنى غەم يۈكى مىھنەت ئارا دال ئەيلەدى،
دەردى مىھنەت سەبىر ئىلە تاقەتنى پايمال ئەيلەدى،
سۆزلەمەك ئىمكانى يوق، ھەيرەت تىلىم لال ئەيلەدى،
جان كۆچۈپ تەن پايمالى داغى بىمال ئەيلەدى،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

ئەگمە قەددىم زەئىفىن ئول سەرۋى خىرامان بىلمەدى،
بولدى جان ئاشۇفتە ھال، ئول لەئلى خەندان بىلمەدى،
ھەجر ئارا تا قىلمادىم فەريادۇ ئەفغان بىلمەدى،
نالە قىلدىم كېچەلەر ئول نا مۇسۇلمان بىلمەدى،
لەززەتى تىغى شەھادەت شەربەتىن جان بىلمەدى،
ھەجر ئارا جان چەككەنىمنى بەسكى جانان بىلمەدى،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

قىلدى سەرگەردان جۇنۇن ۋادىسىنى رەسۋالىغىم،
سالدى ئوت ئەھلى جەھانغە شورىشى شەيدالىغىم،
دەھر ئارا ئەفسانە بولدى بىسەرۇ سەۋدالىغىم،
ئابرو مۇلكىنى تاراج ئەيلەدى يەغمالىغىم،
قىسسەئى مەجنۇننى مەنسۇخ ئەتتى بىپەرۋالىغىم،
بۇدۇر ئانىسىز كۇلبەئى غەم ئىچرە بەزم ئارالىغىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

ھالىمە ئول شوخى بىپەرۋا تەرەھھۇم ئەيلەمەس،
بەلكى بىر سائەت غەمى تەركى تەزەللۇم ئەيلەمەس،
رەھم يادىن ھەرگىز ئول ئاشۇبى مەردۇم ئەيلەمەس،
لەئلىدىن بىر سۆز ئىدى كامىم، تەكەللۇم ئەيلەمەس،
يىغلاسام دىۋانەلىغ بىرلە تەبەسسۇم ئەيلەمەس،
تۇرفەدۇر گەر قۇلزۇمى ئەشكىم تەلاتۇم ئەيلەمەس،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

جاندە تائول ھۇسنى شاھىن نازۇ ئىستىغناسىدۇر،
باشىمە چۆشكەن جۇنۇن بازارىنىڭ سەۋداسىدۇر،
كىم ئۆسۈرمىش تەلبەدەك ئىشق ئەھلىنىڭ رەسۋاسىدۇر،
دەھر ئارا ھەريان مېنىڭ رەسۋالىغىم غەۋغاسىدۇر،
بەندى زەنجىرى جۇنۇنۇم زۇلفى ئەجدەر ھاسىدۇر،
تا كۆڭلىم بىر كافىرى بىباكىنى شەيداسىدۇر،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

دەھر ئارا مەندەك كىشى ھەجر ئىلگىدە زار ئولماسۇن،
مۇبتەلا ۋۇ خەستەۋۇ مەجرۇھۇ ئەفگار ئولماسۇن،
ھېچ كافىر ئىشـق دەردىدىن خەبەردار ئولماسۇن،
مەن كەبى ئەندۇھ دەردىغە گىرىفتار ئولماسۇن،
بىدىلۇ ئەۋارەئى ھەر شەھرۇ بازار ئولماسۇن،
كۇلبەئى ئەھزاندە مەندەك زارۇ بىمار ئولماسۇن،
ھالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

كىشۋەرى ئىشق ئىچرە كۆرمەس شاھلار مەندەك ھەشەم،
چاكارىم ئەندۇھۇ مىھنەتدۇر، سىپاھىم خەيلى غەم،
ھەمدەمىم ئاھۇ فىغانۇ مۇنىسىم دەردۇ ئەلەم،
رۇزغارىم ھەسرەتۇ ھەمسۇھبەتىم جەۋرۇ سىتەم،
دەرد ئىقلىمىن مۇسەخخەر ئەيلەدىم، ئاھىم ئەلەم،

ئىشرەتىم خۇنابە يۇتماقدۇر، نەدىمىمدۇر ئەدەم،
هالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

يىغلاماقدىن بەسكى قان بولدى كۆزۈم نەززارەسى،
لالە رەڭ ئەرمىش سىرىشكىم سىيلىنىڭ قەۋۋارەسى،
ئىتىزاردىن ئاقاردى دىيدىلەرنى قارەسى،
مەرھەمى كافۇردىن بىتمەس كۆڭۈلنىڭ پارەسى،
رىزەئى ئالماسىن لەبرىز كۆكسۈم يارەسى،
تاپمادىم ھەرگىز، ئەمىرى، دەردى فۇرقەت چارەسى،
هالەتىم بەد، غۇسسە بىھەد، ۋەسل مەقسەد، نالەۋەش،
بەخت ۋاژۇن، دەرد ئەفزۇن، دىيدە پۇرخۇن، سىينەرىش.

## تۇيۇقلار

تەلبەمەن شەھلا كۆزۈڭ ئالۇسىدىن،
ئۈزمەدىم باغىڭدە ۋەسل ئالۇسىدىن،
ھەجر دەشتىدە يۇگۇرماقلىغ بىلە،
يەتمەدىم ۋەسلىڭغە يول ئالۇسىدىن.

گەر دېسەم باغى ۋىسالىڭ نارى بار،
ئالما، دەپ ئاچچىغلاپ ئەيتۇر: نارى بار،
ئىشق ئەھلى كۆز ياشىدىن سۇ ئىچىپ،
بەرگۇ بارىنى شەرەرلىغ نارى بار.

ئەي كۆڭۈل، بۇ كېچە ئول ئاي‌سارى بار،
ئاھ ئوتىن يارۇتماكىم ئەغيارى بار.
تۇئمە مېھر ئەتكىم مۇھەببەت باغىدە،
دەرد بەرگ ئاچتىيۇ غەم كەلتۇردى بار.

شەمئى يەڭلىغ يانىدۇر باشىمدە ئوت،
كۆز ياشىمدىن يەر يۈزىدە ئۈندى ئوت،
قان ياشىم قىلدى يولۇڭنى لالە زار،
مۇنچە تەقسىر ئەيلەدىم قانىمدىن ئۆت.

بادەسىز بېتابىمەن بۇ كېچە مەن،
لەئلىڭ ئىستەپ، ئەمدى جاندىن كېچەمەن.

ساھىلى مەقسەدغە يەتكەيمەنمۇ، دەپ،
كۆز ياشىم دەرياسىدە سۇ كېچەمەن.

جىلۋە ئەيلەپ سەكرەتۇردە سەركەش ئات،
ناز ئوقىن جەۋلان ئىتىپ جانىمغە ئات!
ئىتلارىڭ خەيلىغە خىزمەت ئەيلەدىم،
قويدىلەر ئەھلى ۋەپا دەپ ماڭا ئات.

دىلرەبا، ھەجرىڭ ئوتىدە يانامەن،
ئۆرتەنىپ ۋەسلىڭ تىلەرمەن يانا مەن.
كەئبە ئەزمىدىن ماڭا سەن مۇددەئا،
بولماساڭ ئەلۋەتتە ئاندىن يانامەن.

ئەي ستەمگەر ھالىمە نەززارە قىل،
پېچۇ تابىم ئوت ئارا ئانداغكى، قىل،
زاھىدا، پەندىڭنى قىلماسمەن قەبۇل،
تەلبەلەرگە سۇد قىلماس قالۇ قىل.

ھەمنىشىن ئەغيار تا ئول يارەدۇر،
كۆكرەگىم ھەسرەت ئوقىدىن يارەدۇر.
مەي بىلە ساقى ھىمايەت بولماسە،
سەھنەئى ھىجران يۈرەكنى يارەدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن بىر تامچە

مەمتىمىن يۇسۇپ

پۇرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركى: «ئەدەبىيات — ئىنسانشۇناسلىق دېمەكتۇر» دېگەنىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمۈر بويى شۇغۇللانغان ئەمگىكىنىمۇ «ئىنسانشۇناسلىق» دەپ ئاتىغان. بۇ تەبىرلەر ئەدەبىياتنىڭ ئىنساننى تەتقىق قىلىدىغان پەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا شۇنداق بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرى XVII ئەسىردە ئۆتكەن شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىينىڭ دىۋانىدۇر.

شائىر مەشھۇرى ئۆز ئەسىردە ئىسمىنى ئوچۇق-ئاشكارا كۆرسىتىپ ئۆتمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇناجاتىدا

تونۇكۈن بولدى مېنىڭ فىسقى ئىشرەتگاھىم،
ھەرسەرى كويىدا ئىبلىس لەئىن ھەمراھىم،
ئاقىبەت تەۋبەگە تەۋفىق بېرىپ ئەللاھىم،
كەلدى دەرگاھىڭە بۇ يۈزى قارا ئىبراھىم،
گۇناھ ئامۇرزە سەنۇ، غەرقەئى ئىسياندۇ مەن.

دېگەن مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مىسرالار بىزگە شائىرنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئىكەنلىكىنى، «مەشھۇرى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىز يەنە شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ يەركەن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز:

گۈلئۇزارى كەلدىكىم، بولدى، گۈلىستان ياركەند،
لەۋ باھارى مەقدەمىدىن تازە بوستان ياركەند،
رەڭبەرەڭ ئەۋسافىنى قىلمىش بەيان يۈز تىل بىلە،
خۇش نەۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر، گۈلىستان ياركەند.

«دىۋان مەشھۇرى» نىڭ ئاخىرىغا شائىرنىڭ ئەزىز ئىسىملىك بىر كىشىگە يازغان مەرسىيەسى كىرگۈزۈلگەن. ئەزىز دېگەن كىشىنىڭ كىملىكى توغرۇلۇق بەزى تارىخىي مەنبەلەردە تۆۋەندىكىچە مەلۇماتلار بار:

ئا. م. مۇغىنوف تۈزگەن «ئۇيغۇر قول يازمىلىرى يازۇسى» ناملىق كاتولوگدا «تارىخىي رەشىدى» توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇ تارىخىي رەشىدىنىڭ 4-روكىنى تۇرۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەزىز ھاكىم بەگنىڭ ھۆكمى ئالىيلىرى

بىلەن مۇھەممەد نىياز ئاخۇن فارسچىنى تۈركىگە تەسنىف قىلغان. بۇ جۈملىنىڭ ئاخىرىغا «ئەزىز بەگ» دېگەن مۆھۈر بېسىلغان ۋە «1247 ـ ھىجرى» دەپ كۆرسىتىلگەن.

«يەنە قەسەسۇل غەرايىب» (ئاجايىپ قىسسەلەر) ناملىق قول يازمىدا بۇ كىتابلى 1257 ـ ھىجرىيىدە مۇھەممەد نىياز ئەبدۇلغەفۇر دېگەن كىشى خوتەن ـ يەركەن ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

مۇھەممەد ئەزىز بەگ ھىجرىيە 1247 ـ (مىلادى 1831 ـ 1832) يىل بىلەن 1257 ـ (مىلادى 1841 ـ 1842) يىللىرى دەۋر سۈرگەن خوتەن ـ يەركەن ھاكىمى مۇھەممەد ئەزىز بەگ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن. شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرىمۇ مۇھەممەد ئەزىز بەگ ھۆكۈم سۈرگەن يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

بىز شائىر مەشھۇرىنىڭ غەزەلىياتىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ ماھارەتنىڭ قانداق يېتىلگەنلىكىنىمۇ كۆرىمىز. شائىر ئۆز دىۋانىدا نەۋائىي، لۇتفى، مەۋلەۋىي، جامىي ۋە پەردىددىن ئەتتارلارنىڭ نامىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ پېشىۋالاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى زور پەخىرلىنىش بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتكەن. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە بىر شېئىرىدە «سۇراھۇللۇغەت»، «تەھزىب»... ناملىق كىتابلاردىن سۆز ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى كامالىتى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىك ئەدەبىيات پېشىۋالىرىنى ئۇستاز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش بىلەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلگەن. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئەلشىر نەۋائىينى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىمۇ نەۋائىيدەك «خېرىدارلىق» شائىر بولۇش تەلىپىنى قويىدۇ:

نەۋائىيدىن كېيىن مەشھۇرى شېئىرىنى ئوقۇماس كىم؟
بۇ بازار ئىچرە باردۇر ھەر مەتائىغە خېرىدارى.

مەشھۇرى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پېشىۋالاردىن ئۆگەنگەندە، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلاش ياكى تەقلىد قىلىش باسقۇچىدا توختاپ قالماي. بەلكى ئۇ پىكىرلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىشقا تىرىشقان. مەسىلەن: ئۇ نەۋائىينىڭ:

خەرابات ئارا كىردىم ئاشۇفتە ھال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇنغان سەفال.

دېگەن تەرجىئىبەندىگە

«ئەزەل ساقىيىسىدىن ئىچىپ جام ھال»

بىلەن باشلانغان تەرجىئىبەندىنى يازغان.

نەۋائىي ئۆز تەرجىئىبەندىدە «قولۇمدا سۇنۇق ساپال، ھالىم پەرىشان، مەي ئىزدەپ مەيخانىگە كىردىم» دېسە، مەشھۇرىي «ئەزەل ساقىيسىدىن ھال جامىنى ئىچكەنمەن، مەي ئىزدەشكە قولۇمدا ساپالغا ھاجىتىم يوق، بېشىمدا مەي خۇمارى يوق» دەيدۇ.

مەشھۇرىنىڭ مۇشائىرىسى نەۋائى شېئىرىغا نىسبەتەن شەكىل ۋە قاپىيە جەھەتتىن ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

يەنە سۇلتان ئابدۇرېشىتخانىنىڭ:

«قايسى گۈلشەننىڭ سېنىڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار؟
قايسى بىر گۈلنىڭ مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟»

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان غەزىلىگە تەقلىد قىلىپ، مەشھۇرى مۇنداق بىر مۇشائىرىنى يازىدۇ:

قايسى دەريانىڭ ساچىڭدەك ئەنبەرى ساراسى بار؟
قايسى ئەنبەرنىڭ خەتىڭدەك بويى روھ ئەفزاسى بار؟
جەننەتۇل-مەئۋا فەزاسىنى قاچان مەئۋا ئېتەر،
ئاشىقى شورىدەنىڭ كويۇڭداكىم مەئۋاسى بار؟
مەن نېچۈك بولماي بىھال، چەكمەي ھەمىشە دۇدى ئاھ،
باشىم ئۈزرە ئەنبەر ئەفشان كاكۇلىڭ سەۋداسى بار،
نە ئۈچۈن ئولتۇرمىسۇن ئۇ مەسنەدى ناز ئۈستىدە،
ھەر تەرەفتە مىڭ مېنىڭدەك ئاشىقى شەيداسى بار.
مۇئجىزى ئۇششاقدۇر مەشھۇرى ئىشقىڭ فەيزىدىن،
قايسى ئاشىقنىڭ سېنىڭدەك دىلبەرى رەئناسى بار؟

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بىر ماۋزۇدا يېزىلغان بۇ ئىككى غەزەل ئۆزىگە خاس پىكىر ۋە رەڭدارلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن يۈكسەكلىك تالىشىپ تۇرمامدۇ؟ شائىر شېئىردىكى مەنىلەرنى مەھبۇب دەپ بىلسە، ئۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەرنى مەھبۇب ئۈستىدىكى كىيىم دەپ بىلگەن:

زىيۋەرى مەئنى ئېرۇر، مەشھۇرىكىم ئەلفازى خۇش،
ئۆتتىلەر زىننەت بېرىپ سۆزگە سۇخەت پەردازلار.
شەھدۇ شەكەر بىلەن يۇغۇرۇپمەن سۆزۈمنى كىم،
شېرىن قىلار لەبىنى، ئوقۇپ تەلخ كاملار.

جۈملىدىن ئۇ، «شېئىرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، لىرىكىلىق، رەڭدار بولۇشى كېرەك. سېنىڭ شېئىرىڭ قاچانمۇ شۇنداق بولار؟» دەيدۇ:

ھەمە ئەلفازىدۇر تازە، ھەمە مەزمۇنلىرى رەڭگىن،
قاچان ئوخشايدۇ ئۆزگە شېئرىگە، مەشھۇرى ئەشئارىڭ؟

مەشھۇرى دېۋانىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇنىڭدىكى: ئۇنىڭدا مۇھەببەت ۋە نەپرەت ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇ، مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئېچىپ بەرگەن خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى كۈرىشى چوڭقۇر

گەۋدىلەندۇرۇلگەن. شائىر ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق ھەقىقىي ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئارزۇ - ئىستىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش تىلىكى «كاچ پەلەك» نىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچرايدۇ. شائىر بۇ خىل پۈتلىكاشاڭلار ئارقىسىدا ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشمايۋاتقانلىقىدىكى سەۋەبنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن باغلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەركىن مۇھەببەتنى نابۇت قىلغۇچى فېئودال بايلار، مۇتەئەسسىپ دىنىي روھانىلار ۋە سوپىلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. بۇ يالغۇز شائىرنىڭ خەلقچىل روھىنىڭ روشەن بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىمۇ كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. (شائىرنىڭ بۇ خىل خەلقچىللىق روھى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈدۇ.

شائىر 34 - 36 - غەزەللىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ پىتنە پاساتقا تولغانلىقى، نائەھلىلەر كۆلۈپ ياشناپ، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ:

زەمان پۇر شورىشۇ ئافاق پۇر فىتنە، جەھان ھاسىد،
خەلايىق كۆزلەرىدىن غەيبەدەك مەشھۇرى پىنھاندۇر.

(زامان غەۋغا - توپىلاڭغا تولغان، ئۇپۇق پىتنە - پاساتقا، جاھان ھەسەتكە تولغان؛ مەشھۇرى خالايىق كۆزلىرىدىن غايىب بولۇپ پىنھان ياشىماقتا).

بۇ بېيىتتا شائىر ئۆزى ياشىغان دەرۋنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئىخچام ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ يەنە:

بېرىپ جامى مەي گۈلگۈن ھەمە نائەھلىگە گەردۇن،
لەبا لەب جامى مەي يەڭلىغ كۆزۈمنى ئەشكبار ئەيلەر.

(پەلەك نائەھلىلەرگە گۈل رەڭلىك شاراب قەدەھلىرىنى سۇنۇپ، كۆزۈمنى لىقمۇ لىق تولغان مەي جاملىرىدەك ياش بىلەن تولدۇرماقتا) دەيدۇ.

بۇ ئەينى دەۋر فېئودالىزم شارائىتىدا ياخشى كىشىلەرنىڭ ئازاب ئوقۇۋبەتكە، يامان كىشىلەرنىڭ ئېتىبارغا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدەك ناھەقچىلىككە قارىتىلغان شائىرنىڭ ئۆتكۈر نارازىلىقىدۇر.

بىز 11 - غەزەلدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

ۋەھكى شەيخى خانقاھ ۋەئزىن ئىشىتكۈم كەلمەيۇر،
يوقتۇرۇر سۆزدە ئەسەر، ئۆزدە سىرايەت بولماسا.
ئادەمىي بىرلە نېدىن ئەرمەس بەرابەر ۋەھشى تەيىر،
ئەقلىدىن گەر ئادەمىيلەردە شەرافەت بولماسا.

www.uyghurkitap.com



(خانقاھدىكى سوپى - شەيخلەرنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغۇم يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىشق تەسىرى بولمىغاچقا، سۆزلىرىدىمۇ لەززەت يوق. ئەگەر ئادەملەردە ئەقىل ئىدراكتىن شاراپەت بولمىسا، ئۇنىڭ قۇشلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟)

بۇ مىسرالار بىر كۆن - كەچكىچە قۇرۇق سۆز سېتىپ جان باقىدىغان، سۆزى باشقا، دىلى باشقا، ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن تەنبىھ.

شائىر يەنە 61 - غەزىلىدە بېشىغا يوغان سەللە ئورىۋېلىپ، يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەس كىشىلەرنى چىۋىنغا ئوخشىتىپ مۇنداق ھەجۋى قىلىدۇ:

نازلان گۇفتارىدىن فەخر ئەتمەگىل دەستارىدىن،
كۆر، چىۋىن باشىدا كىم ئۆزىدىن ئۇلۇغ دەستارىدۇر.

شائىر 73 - غەزىلىدە: «قېشىمىنىڭ بىر تال مويىمۇ بايلارغا ئېگىلمەيدۇ ئۆزۈم گاداي بولسامىمۇ ھىممىتىم شاھانىدۇر» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، 78 - غەزىلىدە قەلبىدە ئىشقى - مۇھەببەت، جاسارەت بولمىغان زاھىدلارنى قۇرۇپ قالغان ياغاچقا ئوخشىتىپ: «قۇرۇق ياپراق يامغۇر سۈيىدىن گۈللىمىگەندەك، قۇرۇق زاھىدقا ئىشىق سۆزى تەسىر قىلمايدۇ» دەيدۇ.

شائىرنىڭ نۇرغۇن مىسرالىرىدا ئۆزى ياشىغان زامانغا بولغان نارازىلىق، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ رىيا ۋەساختىپەزلىك بىلەن تولغانلىقىدىن زارلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

بىز مەشھۇرى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، ئادالەت - پەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بىز ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سۆيۈملۈك دىيارى يەركەنگە بېغىشلاپ يازغان 30 - غەزىلىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ قەدىمىي دىيارغا بولغان مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى كۆرەلەيمىز. «خۇش نەۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر، گۈلىستان ياركەند» مىسراسى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت ئوتىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنىدۇر. لېكىن شائىر ياشىغان دەۋر قاراڭغۇ زۇلمەتلىك، ئۇ سۆيگەن ئەمگەكچى خەلق خارۇزار ئىدى. بۇ ھال شائىرنىڭ قەلبىنى قىيما - چىيما قىلاتتى. شۇڭا ئۇ 120 - غەزىلىدە ئېيتقاندەك «تەقدىرىم شېئىردەك ئاۋارىلىق ئىدى، مەملىكەتلەرنى كېزىپ، بىرەر ئېنچراق جاي تاپالمىدىم؛ بۇ ۋەتەننىڭ بىر ماكانسىز بۇلبۇلىمەن، يۈز مىڭ سايراپمۇ ياشناش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدىم» دەپ زارلانغان. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز زامانىسىدە خورلىنىپ جاپا چەككەن. بەختسىز، قەدىر - قىممەتسىز تۇمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاھ - زارىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، 148 - غەزىلىدە: «مېنىڭ قەدرىمنى كىم بىلگەي، مېنى كۆزگە كىم ئىلگەي؟ غېرىبىمەن ئۆز دىيارىمدا، ئەسىرمەن ئۆز ماكانىمدا» دەيدۇ.

شۇ كۇپلەردە شائىر ئۆز ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنىڭ كەمبەغەللىك، قالاقلىق، نادانلىق، خوراپاتلىق ئىسكەنجىسى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى. ئۇ خەلقنى ھەقىقىي بەخت-

سائادەتكە يېتىشتۈرۈشىنىڭ يوللىرىدىن بىرى پەن - مەرىپەت دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا 89 - غەزىلىدە نادانلىقنىڭ زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ: «نادان زۇلمەتتە ئولتۇرىدۇ. يورۇقلۇق ئىزدىگەنلەر ئۆگىنىشى كېرەك، ئىنساننىڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى ئۆگىنىش بىلەن» دەپ چاقىرىق قىلغان بولسا 23 - غەزىلىدە:

مەئرىفەت قىلماق ئۈمىد ئەسھابى دۇنيادىن ئەبەس،
رەۋشەنالىق كۆزنى كۆز تۇتماق ئەئمادىن ئەبەس.

دەپ، مەرىپەت، ئىلىم - پەن ئىگىلەشنى مال - دۇنيادىن ئۈستۈن قويىدۇ ۋە مال - دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنى كورغا ئوخشىتىپ، «كوردىن يورۇقلۇق كۈتكىلى بولمىغاندەك، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەردىن مەرىپەتنى كۆزلەش بىھۇدە» دەيدۇ. ئۇنىڭ 53 - غەزىلىنىڭ 6 - 7 - بېيىتلىرىدا «ئالىملاردىن ھەر كۈنى بىر نۇقتە بولسىمۇ ئۆگەن، چۈنكى يامغۇر تامچىلىرىدىن دەريا ھاسىل بولىدۇ، ھەرىكەتچان بول، قارىمامسەن، سۇ بىر يەردە تۇرىۋەرسە سېسىپ قالىدۇ» دېگەن ئوبرازلىق پىكىر ئارقىلىق بىر ئىزدا توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە، ھەر كۈنى بىر نۇقتىدىن بولسىمۇ ئۆگىنىپ «تامچىلاردىن دەريا ھاسىل قىلىش» قا چاقىرىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى پىكىر ۋە يېڭى مەزمۇن يوشۇرۇنغان.

شائىر 44 - غەزىلىدە: «گۈل ئۈستىگە گاھى مۆلدۈر، گاھى شەبنەم چۈشكەندەك ئادەم بېشىغىمۇ بەزىدە غەم، بەزىدە خۇشلۇق كېلىدۇ» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، 46 - غەزىلىدە «كەپتەردىن نامە ئەۋەرتىشكە ھاجىتىم يوق، چۈنكى مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزى ئەلچى» دەيدۇ. 55 - غەزىلىدە بولسا، دۇنيانىڭ غەم - غۇسسە بىلەن تولغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن «ئەمەل تۇتقان كىشىنىڭ بويى - ئېغىر يۈكتىن ئېگىلىپ قالىدۇ» دېگەن مەنىنى مۇنداق بىر نازۇك ئوخشىتىش بىلەن ئىپادە قىلىدۇ.

باش بولۇپ يۈز ھۆسنىگە قاشتا قاچان غەم يۈكتۇرۇر. (يەنى، قاشنىڭ ئەگرى بولۇشى ئۇنىڭ باشلىقتەك يۇقىرىدا تۇرغانلىقىدا). ئۇ يەنە 57 - غەزىلىدە:

«پۇشت پا دۇنياغا ھەركىم ئۇرسا ئول مەردانىدۇر.
باغلىسا ھەركىم كۆكۈل دۇنياغا ئول دىۋانىدۇر.»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىك، ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ: «دۇنيانى تېپىپ تاشلىيالىغان كىشىلا مەردانىدۇر، دۇنياغا قاتتىق كۆڭۈل بېرىش دىۋانىلىق»، «شاھنىڭ شاھلىقىمۇ كېتىدۇ، ئوردىسى ئاخىر يىقىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ).

بىز ئاجايىپ چوڭقۇر ھېممەتكە تولغان مۇنۇ ئىككى مىسرانى كۆرۈپ باقايلى:

ئامان ئىستەر ئېسەڭ بول سەرۋىدەك ئازادە بارىڭدىن،
كى نەفلى بارۋەر ھەر رەھگۈزەنىڭ سەڭگى سارىدۇر.

(ئامانلىقنى خالىساڭ، سەرۋى دەرىخىدەك ھېچ نەرسىگە ئىگە بولما، شۇ چاغدىلا سەن ئامانلىق تاپالايسەن. كۆرمەمسەن، مېۋىلىك خورما دەرىخىگە ھەر بىر يولدىن ئۆتكۈچىلەر تاش ئاتىدۇ. مېۋىسىز دەرەخلەرگە ھېچكىم تاش ئاتمايدۇ.)

شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى ئىزدەپ، مېۋىسىز دە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەخ بولۇش كېرەكمۇ ياكى يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ تاش كېسەك ئېتىشىدىن قورقماي، مېۋىلىك دەرەخ بولۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن ئىككى چوڭ مەسىلىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق ئەسىرىدىن بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى. دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇھەببەت لىرىكىسى بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ھەقىقىي، ئەركىن مۇھابەتنى كۈيلەپ، ئۇنىڭغا ئىبرىشىشتىن ئىبارەت ئارزۇ- ئىستىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ساداقەت، مېھرى-ۋاپانى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى رەڭدار ئىبارىلەر بىلەن بېزىگەن، ھەر بىر جۈملىنى بەدىئىي گۈزەللىكنى شەكىللەندۈرگۈچى ئىستېتىك ۋاسىتىلەر ۋە مەجاز بىلەن قۇراشتۇرغان.

ھەر بىر سۈپەتلىگۈچىگە ئۇنىڭ سۈپىتىنى يانداش قويغان. مەسىلەن: ئەشىك خۇنى (قانلىق ياش)، گۈلگۈن قەبا (گۈل رەڭ كىيىم) ئاتەشىن ئاھ (ئوتلۇق ئاھ)، سىپېھرى نىلگۈن (نىل رەڭ ئاسمان) ۋە باشقىلار.

شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئاددىي ئىبارىلەر ئارقىلىق ئەمەس بەلكى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن بېزەشكە ئالاھىدە كۆچ سەرپ قىلغان. كۆرۈپ باقايلى:

كۆرمەيىن گۈل چېھرىنى نەيلەي گۈلى گۈلزار ئارا،
گەر كىرەر ئېرسەم گۈلىستانغا يۈرەرمەن خار ئارا.

(گۈل چىراي يارنى كۆرمىسەم، گۈلىستاننى نېمە قىلىمەن؟ چۈنكى يارسىز گۈلزارغا كىرسەم، تىكەن ئارىسىدا يۈرگەندەك بولىمەن) شائىر 13-غەزەلىدە:

نېچۈك يەتكۈمدۇركىم ناز قەسرىدۇر بەلەند ئانداغ،
نەزارە قۇشلىرى پەرۋاز قىلسا، پەر ساچار ئاندا

يەنى، «يارنىڭ نازلىق قەسرىگە قانداق يېتىپ بارالايمەنكى، نەزەر قۇشلىرى ئۇچسا، قاناتلىرى توزۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئېگىز تۇرسا» دېگەن بولسا، قالغان مىسرالىردا: «نىلرەڭ ئاسمان - ئۇ سەييارىلەر جىلۋىگاھى، ئۇ ئالتۇن تۈگمىلەر (يۇلتۇزلار) بىلەن بېزەلگەن. كۆڭۈل جىنى، كۆز يېشى يار قېشىدا قالغان، مەندىن نېمە ئىزدەيسەن؟ ئەي يار، بۇ قايغۇ بىلەن ئاۋات دۇنيادا سەنلا مالال ئەمەس، چۈنكى، ئاچىز جانلار كوچاڭ گۈللىكىدە سايىراپ تۇرىدىكەن» دەيدۇ.

شائىرنىڭ بەشلا بېيتتىن تەركىب تاپقان 17-غەزىلىدىكى لىرىكىلىق مىسرالار تېخىمۇ گۈزەل:

تەلپۈنەر جان تۇتىسى لەئلى شەكەر بارىڭ كۆرۈپ،
مەۋج ئۇرار كۆزگۈدە ھەيرەت ئەكس رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

(جانىنىڭ تۇتى قۇشى شېكەر ياغدۇرغان لەئلىدەك لېۋىڭنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. سېنىڭ چىرايىڭنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ئەيىنەكتە ھەيرەت مەۋج ئۇرىدۇ) دېسە: ئۇنىڭغا ئۇلاپلا،

رەڭگىبارى ھۆسىن بىرلەدۇر سىرشىتە پەيكەرىڭ،
گۈل خىجالەت پەردەسىدە رەڭگى رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

(سىنىڭ سۇرىتىڭ ھۆسن رەڭلىرى بىلەن ئارىلاشقان، شۇڭا سىنىڭ چىرايىڭنىڭ رىڭىنى كۆرۈپ، گۇل خىجىللىق پەردىسىگە ئورالغاندۇر) دەيدۇ.

قاراڭ، بۇ قانداق گۈزەل سۈرەتلەش - ھە! جان تۈتىسى لەئلىدەك قىزىل شېكەر ياغدۇرىدىغان لىۋىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىكەن، ئەينەك يۈزىدە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ دولقۇنلىنىدىكەن؛ ھۆسنىنىڭ زەڭگىبارى (قارا چاچلىرى) بىلەن قامىتى ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ رەڭگى - روينى كۆرۈپ، گۇل ئۆز پەردىسى ئىچىدە خىجىللىق تارتىدىكەن!

شائىر شېئرىيەتنىڭ رەڭدار بېزەكلىرىدىن بولغان ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغە، ئىستىئارە، خىتاب قاتارلىق ئىستېلىستىك ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشتا، ئۆزىگە خاس يول تۇتقان.

كۆرمەي ئۇل گۇل سانجىلۇر پەيكان كەبى مىژگان ماڭا،
گۇلشەن ئاتەشخانە، غۇنچە ئاتەشتىن پەيكان ماڭا.

بۇ بېيىتتە شائىر گۇلنى ياردىن كىنايە قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كىرپىكىنى ئوققا ئوخشىتىدۇ، يارنى كۆرەلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭغا گۇلشەن، ئوتخانە، غۇنچە ئوتلۇق ئوق بېشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

8 - غەزەلدىكى:

مەن نېچۈك گۈلباغى ئىشقىڭ ئورمايىن مەستانەكىم،
رەز قىزى گۇلگۇنە سۈرتەر يۈزىگە گۇل جامىدا.

(مەن سىنىڭ ئىشقىڭدا قانداقمۇ مەستانىلارچە پەرياد ئۇرماي تۇرالايمەن. تاڭ قىزى ئۈزۈم شارابىنىڭ گۇل جامىدا يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتكەن تۇرسا) دېگەن مىسرالىرىدا تاڭ قىزى مەيدىن كىنايە بولۇپ يارنىڭ يۈزىگەسۈرتۈلگەن ئەڭلىكگۇل جامىغا ئوخشىتىلىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا گۇلدەك قىزارغان بىر جانانىنىڭ جانلىق سۈرىتى گەۋدىلىنىدۇ.

9 - غەزەلنىڭ ئاخىرقى ئىككى بېيىتىدە شائىر ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلىپ:

تاپماغۇڭ مەشھۇرىكىم، رەڭگى ئەسەر ھەڭگامەكىم،
ئەي قۇياش، شەبنەم كەبى مەھۋى لىقا بولدۇم ساڭا.

دېگەن مىسرادا «ۋاقتى كەلگەندە رەڭدىن ئىزمۇ تاپالمايسەن، شەبنەم قۇياشنى كۆرۈش بىلەن يوقىلىپ كەتكەندەك، سەنمۇ يوقىلىپ كېتىسەن» دېسە، بۇ غەزەلنىڭ 4 - 7 - 8 - بېيىتلىرىدە شائىر ئۆزىنىڭ شېئىردىي ماھارىتىنى ئاسترونومىيىگە ئاغدۇرۇپ، ئۆز ئىشقىنى يېڭى ئايغا، ئاشىقىنى كۈنگە ئوخشىتىدۇ. ھىلال ئاي كۈننىڭ گادايى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تولۇن ئايغا ئايلانغىنىدەك، مەنمۇ سىنىڭ ئىشقىڭ بىلەن كامالەت تاپتىم دەيدۇ. ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنى چۆرگىلەپ كېتەلمىگەنلىكى، ئاينىڭ قۇياشنى ئايلىنىشىدەك تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت قوشۇلۇپ، ئاجايىپ بىر يېڭى مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ.

گۇلگۇن ئاھىم پەنجەئى خۇرشىدغە باغلار خىنە،
كىم نىگارىم ئىزلاردىن جاندا تەسەۋۋۇر ئەتمىشەم.

(يارنىڭ ئىزلىرىنى جىنسىم ئىچىدە ئويلىغىنىمدا، گۈلرەڭلىك ئاھىم قۇياش پەنجىسىگە خىنە ياقىدۇ) شائىر بۇ مىسرالاردا ئۆز ئاھىنى گۈل رەڭگى بىلەن سۈپەتلەپ، قۇياشقا پەنجە ياسايدۇ ۋە بۇ پەنجىلەرگە ئۆزىنىڭ گۈل رەڭلىك ئاھىدىن خىنە ياقىدۇ.

بىز شائىرنىڭ 159 ـ غەزىلىدە ئۆزىنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى بېشىدىكى سان ـ ساناقسىز چاچقا ئوخشاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، شېئىرنىڭ «كىم يىراق چۈشكەچ ئېرۇر خۇرشىدىدىن ئاينىڭ كەمى» دېگەن مىسرا بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مىسرادا قۇياش كۆڭلى سۈزۈك مېھرىبان دوستتىن، ئاي ئۆزىدىن مەجازلىق كىنايە بولۇپ، قۇياشتىن يىراقلاشقان ئاينىڭ كېمىپ كېتىشى ھالەت دەلىلىدۇر. مانا بۇنى شائىرنىڭ ئەڭ نازۇك ماھارىتىنىڭ ئۆرنىكى دېيىشكە بولىدۇ.

بىز شائىرنىڭ 54 ـ غەزىلىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

مۇھەببەت ئالەمىنىڭ شاھىدۇرمەن، غەم سىپاھىمدۇر،
باشىم ئۈزرە قارا مۇڭلار قارا مەخمەل كۇلاھىمدۇر.
زىبەس سەرگەشتەدۇرمەن مەھۋەشىمنىڭ مېھرى كويىدا،
قۇياش كۆزگۈسىنىڭ رەۋشەنگەرى بىر گىردى ئاھىمدۇر.
كەل ئەي گۈلگۈن سەۋار، ئۆتكىل نەزەردە جىلۋىلەر كۆرگۈز،
فەلەك مەيدانىنىڭ گۈلگۈن سەۋارى بەرقى ئاھىمدۇر.

بۇ مىسرالارنى شائىرنىڭ تەپەككۇرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، ئۇ مۇھەببەت ئالىمىنىڭ شاھى، غەم ئۇنىڭ لەشكىرى، بېشىدىكى غەم ـ قايغۇلار ئۇنىڭ قارا مەخمەل كۇلاھى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يەردە مۇھەببەتنى «ئالەم» دەپ مۇبالىغىلەشتۈرگەن بولسا، ئۇزىنى شاھ، غەمنى لەشكەر دەپ مەجازلاشتۇرغان، قايغۇنى قارا كۇلاھقا ئوخشاتقان. 2 ـ بېيىتتا، قۇياشنى ئەينەككە ئوخشىتىپ، قۇياش يۈزىنى ئاھىنىڭ تۇزاڭلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلىدى، دەپ مۇبالىغە قىلغان. 3 ـ بېيىتتا ئۆزىنىڭ ئاھىنى پەلەك مەيدانىنىڭ گۈل رەڭ ئېتىغامىنگەن چاقماققا ئوخشاتقان.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىرنىڭ دىۋانى 14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە بېيىتلار شۇ دەۋردىكى جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇپ يېزىلغان. ھەتتا بىرمۇنچە بېيىتلار بىزگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدەكلا چۈشىنىشلىك تۇيۇلىدۇ.

يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتۈلگەن پاكىتلارغا ئاساسەن، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆتكەن مەشھۇر پېشۋالار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا ھەقلىق بولغان لىرىك شائىردۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دېڭىزىغا قۇشۇلغان سۈزۈك تامچىلاردىن بولۇشقا مۇناسىپ.

# ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار *

مۇھەممەتجان ھەكىموۋ

ئەلشىر نەۋائىينىڭ مۇھىم ئەدەبىي ئىلمىي مىراسلىرى XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ كىتابەت تارىخىمىزدا، خەتتاتلىق ۋە بەدىئىي قول يازما تارىخىمىزدا كەسكىن بۇرۇلۇش ياسىدى. گەرچە XV ئەسىرگە قەدەر ئۆزبېك تىلىدىكى ئەدەبىي، تارىخىي مەنبەلەر كاتىپلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئاز كۆچۈرۈلگەن بولسا، XV ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پەقەت ئايرىم كىتابلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن - پۈتۈن خەتتاتلىق مەكتەپلىرىنىڭ نامايەندىلىرى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. XV ئەسىردىن باشلاپ تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر تۈركىي تىلدا كىتابەت قىلىنغان مەنبەلەرنىڭ يېرىمىغا تەڭ قىسمىنى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ئىگىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا كىتابەت ئىشى، خەتتاتلىق، بەدىئىي قول يازما ۋە مىنىئاتيۇرا ** سەنئىتىنىڭ كېيىنكى بەش ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى مەكتەپلەر، ئۇسلۇبلار، نامايەندىلەر پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىشتە نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى يېتەكچى، ئايرىم ھاللاردا ھەل قىلغۇچى مەنبە ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەنلىكىدە ھېچقانداق شەك - شۈبھە يوق.

نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى بەش ئەسىر داۋامىدا جاھاننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە تارقالدى. ھازىرقى ۋاقىتتا نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ مىڭ جىلدتىن ئارتۇق قول يازما نۇسخىسى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت، لېنىنگراد، دۇشەنبە، باكۇ، تبىلىس، ئېرىۋان، ئاشخاباد، فرۇنزې، قازان، سەمەرقەند، بۇخارا، قوقەند، خىۋا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى قول يازما فوندىلىرىدا ساقلانماقتا. شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بەزەن بىر جىلد تەركىبىگە نەۋائىينىڭ يېگانە بىر ئەسىرى كىرگەن بولسا، بەزەنلىرىدە بىرجىلد بىرقانچە ئەسەردىن تەركىب تاپىدۇ. ياكى بىر قول يازما

* بۇ ئەسەر ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991 - يىلى يىل بېشىدا ئېلان قىلىنغان. ئەسەردە تەتقىق قىلىنغان تېما بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈنمۇ مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ ئەسەرنى ئېلان قىلىش جەريانىدا بەزى ئورۇنلار قىسقارتىلدى. بەزى جايلىرى قىسمەن ئۆزگەرتىلدى. بۇ كىتابچە ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان بولغاچقا، ئۇندىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئالاقىدار ئىسىم ۋە ئاتالغۇلار ئۆزگەرتىلمەستىن شۇ پېتى ئېلان قىلىندى.

** مىنىئاتيۇرا — ئوتتۇرا ئەسىر قول يازما ۋە كىتابلاردا بوياقلار بىلەن سىزىلغان نەقىش، رەسىم، سۈرەت، بېزەكلىك باش ھەرپ ياكى لەۋھەنى كۆرسىتىدۇ (ت).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



جىلدى نەۋائىنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى دېگۈدەك ياكى ئەڭ يىرىك ئەسەرلىرىنى ئۆز تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، كۇللىياتقا ياكى بولمىسا كۇللىياتقا يېقىن بولغان توپلامغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەنە شۇ قىسمەن قول يازمىلارنى ئۆگىنىش ئاساسىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كاتىپنىڭ نامىنى ئېنىقلاشقا مۇۋەپپەق بولۇندى. قول يازمىنى كۆچۈرگەن ھەربىر كاتىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتى، بىلىمى ۋە ئۇسلۇبى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. دېمەك ھەربىر قول يازما كاتىپلار تەرىپىدىن تۈرلۈك سەۋىيىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ شەك-شۈبھىسىز نەۋائى مىراسى بولۇپ قالىۋېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا نەۋائى مىراسى پۈتۈلگەن قول يازما مۇئەييەن بىر دەۋر، مەملىكەت ياكى ئۆلكە كىتابەت ئىشى ۋە سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ھەم باھالىنىدۇ. چۈنكى ئاشۇ قول يازما كىتابنىڭ يارىتىلىشىدا قەغەز، سىياھ، تۈرلۈك بوياقلار، مۇقاۋا ئۈچۈن مەغىز (كارتون قەغەز)، چەم ياكى ماتا ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار جەدۋەلكەش، لەۋۋاھ، مۇزەھھىب، مۇسەۋۋىر، سەھھاف كەبى ھۈنەرۋەن ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەمگىكى بىر پۈتۈن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

كاتىپلارنىڭ بەزىلىرى نەۋائى ئەسەرلىرىدىن پەقەت بىرىنىلا كۆچۈرگەن بولسا، بەزىلىرى بىرنەچچە ھەتتا ئونلاپ ئەسەرلەرنى كۆچۈرگەن. پۈتۈن پائالىيىتىنى نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشكە بېغىشلىغان كاتىپلار ھەققىدىمۇ ئاساسلىق مەلۇماتلار ھەم بار.

ھەربىر كاتىپ مۇئەييەن بىر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، شۇ خەتتاتلىق مەكتىپىدە تەركىب تاپقان ئەنئەنىلەرنى داۋام ئەتتۈرۈشكە، تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. خەتتاتلىق مەكتەپلىرى مەلۇم بىر شەھەر ياكى ئۆلكىدىكى ئىجتىمائىي-سىياسىي، مەدەنىي-ئەدەبىي ھاياتنىڭ تەلىپى ۋە مەھسۇلى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. بىز نەۋائى ئەسەرلىرى قول يازمىلىرىنىڭ كۆچۈرۈلۈش چېگرىسىغا (گېئوگرافىيىسىگە) نەزەر سالساق ئەينى شۇ ئىشلار كۆزگە ئېنىق چېلىقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئەڭ دەسلەپ كىتابەت قىلىش ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىدىن باشلىنىدۇ. شۇ خەتتاتلىق مەكتىپىدە XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە XVI ئەسىر باشلىرىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن ئالتە خەتتات — سۇلتان ئەلى مەشھەدىي، ئابدۇلجەمىل كاتىپ، ئەلى ئىبن نۇر، سۇلتان مۇھەممەد خەندان ۋە دەرۋىش مۇھەممەد تاقىيلارنىڭ ناملىرى دەسلەپكى قول يازمىلار ئارقىلىق مەلۇم. بۇ خەتتاتلاردىن خۇسۇسەن سۇلتان ئەلى مەشھەدىي، ئابدۇلجەمىل كاتىپ، دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي كۆچۈرگەن قول يازمىلار نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنچى نۇسخىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ھەم ھىراتتا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش ئەنئەنىسى داۋام ئەتتى. بۇنىڭ يارقىن نەمۇنىسى 1526 — 1527 - يىللاردا ئەلى ھىجرانىي كۆچۈرۈپ تۈگەتكەن نەۋائى كۇللىياتىدۇر. سۇلتان مۇھەممەت نۇر، سۇلتان مۇھەممەت خەندان ۋە باشقا بىرنەچچە خەتتاتلار ھىراتتا XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى

يېرىمىدا ھەم نەۋائى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىشتا سەمەرىلىك پائالىيەت كۆرسەتكەنىدى.

XVI ئەسىردىن باشلاپ نەۋائى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش دائىرىسى خېلى كېڭەيدى. مەشھەد، شىراز، تەبرىز، بۇخارا، سەمەرقەند، شاھرۇخىيە خەتتاتلىق مەكتەپلىرىدىن يېتىشكەن بىرنەچچە خەتتاتلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقلىرى مەلۇم.

مەشھەد خەتتاتلىق مەكتىپىدىن مىر ئىماد ئەل ھۇسەينىي نەۋائى ئەسەرلىرىنى غايەت نەپىس خەت بىلەن كۆچۈرگەن. ئۇنىڭ نەۋائى تەرمە دىۋانلىرىدىن كۆچۈرگەن نۇسخىلىرى ساقلىنىپ قالغان.

تەبرىزدە مەشھەد ۋە شىرازغا قارىغاندا نەۋائى ئەسەرلىرى كۆپرەك كۆچۈرۈلگەن چەلەبىي، پىر مۇھەممەد شەيخ تاھىر تەبرىزى، ھاجى مۇھەممەد تەبرىزى قاتارلىقلار تەبرىز خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئەڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى ھېسابلىناتتى. 1595 — 1596 - يىللاردا نەزەر ئەلى فەيزى ئىران ئەزەربەيجانىنىڭ قىزىل ياغاچ شەھىرىدە كۆچۈرۈپ تۈگەتكەن نەۋائى كۇللىياتىنى ھەم تەبرىز خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ داۋامى دېسە بولىدۇ.

XVI ئەسىردە بۇخارا خەتتاتلىق مەكتىپىدە نەۋائى ئەسەرلىرى كۆپلەپ نۇسخىلاردا كۆچۈرۈلدى. بۇخارالىق خەتتاتلاردىن مۇھەممەد ئەلى ئەل - كاتىپ ئەس - سۇلتانىي، ئىمن ئەبۇلمەكارىم ئابدۇلۋەھاب ئەل - ھىجازىي، مەھمۇد ئىبىن ئىسھاق شەھابىي كۆچۈرگەن قول يازمىلار ئالاھىدە ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. XVI ئەسىر قول يازمىلىرىنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار خەت جەھەتتىن ناھايىتى نەپىس ۋە بەدىئىي بېزەكلەرگە بايدۇر. يەنە بىر قىممەتلىك تەرىپى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇلغان رەسىم (مىنىئاتيۇرا) لەر ئىشلەنگەن.

XVI ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ھىراتتىن خېلى يىراق ئۆلكىلەردە، مەسىلەن، تۈركىيە، مىسىر ۋە ھىندىستاندىمۇ نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ ئىشتا كۆپرەك تۈرلۈك ئىجتىمائىي - سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن ئاشۇ جايلارغا بېرىپ قالغان خەتتاتلار پائالىيەت قىلغانىدى.

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا قەشقەر، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەرۋ، خارەزم، شەھرى سەبز، قوقەن (ياكى فەرغانە)، تاشكەنت خەتتاتلىق مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپىدە ئەزىز كىچىك ئىبىن مۇھەممەد ئەدىل، موللا ئەشۇر ئىبىن موللا - مىر تېمۇردىي ماچىنىي ۋە باشقىلار نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشتە كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنىدى. قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپىدە نەۋائى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى 1824 — 1830 - يىللاردا ئابدۇرەھىم ئىبىن مۇھەممەد پازىل قەشقەرى تەرىپىدىن نەۋائى كۇللىياتىنىڭ كۆچۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىزاردىن كېيىن نەۋائى ئەسەرلىرىنى پۈتكەن قەشقەرلىك بىرنەچچە كاتىپلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نامى ھەم پەنگە مەلۇم.

نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن دەسلەپكى خارەزم خەتتاتلىرىنى XVII ئەسىردىن تارتىپ ئۇچرىتىمىز. دوست مۇھەممەد ۋەلەدى ئەشمۇ ھەممەد XVII ئەسىر ئاخىرلىرىدا «خەمسە» نى كۆچۈرگەن. XVIII — XIX ئەسەرلەردە خارەزمدە نەۋائى ئەسەرلىرىگە قىزىقىش ناھايىتى كۈچەيدى. خارەزملىق خەتتاتلار ئارىسىدا ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالىم شىر مۇھەممەد مۇنىسنىڭ نامى ھەم ئالاھىدە پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ نەۋائى ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرگەن ئۈچ دانە دەستخەت* قول يازمىسى يېتىپ كەتكەن. XIX ئەسەردە ۋە XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە خارەزم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەۋائى مىراسىنى كىتابەت قىلغان ئەللىكتىن ئارتۇق كاتىپلارنىڭ كۆچۈرگەن قول يازمىلىرى مەۋجۇت.

XVIII ئەسىر ئاخىرىدا بۇخارا ۋە سەمەرقەند خەتتاتلىق مەكتەپلىرىدىن ئاجرىلىپ چىققان شەھرى سەبز خەتتاتلىق مەكتىپىمۇ نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىغا سالماقلىق ھەسسە قوشتى. كۆپلەپ خەتتاتلارنى يېتىشتۈرگەن بۇ مەكتەپتىن يار مۇھەممەد قارا شەھرى سەبزىي كۆچۈرگەن قول يازما كىتابلاردىن يەتتىسى ساقلانغان.

قوقەن (ياكى بىر ئاز كېيىنرەك مەنىدە پەرغانە) خەتتاتلىق مەكتىپىدە نەۋائى ئەسەرلىرىدىن دەسلەپىدە يارىتىلغان قول يازمىلار XVIII ئەسىرگە مەنسۇپ. قوقەندە نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ناھايىتى كەڭ تۈس ئالغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1838-يىلى قوقەن خانى مۇھەممەد ئەلى خان نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل-مەئانىي» («مەنىلەر خەزىنىسى») ئەسىرى ئالتە ئايدا ئۈچ يۈز نۇسخا (ئەدەد) دە بىر خىل تەركىب ۋە بىر خىل ئۆلچەم (ھەجىم) دە كۆچۈرۈلۈپ، شىرازلىق، ۋۇقاۋىلارغا ئىلىنىشۇن ۋە ۋىلايەتلەرگە تارقىتىلسۇن دەپ پەرمان بەرگەن. شۇ دەۋردە يارىتىلغان «خەزائىنۇل-مەئانىي» نىڭ قول يازمىلىرىدا كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان خاتىمە ۋە تارىخلاردا: «ئۇشبۇ نۇسخا ئەمىر ئەلىشىر نەۋائى دىۋانلىرىنىڭ ئۈچ نۇسخا كۆچۈرۈلگەنلىرىدىن بىرى» دېگەن قەيتلەرنىڭ تېز-تېز ئۇچراپ تۇرۇشى يۇقىرىدىكى تارىخىي مەلۇماتنى تولۇق تەستىقلايدۇ. نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن قوقەندىنىڭ يىرىك خەتتاتلىرىدىن ئەۋەزبەردى ئىبنى تىلەۋ مۇھەممەد بېشەرىقى، موللا روزى كاتىپ، مۇھەممەد شەرىف دەبىر، كەرىمجان ئىبنى رەھىمجان، سۇلايمانقۇل راجىي، ناسىرجان ھاجى خوقەندى، ئەشۇرئەلى زاھىرىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

تاشكەنت دىيارىدا نەۋائى مىراسىنى كىتابەت قىلىش XVI ئەسىردىن باشلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن سىر دەريا بويىدىكى شاھرۇخىيە شەھرىدە XVI ئەسىردە «خەمسە» نىڭ مىنىئاتيۇرلىق بىر نۇسخىسى كۆچۈرۈلگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇنلۇق بولىدۇ. XVII ئەسىردىن تارتىپ ھازىرقى تاشكەنتتە يېڭى خەتتاتلىق مەك-

* دەستخەت — كىشىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان خەت (ت).

تېپى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. نەۋائى ئەسەرلىرىمۇ ئەنە شۇ دەۋردە تاشكەنت خەتتاتلىق مەكتىپىدە كۆچۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىدىن بىرنەچچە قول يازمىلاردىكى تارىخلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ. تاشكەنت خەتتاتلىق مەكتىپىدە ھەم ئونلاپ خەتتاتلار XIX ئەسىردە نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان. جۈملىدىن، مۇھەممەد رەھىم ئىبىن نېمەتجان تاشكەندى، نەقىب خوجە ئىبىن مۇئمىن خوجە شاشىي، مۇھەممەد يۇنۇس كاتىپ، شامۇراد كاتىپ، ئەبدۇلمەنناپ قارىي ۋە باشقىلار.

تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا نەۋائى ئىجادىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى نەتىجىسىدە XIX ئەسىر ۋە XX ئەسىر باشلىرىدا تاتارىستان، قىرىم ۋە ئەزەربەيجان ئۆلكىلىرىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن نۇسخىلار كۆچۈرۈلدى.

بىز يۇقىرىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ كاتىپلىرى ئۆز ئىسىملىرىنى قويغان قول يازمىلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. نەۋائى ئەسەرلىرىگە كاتىپلار ئۆز ئىسىملىرىنى قويمىغان، كىتابەت ئورنى ۋە تارىخى قەيت قىلىنمىغان يۈزلەپ قول يازما نۇسخىلارمۇ بار. ئۆتمۈشتە كۆپلىگەن كاتىپلار كەمتەرلىك يۈزىسىدىن ئۆزلىرى كۆچۈرگەن قول يازمىلاردا ئىسىم شەرىپلىرىنى يازمىغان. بۇ ھالەت شەرق كىتابەت ئىشىدا مەلۇم دەرىجىدە ئەنئەنە تۈسىگە كىرگەنىدى. ئەنە شۇنداق كاتىپى، كىتابەت ئورنى ۋە يىل دەۋرى نامەلۇم قول يازمىلار مۇقاۋا، قەغەز، خەت، مىنىئاتيۇرا (ئەگەر سىزىلغان بولسا) ۋە باشقا پالېئوگرافىك بەلگىلىرىگە قاراپ مەلۇم بىر دەۋر ۋە مەلۇم بىر خەتتاتلىق مەكتىپىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىلىدۇ.

بەش ئەسىر داۋامىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن كاتىپلارنىڭ خەت ئۇسلۇبىغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرەب خېتىنىڭ نەستەئلىق ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغانلىقى بىلىنىدۇ. ئاددىي كاتىپلار يىرىك، ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىقتە، سەنئەتكار خەتتاتلار ئۇششاق، نەپىس ۋە بەدىئىي نەستەئلىقتە يېزىشقان. ئەرەب خېتىنىڭ نەستەئلىقتىن باشقا ئۇسلۇبلىرىدىمۇ قول يازمىلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق قول يازمىلار ھازىرچە پەقەت يېگانە قول يازما — «غەرايىبۇس - سىغەر» نىڭ XV ئەسىر ئاخىرلىرى ياكى XVI ئەسىر باشلىرىغا مەنسۇپ بىر نۇسخىسى (تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى، № 386) ھەرىكەت بەلگىلىرى كۆپ قويۇلۇپ، نەسخ ئۇسلۇبىدا پۈتۈلگەن. XIX ئەسىر ئاخىرلىرى ۋە XX ئەسىر باشلىرىدا قوقەند خەتتاتلىق مەكتىپىدە نەۋائىنىڭ ئايرىم شېئىرلىرى ھەرىكەت بەلگىلىرى قويۇلماي يېزىلغانلىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇ دەۋردە قوقەندە نەۋائىنىڭ بىر دىۋانى بىرەرمۇ ھەرىكەت بەلگىلىرى قويۇلماي نەستەئلىق ئۇسلۇبى بىلەن كۆچۈرۈلگەن (تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قول يازمىلار ئىنستىتۇتى № 25-1). نەۋائى دىۋانىنىڭ قول يازمىسىنى چېكىتسىز نەستەئلىق بىلەن كىتابەت قىلىش قوقەند ئەدەبىي مۇھىتىدىكى بىدىل نەۋىلىك ۋە بىدىلخانلىق ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك.

* بىدىل نەۋىسلىك — بىدىلشۇناسلىق، بىدىل ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش.

www.uyghurkitap.com



نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرىدا مەتىنلەرنىڭ سەھىپىگە جايلىشىش ئەھۋالىدا ھەرخىل ھالەتلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۆلچىمى (ھەجىمى) ئانچە چوڭ بولمىغان تەرمە دىۋانلاردا ۋە «خەمسە» داستانلىرىنىڭ ھەربىرى ئالاھىدە كىتاب قىلىنىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلاردا مەتىن ئادەتتە ھەر سەھىپىدە ئىككى ئىستونلۇق قىلىپ 10 قۇردىن 15 قۇرغىچە جايلاشقان بولىدۇ. ئۆلچىمى جەھەتتىن خېلى چوڭراق. كۆپىنچە «خەزائىنۇل-مەئانىي» ۋە «خەمسە» دىن تەركىب تاپقان قول يازما توپلاملاردا مەتىن ھەر سەھىپىدە تۆت ئىستونلۇق، 19 قۇردىن 27 قۇرغىچە جايلاشتۇرۇلغان. XV - XVI ئەسىر نەۋائى كۇللىياتلىرىدا مەتىن ئادەتتە ھەر سەھىپىدە تۆت ئىستون 27 قۇردىن ئىبارەت قىلىپ تۈزۈلگەن (دېمەك بىر سەھىپىدە 108 قۇر-مىسرا جايلاشقان).

XIX ئەسىردە تۈزۈلگەن قەشقەر (كاشغەر) كۇللىياتىدا بولسا «خەمسە» داستانلىرىنىڭ مەتنى ھەر سەھىپىدە ئالتە ئىستونلۇق قىلىپ، 21 قۇردىن جايلاشتۇرۇلغان (دېمەك، بىر سەھىپىدە 126 قۇر-مىسرا بار). نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ مەتنى ھەممە قول يازمىلاردا بىر خىلدا جايلاشقان. ئۇلاردا قول يازمىسىنىڭ ھەجىمى (ئۆلچىمى) گە قاراپ ھەر سەھىپىدە 13 قۇردىن 19 قۇر (سەتر) غىچە كۆرۈش مۇمكىن. كەمدىن كەم ھاللاردا نەۋائىنىڭ مۇستەقىل ئەسىرى قول يازمىدىكى ئاساسىي مەتنىنىڭ ھاشىيەسىگە قىيالىتىپ (قىيسايتىپ) يېزىلىشىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇنداق ھالەتتە ھاشىيە مەتنى بىر سەھىپىدە 30—32 قۇرغىچە بارىدۇ.

قول يازما نۇسخىلاردا ئەسەرلەر مەتنىنىڭ مۇكەممەل ياكى نامۇكەممەللىكى مەسىلىسىدە كاتىپلار ئۆزلىرى ئاساس قىلغان نۇسخىلاردىكى مەتنىنى قەتئىي ساقلاشقا ھەرىكەت قىلىشقان. داستانلار ۋە نەسرىي ئەسەرلەردە ئايرىم قىسمەن قىسقارتىشلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە دىۋانلارنى كۆچۈرۈشتە كاتىپلار بىرقەدەر ئەركىنرەك يول تۇتقان. چۈنكى، كاتىپلار دىۋانلار تەركىبىدىكى ھەربىر شېئىر (غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، فەرد، مۇئەمما ۋە باشقىلار) غا مۇستەقىل بىر ئەسەر سۈپىتىدە قاراپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى كۆچۈرۈۋاتقان نۇسخىدىن قالدۇرۇپ قويۇش ياكى باشقا نۇسخىدا بار بولغان شېئىرنى ئېلىپ تولدۇرۇش يولىنى تۇتقان. ھەر ھالدا ھەربىر قول يازما مەتنىدە كاتىپنىڭ بىلىم دائىرىسى، كۆچۈرۈۋاتقان ئەسەرگە بولغان شەخسىي مۇناسىۋىتى، دۇنيا قارىشى، دەۋر تەلىپى، كۆچۈرۈشكە بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىستىكى (ئەگەر شۇنداق پەرمان ياكى كۆرسەتمە بېرىلگەن بولسا) ۋە باشقىلار ئەكس ئەتكەن.

بۇ رىسالىدە ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن كاتىپلار ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىرىنچى قېتىم مەخسۇس رەۋىشتە توپلاپ بېرىلدى. گەرچە، ئاتاقلىق خەتتات ئابدۇلقادىر مۇرادوۋنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەتتاتلىق سەنئىتى تارىخىدىن» (تاشكەنت، «پەن» نەشرىياتى، 1971-يىل) كىتابىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن كاتىپلار ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، مۇئەللىپ ئۇنىڭدا پەقەت ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندى بىلەنلا كۇپايىلەنگەنىدى. بىز يە-

ئىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا قول يازما فونذىلىرىدىن، چەت ئەللەردىكى قىسمەن
قول يازما فونذىلىرىدىن ھەم (ئېلان قىلىنغان كاتالوگلار ئارقىلىق) پايدىلىنىلغان
ھالدا كاتىپلار رويخىتىنى بېرىشنى لازىم تاپتۇق. ئەلۋەتتە، نەۋائى ئەسەرلىرىنى
كىتابەت قىلغان كاتىپلارنىڭ رويخىتىنى بىز ھېچقاچان مۇكەممەل بولدى دەپ ئېيـ
تالمايمىز. ھېلىھەم خەلق قولىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى ناھايىتى كۆپ.
ئۇلارنى دۆلەت خەزىنىسىگە ئېلىش ۋە ئىلمىي جەھەتتىن ئۆگىنىش جەريانىدا كاـ
تىپلار رويخىتى بارغانسېرى بېيىتىپ تولدۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەنە شۇنىڭغا ئاساسەن بىزـ
نىڭ ئۇشبۇ ئىشىمىزنى نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن كاتىپلار ھەققىدە دەسلەپكى
قەدەم دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. رىسالىدە كاتىپلار رويخىتى XV ئەسىردىن باشلاپ خروـ
نولوگىك تەرتىپىدە بېرىلدى. كاتىپ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇماتلار بار
بولسا، ئۇلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. كاتىپ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇـ
ماتلار ساقلانمىغان ياكى تېخى ئۆگىنىلمىگەن بولسا، ئۇ كۆچۈرگەن قول يازمىنى توـ
نۇشتۇرۇش بىلەن چەكلىنىلىدى.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي — خەتتاتلىقتا مەكتەپ ياراتقان سەنئەتكار، ھىرات خەتـ
تاتلىق مەكتىپىنىڭ رەھبىرى، نەستەئلىق خېتىنىڭ مىسلىسىز ئۇستىسى، ئەلىشىر
نەۋائىنىڭ شەخسىي كاتىپلىرىدىن بىرى. ئۇ «قىبلەتۇل-كۇتتاب» («كىتابلار پېشۋاـ
سى») ۋە «سۇلتانۇل خەتتاتىن» (خەتتاتلار سۇلتانى) ئۇنۋانلىرىغا سازاۋەر بولغان.
سۇلتان ئەلى تەخمىنەن 1432- يىلى مەشھەدتە تۇغۇلدى. خەتتاتلىقنى بالىلىق
چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۆگەندى. بۇ ھەقتە ئۇ ياشانغان چېغىدا يازغان نەزمىسىدە مۇنـ
داق دەيدۇ:

ئەز جەۋانىي بە خەت بۇدى مەيلەم،
ئىشقى خەت راندى ئەز مىژە سەيلەم.

(ياشلىقىمدىن خەتكە مەيلىم بار ئىدى، خەت ئىشقى كىرپىكىمدىن سەل ئاقـ
قۇزار ئىدى).

سۇلتان ئەلى مەشھۇر خەتتات ئەزھەر تەبرىزى (1422—1423/1502—1503) دىن
تەلىم ئالغانىدى. ئۇ تېز ئارىدا ئىستىبداتلىق خەتتات سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلايدۇ.
سۇلتان ئەلى مەشھەدىي سەمەرقەند ھاكىمى سۇلتان ئەبۇ سەئىد خىزمىتىدە بولغان.
ھاكىمىيەت ھۇسەيىن بايقارا قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھىراتقا كېلىپ ئەلىشىر نەـ
ۋائى ۋە ئابدۇرەھمان جامىيلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدۇ. سۇلتان ئەلى مەشھەـ
دىي ھىرات خەتتاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مۇسەۋۋىر، مۇزەھھىب، لەۋۋاھ ۋە سەھـ
ھافلار بىلەن بىرلىكتە قول يازما ۋە كىتابەت ئىشلىرىنى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت
دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. سۇلتان ئەلى مەشھەدىي ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىگە رەھـ
بەرلىك قىلىش بىلەن بىرگە پۈتۈن پائالىيىتى داۋامىدا ئەلىشىر نەۋائى ۋە باشقا
شائىر ۋە ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن تىنىمسىز مەشغۇل بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغا بىنائەن ئىش ئېلىپ بارغان. سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرگەن كۆپلىگەن نادىر قول يازمىلار ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئەلىشىر نەۋائىلار تەرىپىدىن باشقا ئۆلكىلەرگە تەۋەررۇك تۆھپىلەر سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن. ئومۇمەن، سۇلتان ئەلى مەشھەدىينىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدىكى ئىستېداتىغا XV ئەسىر تارىخچىلىرى ۋە شەخسەن نەۋائىنىڭ ئۆزى بىر قاتار ئەسەرلىرىدە يۇكسەك باھا بېرىدۇ.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي قابىلىيەتلىك شائىر ھەم بولغان. تۈرلۈك تەزكىرە ۋە مەجمۇئەلەردە سۇلتان ئەلى مەشھەدىي شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر (فەرد، قىتئە، رۇبائىي ۋە باشقىلار) ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن ۋە ماھىيىتى بىلەن ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى ساھەسى — خەت ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن باغلىقتۇر.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا (1514-يىلىدا) پارس-تاجىك تىلىدا نەستەئلىق خېتى ھەققىدە شېئىرىي رىسالە-مەنزۇمە ياراتقان. رىسالىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسىدا (Дорн 464) ساقلانماقتا. رىسالىدە سۇلتان ئەلى مەشھەدىي خەت سەنئىتىنىڭ نەزەرى ۋە ئەمەلىي قائىدىلىرىنى تەرىپلىگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىن (ئېھتىمال ھۈسەيىن بايقارا ۋاپاتىدىنمۇ كېيىن) سۇلتان ئەلى تۇغۇلغان ۋەتىنى مەشھەدكە كۆچىدۇ ۋە خەتتاتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ 1520-يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ.

XV ئەسىر ھىرات خەتتاتلىرى ئارىسىدا ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئەڭ كۆپ كىتابەت قىلغان سۇلتان ئەلى مەشھەدىي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاھان قول يازما خەزىنىلىرى بويىچە نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرگەن ئون ئىككى قول يازما پەنگە مەلۇم.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي ھىجرى 870-يىلى (مىلادى 1465—1466-يىللار) ھىرات شەھىرىدە ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلى — ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن شېئىرلار توپلىمى (بۇ توپلام نەۋائىشۇناسلىقتا «ئۇيىجى دىۋان» دەپ ئاتىلىدۇ) نى كۆچۈرىدۇ. بۇ قول يازما لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىدە «Дорн 564» رەقىمى بىلەن ساقلانماقتا. 143 ۋاراق، ئۆلچىمى 34 × 23 س.م. قول يازما باشتىن ئاياغ ئالتۇن ھەل ۋە باشقا تۈرلۈك بوياقلار ھەمدە ھايۋانات سۈرەتلىرى ۋە گېئومېترىك نەقىشلەر بىلەن بېزىتىلگەن. يەنە شۇ لېنىنگراد خەلق كۇتۇپخانىسىدىكى Дорн 560 نومۇرلۇق «خەمسە» قول يازمىسىنىمۇ سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرگەن. قول يازما ھىجرى 898-يىلى (مىلادى 1492 — 1493 يىللار) دا كىتابەت قىلىنغان. ھەجمى 325 ۋاراق. ئۆلچىمى 24.5 × 17 س.م. لېنىنگراد خەلق كۇتۇپخانىسىدىكى سۇلتان ئەلى قەلىمىگە مەنسۇپ ئۈچىنچى قول يازما «مەجالىسۇن-نەفائىس» (Дорн 553) دۇر. ھەجمى 38 ۋاراق، ئۆلچىمى 25 × 17 س.م. كىتابەت قىلىنغان ۋاقتى يېزىلمىغان. تەخمىنەن XVI ئەسىر باشلىرىغا مەنسۇپ.

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى خەزىنىسىدە سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرگەن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تۆت قول يازمىسى بار. بىرىنچى قول يازما — نەۋائىنىڭ ئۆزى تۈزگەن ئىككىنچى دىۋانى «نەۋادىرۇن - نىھايە» بولۇپ، ھىرات شەھرىدە ھىجرى 880—885 (مىلادى 1475—1480) يىللار ئارىسىدا كۆچۈرۈلگەن (ИНВ· №1995). ھەجمى 204 ۋاراق. قالغان ئۈچ قول يازما تەرمە دىۋانلار تەرزىدە: 790 نومۇرلۇق قول يازما ھىراتتا ھىجرى 898 - (مىلادى 1492—1493 -) يىلدا پۈتتۈلگەن، ھەجمى 102 ۋاراق؛ 3984 نومۇرلۇق قول يازما ھىراتتا XV ئەسىر ئاخىرلىرىدا كىتابەت قىلىنغان، ھەجمى 185 ۋاراق؛ 1973 نومۇرلۇق قول يازما XV ئەسىر ئاخىرى ياكى XVI ئەسىر باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەن، ھەجمى 31 ۋاراق.

چەت ئەل فوندىلىرىدا سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرۈلگەن نەۋائىي ئەسەرلىرى قول يازمىلىرىدىن ھازىرچە بەشى مەلۇم. بىرىنچىسى ئىستانبولدا توپقاپى — رېۋان كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «خەمسە» قول يازمىسى (ИНВ· №810). بۇ نۇسخا ھىجرى 900 - (مىلادى 1494—1495 -) يىلدا ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن، ھەجمى 275 ۋاراق. ئىككىنچى قول يازمىمۇ «خەمسە» بولۇپ، ئىنگلىز كاروللىرىنىڭ لوندون يېنىدىكى ۋىندزار ساراي كۇتۇپخانىسىدا (MS65) بار. كىتاب ھىجرى 897 - (مىلادى 1491—1492 -) يىلدا كۆچۈرۈلگەن، ھەجمى 308 ۋاراق. ئۈچىنچى قول يازما «خەزائىنۇل - مەئانىي» نىڭ 819 ۋاراقتىن ئىبارەت چوڭ بىر نۇسخىسى بولۇپ، XV ئەسىر ئاخىرىدا ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن بۇ نۇسخىمۇ ۋىندزار ساراي كۇتۇپخانىسىدا «بۇخارا قول يازمىسى» نامى بىلەن ساقلىنىدۇ. تۆتىنچى قول يازما تەرمە دىۋان شەكلىدە بولۇپ، ھىراتتا ھىجرى 905 - (مىلادى 1499 — 1500 - يىلدا كىتابەت قىلىنغان. 254 ۋاراقتىن ئىبارەت بۇ نۇسخا نيۇيوركتىكى مېترو پالىتېين سەنئەت مۇزېيىدا (ИНВ· №21) ساقلانماقتا. بەشىنچى قول يازمىمۇ تەرمە دىۋان نۇسخىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ XV ئەسىر ئاخىرلىرىدا ھىراتتا كىتابەت قىلىنغان. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلېيان كۇتۇپخانىسىدا «ئېلليئوت 90» رەقىمىگە ئىگە.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن تاشقىرى نىزامىي گەنجەۋىي، شەيخ سەئدىي، ھاپىز شىرازىي، مەۋلانا لۇتفىي، ئابدۇرەھمان جامىي، ھۇسەيىن بايقارا (ھۇسەيىنى)، ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىي ۋە باشقا شائىر ۋە ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ كىتابەت قىلغان. ئومۇمەن، سۇلتان ئەلى مەشھەدىي قولى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قول يازما ۋە مۇرەققەئ (ئەلبوم) لەر جاھان بويىچە ئەللىكتىن ئاشىدۇ.

سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كىتابەت قىلغان قول يازمىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك «سۇلتان ئەلى ئەل - مەشھەدىي»، «سۇلتان ئەلى مەشھەدىي»، ياكى «سۇلتان ئەلى» دەپ ئىمزا قويغان. ئۇ نەستەئلىق ئۇسلۇبىنى ئىختىرا قىلغان مىرئەلى تەبرىزىدىن كېيىن شۇ ئۇسلۇبنىڭ ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىدە يۇقىرى ئېتىشىگە، كامالەت باسقۇچى-

www.uyghurkitap.com



غا كۆتۈرۈلۈشىگە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە ۋە ھىندىستاندا كەڭ يېيىلىشىغا بۈيۈك ھەسسە قوشتى. سۇلتان ئەلى مەشھەدىي كۆچۈرگەن قول يازمىلار يىرىك، دانە ـ دانە، روشەن نەستەئلىقتە يېزىلغان. ئۇلار زىيادە مۇرەككەپلىكتىن خالىي ئىدى.

ئەبدۇلجەمىل كاتىپ ـ ئۇلۇغ خەتتات بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شەخسىي كاتىپى. ئەبدۇلجەمىل پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا كاتىپلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەش ئۈچۈن كۆچۈرگەن قول يازمىلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىسمىغا «كاتىپ» تەخەللۇسىنى قوشۇپ «ئەبدۇلجەمىل كاتىپ» تەرزىدە تولا ئىمزا قويىدۇ. مىرخاند «رەۋزەتۇس ـــ سەفا» ئەسىرىدە يېزىشىچە ئەبدۇلجەمىل ھىراتنىڭ سۇلتانىيە مەدرىسىدە مۇددەرىسلىك قىلىپ، سەرف ۋە نەھۋ (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس) تىن دەرس بەرگەن. ئۇ ھىجرى 911 - (مىلادى 1505 — 1506 -) يىلدا ھىراتتا ۋاپات بولغان. سۇلتان ئىبراھىم ئەمىنىي دېگەن شائىر ئەبدۇلجەمىل كاتىپنىڭ ۋاپاتىغا تۆۋەندىكى قىتئە ـ تارىخنى يېزىپ، چوڭقۇر قايغۇ ئىزھار قىلغان:

ئەپسۇس ئەز ئان سىپپېھرى دالىش،
كى زى مېھر ئۇرا سۇتۇد ئافاق.
زات ئەبدۇلجەمىل گەشت نامەش،
كى ئارەستە شۇد بە ھۆسنى ئەخلاق.
تەئرىفى ۋەفاتى ئۇ خىرەد گۇفت:
«ئەللامەئى بىمىسالى ئافاق.»

(ئۇ ئىلىم ئاسمىنىنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئالقىشلىغان قۇياشىنىڭ كەتكەنلىكىدىن ئەپسۇس. ئۇ گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئەبدۇلجەمىل» دەپ ئاتالغانىدى. ئەقىل ـ ئىدراك ئۇنىڭ ۋاپات تارىخىنى «ئەللامەئى بىمىسالى ئافاق» دەيدۇ.

بۇ تارىخىي قىتئەدىكى تارىخ ماددىسى «ئەللامەئى بىمىسالى ئافاق» (دۇنيانىڭ مىسلىسىز ئالىمى) دېگەن مىسرا بولۇپ، بۇنىڭدىكى رەقەملەر يىغىندىسىدىن ھىجرى 911 - (مىلادى 1505 — 1506 - ) يىلى ھاسىل بولىدۇ.

ئەبدۇلجەمىل كاتىپ كۆچۈرگەن قول يازمىلاردىن پەن ئالىمىدە ھازىرچە ئىككىسى بار، خالاس. ئۇلاردىن بىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدۇر. (تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ № 5018. ھەجمى 325 ۋاراق. ئۆلچىمى 5·27 × 19 س·م).

نەۋائىي «خەمسە» نى 1483 - يىلى يېزىشقا كىرىشىپ، 1485 - يىلىنىڭ باشلىرىدا تاماملايدۇ. ئەبدۇلجەمىل كاتىپمۇ «خەمسە» نىڭ يېزىلغان قىسىملىرىنى بىز ياقتىن دەممۇ دەم دەستخەت تۈنجى ئورىگىنالدىن ئاققا كۆچۈرۈپ بارىدۇ.

ئۇ كۆچۈرگەن قول يازمىدا «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ئاخىرىغا كىتابەت تارىخى قىلىپ ھىجرى 889 - يىلىنىڭ رەبىئۇسسانىي (مىلادى

1484 ـ يىلىنىڭ ئاپرېل ماي) ئېيىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكى داستانلارغىمۇ ھىجرى 889 ـ
(مىلادى 1484 ـ) يىل تارىخ قىلىپ يېزىلغان. بەشىنچى داستان «سەددى ئىسكەندەرىي» ھىجـ
رى 890 ـ (مىلادى 1485 ـ يىلى) كۆچۈرۈپ تاماملانغان. دېمەك، ئەبدۇلجەمىل كاتىپ ئەلـ
شىر نەۋائى بىلەن باراۋەر ئىشلەپ بىر ۋاقىتتا «خەمسە» نى ئاققا كۆچـۈرۈپ تۈگەتـ
كەن. «خەمسە» ئاققا كۆچۈرۈلۈپ بىرىنچى قېتىم كىتاب ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن،
ئۇنى شەخسەن نەۋائىنىڭ ئۆزى قولىغا ئېلىپ، نەزەر ـ ئېتىباردىن ئۆتكۈزگەن بولۇشى
ھەقىقەتكە يېقىن. مەزكۇر قول يازما نەۋائىشۇناسلىقتا «خەمسە» نىڭ تۇنجى نۇسخىسى،
ئەبدۇلجەمىل نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «خەمسەنى» ئۆگىنىش، ئىلمىي ـ تەنقىدىي مە ـ
تىنىنى تۈزۈش، كەڭ تارقىلىشتا ئەبدۇلجەمىل كاتىپ كۆچۈرگەن نۇسخا ئەڭ ئىشەنچـ
لىك ۋە تايانچ نۇسخا بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ئەپسۇسكى، ئەبدۇلجەمىل كاتىپ
كۆچۈرگەن «خەمسە»نىڭ ئۇشبۇ نۇسخىسى ئەسىرلەر داۋامىدا بىرئاز ئۇپراپ كەتكەنلىكتىن
ئايرىم ۋاراقلىرى يېڭىلانغان: قول يازمىبېشىدىن توققۇز ۋاراق، ئاخىرىدىن ئۈچ ۋاراق نامەلۇم
خەتتات تەرىپىدىن ئۆتكەن ئەسىردە قايتا كۆچۈرۈلۈپ تولدۇرۇلغان. 305 ـ، 306 ـ ۋە
319 ـ ۋاراقلىرى 1949 ـ يىلى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتـۇتىنىڭ كاتتا ئىلمىي خادىمى،
مەشھـۇر خـەتتات ئـابـدۇلقادىـر مۇرادىي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ قايتا تىكلەنگەن.

ئەبدۇلجەمىل كۆچۈرگەن ئىككىنچى قول يازما ئەلىشىر نەۋائىنىـڭ «نەۋادىـرۇن ـ
نىھايە» دىۋانىدۇر (تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنس
تىتۇتى، ИНВ · №11675، 149 ۋاراق). قول يازما ئاخىرىدا ئەبدۇلجەمىل كاتىپ ئۆز
نامىنى ۋە كىتابەت تارىخى ھىجرى 893 ـ (مىلادى 1487 — 1488 ـ يىللار) نى قەيت
قىلغان.

ئەبدۇلجەمىل كاتىپ ئۇزاق يىللار نەۋائى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىـش جەريا ـ
نىدا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن (كۆپرەك غەزەللىرىدىن) ئەڭ ياخشى بېيىتلار (شاھ بېيىتلار)
نى تاللىۋېلىپ بىر توپـلام تۈزگەن. بۇ توپلام «تۇھفەتۇس ـ سەلاتىـن» (سـۇلتانـ
لارغا تۆھپە) دەپ ئاتىلىدۇ. «تۇھفەتۇس ـ سەلاتىـن» نىڭ يېگانە بىر نۇسخىـسى لونـ
دوندىكى برىتانىيە مۇزېيىدا ساقـلانماقتا. بۇ مەجمۇئەنى ھىرات شەھىرىدە ھىجـرى
914 ـ (مىلادى 1508 — 1509 ـ) يىلىداكاتىپ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن جۇمان ئەنسارىي
كۆچۈرگەن. «تۇھفەتۇس ـ سەلاتىن» دىـكى بېيىتلارنىڭ ئومۇمىي سـانـى 408 بولۇپ،
ئۇلار ماۋزۇلار بويىچە 45 كىچىك سەرلەۋھە ـ «تۇھفە»گە ئايرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تۆۋەندىكىسى، ئەبدۇلجەمىل كاتىپ «خەزائىنـۇل ـ مەئانىي» گە تاللاپ كىرگۈزـ
گەن شاھ بېيىتلاردىن بەزىلىرى:

قارا كۆزۈم كەلۇ مەردۇملۇق ئەمدى فەن قىلغىل،
كۆزۈم قاراسىدە مەردۇم كەبى ۋەتەن قىلغىل.

ئېرۇر چۇن ئالەم ئىچرە شاھ فانىي، ياخشى ئات باقىي،
بەس، ئەل كامىن رەۋا ئەيلە، ئۆزۈڭنى كامران كۆرگەچ.

«تۇھپەتۇس-سەلاتىن» گە ئەبدۇلجەمىل كاتىپ مۇقەددىمە يازغان. مۇقەددىمىدە ئۇ پۈتۈن ئۆمرى داۋامىدا ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەرز ئۇلكىم، فەقىرى ھەقىر ئەبدۇلجەمىل كاتىپ ... ھەمىشە مۇقەررەب ئۇل ھەزرەتى سۇلتان (يەنى ئەلىشىر نەۋائىي) بالاغەت بابىدا يەل قەلەملىك سەداسىنى سىپىھر مۇنشىسىدىن ئاشۇرۇپتۇر، كۇللىياتلىرىن كىتابەت قىلىپ مەھزۇز (بەھرىمەند) بولۇر ئىردىم ...» ئەبدۇلجەمىل كاتىپنىڭ بۇ مۇقەددىمىسىنى ئۆزىنىڭ پائالىيىتىگە يەكۈن قىلىپ يازغان مەخسۇس ئىلمىي رىسالىسى دەپ باھالاش مۇمكىن. ئەبدۇلجەمىل كاتىپنىڭ مۇقەددىمىدىكى «كۇللىياتلارنى كىتابەت قىلىپ مەھزۇز بولۇر ئەردىم» دېگەن سۆزلىرىگە دىققەت قىلساق، ئۇ نەۋائىي كۇللىياتىنىڭ ھازىرغىچە نامەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان نۇسخىلىرىدىن بىرىنى ھەم كۆچۈرگەن بولۇپ چىقىدۇ.

ئەبدۇلجەمىل كاتىپ نەستەئلىق خېتىدە ناھايىتى ماھىر بولغان. ئۇنىڭ قول يازمىلىرى ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىقتە پۈتۈلگەن.

دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي — ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شەخسىي كاتىپلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى نامەلۇم. دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي تەخمىنەن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلغان ۋە XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا قەدەر ياشىغان. چۈنكى ئۇنىڭ كۆچۈرگەن قول يازمىلىرىدىكى ئۆزى پۈتكەن تارىخ-يىلنامىلەرگە قارىغاندا خەتتاتلىق پائالىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى XV ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا ۋە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. دەرۋىش مۇھەممەت تاقىينىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار يېتەرلىك ساقلانمىغان. كاتىپ ئۆزى كۆچۈرگەن قول يازمىلارغا «دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي» شەكلىدە كۆپلىگەن ئىمزالارنى قويغان.

دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي كۆچۈرگەن نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن تۆت قول يازما پەنگە مەلۇم. ئۇلاردىن بىرى نەۋائىي كۇللىياتى، قالغانلىرى تەرمە دىۋانلاردۇر. دەرۋىش مۇھەممەد تاقىينىڭ ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىدىكى ئەڭ كاتتا خىزمىتى XV ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن ھەمكارلىقتا ئىشلەپ ئۇنىڭ كۇللىياتىنى كىتابەت قىلغانلىقىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي 1483 — 1485-يىللاردا بەش داستاندىن ئىبارەت شاھانە ئەسىرى «خەمسە» نى يېزىپ تۈگەتتىدۇ. 1480-يىللارنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا «ئەربەئىن» ۋە «نەزمۇل-جەۋاھىر» ئەسەرلىرىنى يازدى. 1490-يىللارنىڭ بېشىدا پۈتۈن ئۆمرى داۋامىدا يازغان شېئىرلىرىنى توپلاپ تۆت دىۋاندىن ئىبارەت «خەزائىنۇل-مەئانىي» نى تۈزۈشكە كىرىشتى. 1490-يىللارنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە ئاساسىي نەسرىي ئەسەرلىرى «ۋەقفىيە»، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۇكەما»، «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»، «ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر»، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد»، «خەمسەتۇل-مۇتەھەييىرىن»، «مىزانۇل-ئەۋزان»، «نەسائىمۇل-مۇھەببەت» نى

ياراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىدا ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۇللىياتىنى تۈزۈش پىكرى تۇغۇلىدۇ. شائىر بۇ زور ۋە غايەت مەسئۇلىيەتلىك ئىشنى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر خەتتاتى دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلايدۇ. نەۋائىي ۋە دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي بۇ ئىشقا 1495 - يىلدا كىرىشىدۇ. كاتىپ 1495 - يىلغىچە يارىتىلغان «خەمسە» داستانلىرى «خەزائىنۇل - مەئانىي» دىۋانلىرى ۋە باشقا مەۋجۇت ئەسەرلەرنى ئايرىم كىتابچە ھالىتىدە كۆچۈرۈپ كوللىيات ئۈچۈن تەييارلاپ بارىۋېرىدۇ (ئەلۋەتتە، دەسلەپىدە كېلىشىۋالغان كۇللىيات ئۆلچىمىدە).

شۇ جەرياندا يېڭىدىن يارىتىلغان ئەسەرلەر ھەم كۆچۈرۈلۈپ تۇرغان. جۈملىدىن 1498 — 1500 - يىللاردا يارىتىلغان «لىسانۇت - تەير»، «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەيىن»، «سىراجۇل - مۇسلىمىن» ئەسەرلىرىمۇ مانا شۇ كۇللىيات تەركىبىدىن جاي ئالغان. ئەينى ۋاقىتتا بىرئاز ئالدىنىراق تەسنىپ ئېتىلگەن «مەجالىسۇن - نەفائىس» (1491 - يىل) ۋە «مۇنشەئات» (1492 - يىل) 1498 — 1499 - يىللاردا قايتا كۆرۈلۈپ، تەھرىر ۋە تولدۇرۇشلار بىلەن كۇللىياتقا كىرگۈزۈلگەن. كۇللىياتقا كىرىشى لازىم بولغان ئەسەرلەر كۆچۈرۈلۈپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمىي بىر سۆز بېشى — «مۇناجاتنامە» ئەسىرى يارىتىلىدۇ ۋە كۇللىياتنىڭ باشلىنىش قىسمىغا قويۇلىدۇ. «مۇناجاتنامە» نىڭ 1500 - يىلى يېزىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالساق، دېمەك كۇللىيات 1500 - يىلنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆزۈل - كېسىل تاماملانغان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدىغان يەنە بىر دەلىل 1500 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىپ تۈگىتىلگەن «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» نىڭ ئۇشبۇ كۇللىيات تەركىبىگە كىرمەي قېلىشىدۇر. شۇنداق قىلىپ، نەۋائىنىڭ تىرىكلىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان 26 ئەسىرىنىڭ (پەقەت «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» تىن تاشقىرى) يېگانە ۋە زور كۇللىياتى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ كۇللىياتنى خەتتات دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي ھىرات شەھىرىدە بەش يىل (1495 — 1500 - يىللار) داۋامىدا تىنىمسىز مۇشەققەت بىلەن ئىشلەپ كۆچۈرۈپ تۈگەللىدى.

كۇللىياتنىڭ قول يازمىسى ھازىرقى كۈندە تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدىكى توپقاپى — رېۋان كۇتۇپخانىسىدا 808 رەقەم بىلەن ساقلانماقتا. قول يازما خۇراسان يېپەك قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. تېكىست كېچىكرەك، چىرايلىق نەستەئلىق خېتىدە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان ۋە ھەر سەھىپىدە تۆت ئىستون قىلىپ 27 قۇردىن جايلاشتۇرۇلغان. ھەر بىر ئەسەر باشلىنىشىغا زەر ھەل لەۋھەلەر ئىشلەنگەن. كۇللىيات 802 ۋاراق (1604 سەھىپە)تىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆلچىمى 32 × 23.5 س. م. بۇ كۇللىياتنىڭ مۇكەممەل فوتو نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى فوندىغا ئېلىنغان.

دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۈچ دانە تەرمە دىۋاننىمۇ كۆچۈرگەن. بۇ ئۈچ دىۋان تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى خەزىنىسىدە ساقلانماقتا:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1. ИНВ. № 7701، 204 ۋاراق.
2. ИНВ. № 3479، 201 ۋاراق.
3. ИНВ. № 4007، 185 ۋاراق.

مەزكۇر دىۋانلار XV ئەسىر ئاخىرى ياكى XVI ئەسىر باشلىرىدا ھىراتتا كىتابەت قىلىنغان.

ئەلى ئىبنى نۇر — XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ھىراتتا پائالىيەت قىلغان ئىستېداتلىق خەتتاتلاردىن بىرى. ئەلى ئىبنى نۇر نەۋائىينىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بىرىنچى ھەقىقىي دىۋانى «بەدايىيۇل - بىدايە» نىڭ نۇسخىلىرىدىن بىرىنى كۆچۈرگەن. بۇ دىۋان قول يازمىسى تاشكەنتتە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىنىڭ فونددا 216 رەقىمى بىلەن ساقلانماقتا. كاتىپ قول يازمىغا مۇنداق ئىمزا قويغان: «كاتىب ئەل - ئەبد ئەلى ئىبنى نۇر فى ئەشەرۇل ئەۋسەت مىن شەھرى جەمادىيۇل - ئەۋۋەل سەنە 891 بەلەداتۇل - ھىرات» (كاتىپ ئەلى ئىبنى نۇر 891 - يىل جامادىيۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھىرات شەھىرىدە بۇ دىۋاننى كۆچۈرۈپ تۈگەتتى. / مىلادى 1486 - يىل 15 - ماي). ھەجمى 216 ۋاراق. قول يازما ھىرات خەتتاتلىق ۋە بەدىئىي قول يازما سەنئىتىنىڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىماد ئەل - ھۇسەينىي — XVI ئەسىر بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان ئىستېداتلىق خەتتاتلاردىن بىرى. لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمىدە THC 59 رەقىمى بىلەن ساقلىنىۋاتقان تەرمە دىۋاننى مەشھەد شەھىرىدە كۆچۈرگەن. ھەجمى 65 ۋاراق. قول يازما ئاخىرىدا كاتىپ «ئىماد ئەل - ھۇسەينىي» دەپ ئىمزا قويغان. كىتاب بەدىئىي قول يازما سەنئىتىنىڭ نادىر نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

سۇلتان مۇھەممەد نۇر (1470 — 1533) — ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شەخسىي كاتىپلىرىدىن. خاندەمىر «خۇلاسەتۇل - ئەخبار» ئەسىرىدە: «مەۋلانە سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان ھەزرەتلىرى يېقىن دوستى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىنايەتى ئاستىدا بولغان كاتىپلار قاتارى ھۆنەرى رىۋاج تاپقان ھۆسن خەتتە يېتەكچىدۇر. ئول ھەزرەت ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىلھام بايان ئاغزىدىن كۆپ بار: نەستەئلىق يېزىشتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانمەن». سۇلتان مۇھەممەد نۇر نەۋائىينىڭ تەرمە دىۋانلىرىدىن بىرىنى نەپىس نەستەئلىق خېتى بىلەن كۆچۈرگەن: لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمى، Дорн 563 . ھەجمى 90 ۋاراق. قول يازمىنىڭ چەمدىن ئىشلەنگەن مۇقاۋىسىغا ئالتۇن ھەل بىلەن ئويما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. سۇلتان مۇھەممەد نۇر شەيخ سەئدىي، ھافىز شىرازىي، شەرەفىددىن ئەلى يەزدىي، ئابدۇراھمان جامىي ئەسەرلىرىنىمۇ كۆچۈرگەن.

سۇلتان مۇھەممەد خەندان (تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم — ۋاپاتى 1551 - يىل) — ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. خاندەمىر نەۋائىي كۇتۇپخانىسىدا

ئىشلىگەن خەتتاتلارنى تىلغا ئالغاندا، سۇلتان مۇھەممەد خەنداننى: «نەستەئلىق بىلەن خەت يېزىشتا كاتتا قابىلىيەتكە ئىگە، نەيىنى ھەم ياخشى چالىدۇ» دەپ ئەسلەپ ئۆتىدۇ. سۇلتان مۇھەممەد خەنداننىڭ ھىراتتا ھىجرى 935-(مىلادى 1528-1529-) يىلىدا كۆچۈرگەن نەۋائىي تەرمە دىۋانى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن: لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمى، THC57. ھەجمى 192 ۋاراق. كاتىپ «سۇلتان مۇھەممەد خەندان» دەپ ئىمزا قويغان. قول يازمىغا ھىرات مۇسەۋۋىرلىرىدىن بىرى يەتتە پارچە رەسىم ئىشلىگەن: 1a, 11b, 12a, 53a, 90a, 123b بەتلەردە. سۇلتان مۇھەممەد خەندان كۆچۈرگەن باشقا بىرنەچچە قول يازمىلارمۇ ساقلىنىپ قالغان.

ئەلى ھىجرانىي — ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان. خاندەمىر ئەلى ھىجرانىينى نەۋائىي كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن ئاتاقلىق خەتتاتلار قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «مەۋلانە ھىجرانىي مەشھۇر نەستەئلىق يازغۇچىلار جۈملىسىدىندۇر. بەزەن شېئىر يېزىش ئىشلىرىنىمۇ قىلىپ تۇرىدۇ» دەپ باھا بېرىدۇ. ئەلى ھىجرانىي كۆچۈرگەن ۋە ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان يەككە-يېگانە قول يازما نەۋائىي كۇللىياتىدۇر. بۇ قول يازما پارىژدىكى مىللىي كۇتۇپخانىدا — 317-316. Suppl.turc رەقەملىرى ئاستىدا ساقلىنىدۇ. ئەلى ھىجرانىي كۇللىياتنى ھىجرى 933-(مىلادى 1527-) يىلىدا ھىراتتا كۆچۈرۈپ تۈگەللەيدۇ. قول يازمىدىكى ئەسەرلەر ئاخىرىدا كاتىپ ئۆز ئىسمىنى «ئەلى ھىجرانىي» شەكلىدە تولۇق قەيت قىلغان. كۇللىيات قول يازمىسى پارىژغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئىككى جىلدكە ئايرىپ چەم بىلەن مۇقاۋا قىلىنغان ۋە ئايرىم-ئايرىم ئىنۋېنتارى رەقەمى قويۇلغان. ھەر ئىككى جىلد 876 ۋاراقتىن ئىبارەت. ئۆلچىمى 38.6 × 27.2 س. م. قول يازما تەركىبىگە نەۋائىينىڭ 26 ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. «خەمسە» داستانلىرىغا ئىشلەنگەن 6 پارچە رەسىم بار. كۇللىيات خېتى، جەدۋەللىرى، بەدىئىي بېزەكلىرى جەھەتتىن نەپىس كىتابەت سەنئىتىنىڭ نادىر نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كۇللىياتنىڭ تولۇق فوتو نۇسخىسى 1968-يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى فوندىغا ئېلىنغان.

چەلەبىي — تەبرىز خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىسى. چەلەبىي XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا تەبرىزدە ياشىغان. ئۇ نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن كىتابەت قىلغان بىر قول يازما توپلام لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىدە THC 56 رەقىمى بىلەن ساقلانغان. قول يازما تەركىبىگە «ئەربەئىن»، «بەدايىئۇل-بىدايە» دىباچەسى، «تەرمە دىۋان» ۋە «ۋەقفىيە» قاتارلىقلار كىرگەن، ھەجمى 225 ۋاراق. كاتىپ «چەلەبىي» دەپ ئىمزا قويغان ۋە ھىجرى 934-(مىلادى 1527-1528-) يىلىدا پايتەخت تەبرىز شەھىرىدە كۆچۈرۈپ تۈگەتكەنلىكىنى قەيت قىلغان. تەرمە دىۋان تەركىبىدە ئالتە پارچە رەسىم بار. چەلەبىي كۆچۈرگەن بۇ قول يازما تەبرىز كىتابەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەنئەتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نامايەندىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

پىرمۇھەممەد ئىبن شەيخ تاھىر تەبرىزى — تەبرىز خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. XVI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان. بۇ خەتتات كۆچۈرگەن نەۋائىينىڭ بىر تەرمە دىۋانى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى خەزىنىسىدە 98 رەقىمى بىلەن ساقلانغان. ھەجمى 167 ۋاراق. كاتىپ ئۆز ئىسمىنى «پىرمۇھەممەد ئىبن شەيخ تاھىر تەبرىزى» دەپ قەيت قىلغان ۋە قول يازمىنىڭ كىتابەت قىلىنغان يىلىنى 935-يىل 15-شەئبان (مىلادى 1529-يىل 24-ئاپرېل) دەپ كۆرسەتكەن.

فەنائىي — «خەمسە» نىڭ تۆتىنچى داستانى «سەبئەئى سەييارە» نى ھىجرى 936-(مىلادى 1529-يىلى كىتابەت قىلغان. بۇ قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. ИНВ .№Б 5078، 146 ۋاراق.

ھاجى مۇھەممەد تەبرىزى — «لىسانۇت — تەير» نى شىرازدا ھىجرى 937-(مىلادى 1530 — 1531-) يىلىدا كۆچۈرگەن. ئەنگلىيە، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلېيان كۇتۇپخانىسى 195 №ОЧ . ИНВ.

پىر ئەھمەد ئىبن ئىسكەندەر — ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ داۋامچىلىرىدىن بىرى. ھىجرى 940-(مىلادى 1533—1534-) يىلىدا نەۋائىينىڭ تەرمە دىۋانىنى كۆچۈرگەن. بۇ قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا. №9672 . ИНВ. ھەجمى 543 ۋاراق. نەپىس نەستەئلىق خەت.

ئەبدۇللەتىف ھۈسەيىن ئامىدى — «لىسانۇت-تەير» نى كۆچۈرگەن. ھىجرى 944-(مىلادى 1537-) يىل، باكۇ، بۇ قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازما ئىنستىتۇتىدا. №C310 . ИНВ، ھەجمى 93 ۋاراق.

ئابدۇرەھىم كاتىپ — ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ داۋامچىلىرىدىن. ھىجرى 959-(مىلادى 1551—1552-)يىلىدا نەۋائىينىڭ تەرمە دىۋانىنى كىتابەت قىلغان. بۇ قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا. №2790 . ИН В، ھەجمى 147 ۋاراق، قول يازمىنىڭ خېتى ئۇششاق نەپىس نەستەئلىق.

مۇھەممەد ئەلى ئەل-كاتىپ ئەس-سۇلتانى — بۇخارا خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. ھىجرى 960-(مىلادى 1538-)يىلىدا بۇخارادا «خەمسە» نىڭ «سەبئەئى سەييار» ۋە «سەددى ئىسكەندەرى» داستانلىرىنى كۆچۈرگەن. قول يازما ئەنگلىيە، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بودلېيان كۇتۇپخانىسىدا. Elliot 318، 340. كاتىپ ئەس-سۇلتانى «خەمسە» نىڭ ھەممە داستانلىرىنى كۆچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلاردىن پەقەت ئىككى داستان قول يازمىسى بودلېيان كۇتۇپخانىسىغا يېتىپ چۈشكەن. ھەربىر داستان ئالاھىدە مۇقاۋىغا ئېلىنىپ ئالاھىدە نومۇر بېرىلگەن. قول يازمىلارنىڭ خېتى بەدىئىي نەستەئلىقتە.

مۇھەممەد ئىبن داۋۇد — XVI ئەسىردە مىسىردا تۈركىي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆچۈرگەن خەتتاتلارنىڭ بىرى. نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»، «ئەربەئىن» ۋە «خەمسەتۇل — مۇتەھەييىرىن» دىن ئىبارەت توپلىمىنى ھىجرى 967-(مىلادى 1559 - 1560 - يىلى) مىسىردا كىتابەت قىلغان. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №9762، 118 ۋاراق. قول يازما ئېنىق ۋە راۋان بەدىئىي نەستەئلىق خېتىدە كۆچۈرۈلگەن.

ئىبن ئابدۇلكەرىم ئابدۇلۋەھھاب ئەل ھىجازىي — XVI ئەسىر بۇخارا خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. «خەمسە» ۋە «لىسانۇت ـ تەير» نى بىرلىكتە كۆچۈرگەن. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №2630، 309 ۋاراق. كاتىپ 1 ـ داستاننىڭ ئاخىرىدا «ئەبدۇلۋەھھاب ئەل ـ ھىجازىي»، 2 ـ داستاننىڭ ئاخىرىدا «ئىبن ئەبدۇلكەرىم ئەبدۇلۋەھھاب»، 3 ـ داستاننىڭ ئاخىرىدا «ئەبدۇلۋەھھاب» دەپ ئىمزا قويغان. دېمەك، بۇلاردىن كاتىپنىڭ تولۇق ئىسمى «ئىبن ئەبدۇلكەرىم ئەبدۇلۋەھھاب ئەل ـ ھىجازىي» ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. 5 ـ داستان ئاخىرىدا كىتابەت قىلىنغان ۋاقىت 988 -يىل 11 - رەبىئۇل - ئەۋۋەل (مىلادى 1580 - يىل 26 - ئاپرېل) دەپ قەيت قىلىنغان. قول يازما نەۋائىي داستانلىرىنىڭ نەپىس خەتتاتلىق، كىتابەت ۋە مىنىئاتيۇرا سەنئىتى بىلەن زىننەتلەنگەن قىممەتلىك نۇسخىلاردىن بىرىدۇر. «خەمسە» داستانلىرىنىڭ مەزمۇنىغا 18 پارچە رەسىم ئىشلەنگەن.

مەھمۇد ئىبن ئىسھاق شەھابىي — XVI ئەسىر بۇخارا خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. كاتىپ ئەسلى ھىراتلىق بولۇپ، بۈيۈك خەتتات مىر ئەلى ھىرەۋىي (1544 1545 - يىللىرى بۇخارادا ۋاپات بولغان) نىڭ شاگىرتىدۇر. شەيبانىيلاردىن ئۇبەيدۇللاخان XVI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ھىراتتىن بىر گۇرۇھ ھۈنەرۋەن ۋە ئالىملارنى بۇخاراغا ئېلىپ كېلىدۇ. مەھمۇد ئىبن ئىسھاق شەھابىيمۇ شۇلار قاتارىدا بۇخاراغا كېلىدۇ. ئۇ خەتنى شۇ قەدەر نازۇك ۋە چىرايلىق پۈتكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئەنبەرىن زەررىن قەلەم» ئۇنۋانى بېرىلگەن. بۇ خەتتات نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ئەسىرىنى ھىجرى 996-(مىلادى 1588 - يىلى) بۇخارادا كىتابەت قىلغان. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №429، 85 ۋاراق. كاتىپ قول يازما ئاخىرىدا «مەھمۇد ئەنبەرىن زەررىن قەلەم» دەپ ئىمزا قويغان.

نەزەر ئەلى فەيزىي — نەۋائىي كوللىياتىنى كۆچۈرگەن كاتىپلاردىن بىرى. بۇ كوللىيات لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىدە Дорн 558 رەقەمى ئاستىدا ساقلانماقتا. 722 ۋاراقتىن ئىبارەت بۇ قول يازمىنىڭ ئۆلچىمى 34 × 24 س.م. كوللىيات تەركىبىگە نەۋائىينىڭ 21 ئەسىرى كىرگەن. كاتىپ قول يازمىنى ئىران ئەزەربەيجانىنىڭ قىزىلئاغاچ شەھىرىدە تۆت يىل (ھىجرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1001 — 1004، مىلادى 1592 – 1596 – يىلى) داۋامىدا كۆچۈرۈپ تاماملىغان. قول يازما فەرھادخاننىڭ ساراي كۇتۇپخانىسى ئۈچۈن تەييارلانغان. كاتىپ «لىسانۇت – تەير» ئاخىرىدا (325B ۋاراقتا) «نەزەر ئەلى فەيزىي»، «مەھبۇبۇل – قۇلۇب» نىڭ ئاخىرىدا (694a ۋاراقتا) «ئەلى فەيزىي» دەپ ئىمزا قويغان. قول يازما ئىنچىق ۋە راۋان نەپىس نەستەئلىق خەت بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، كۇللىيات بىر مۇقاۋىغا ئىپلىنغان. چەمدىن ئىشلەنگەن ئالىي مۇقاۋىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن ھەل بىلەن ئويما رەسىملەر چۈشۈرۈلگەن. رەسىملەردە ئوۋ مەنزىرىسى ئەكس ئەتكەن. مۇقاۋىغا ئالتۇن ھەل بىلەن رەسىم چۈشۈرۈش شەرق كىتابەت سەنئىتىدە كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئىشتۇر.

مىرھەسەن كاتىپ — «خەمسە» نى كۆچۈرگەن. XVI ئەسىر، دۈشەنبە، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى. ИНВ. №147، 292 ۋاراق.

يۇسۇف ئىبنى موللا مۇھەممەد — «نەۋادىرۇن – نىھايە» («بەدايىئۇل – بىدايە» بىلەن) نى كۆچۈرگەن. ھىجرى 1042 – (مىلادى 1632 — 1633 –) يىل، باكۇ، ئەزەربەيجان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە. ИНВ. №M301، 172 ۋاراق.

دەۋلەت شاھ ئىبنى ھۈسەيىن كالتە سەرەخسىي — «خەزائىنۇل – مەئانىي» («بەدىئۇل – بىدايە») ۋە «ۋەقفىيە» نى كۆچۈرگەن. مەرۋ ھىجرى 1052 – (مىلادى 1642 –) يىل. باكۇ. قول يازما ئەزەربەيجان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازما ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №Д344.

رىزاقۇلى ئىبنى مۇستەفا قۇلى — بۇخارا خەتتاتلىرىدىن. «خەزائىنۇل – مەئانىي» نى كۆچۈرگەن. قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №9766، 547 ۋاراق، بۇخارادا ھىجرى 1070 (مىلادى 1659—1660 –) يىلدا كىتابەت قىلىنغان.

ئىبادۇللا ئەييۇب ئىبنى فەزلۇللاھ شىرازىي — «سەددى ئىسكەندەرىي» نى تەبرىز شەھىرىدە 1076 – يىلىنىڭ سەفەر (1665 – يىلىنىڭ ئاۋغۇست) ئېيىدا كۆچۈرۈپ تاماملىغان. سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، لېنىنگراد بۆلۈمىدە. ИНВ. №C832، 255 ۋاراق.

يەھيا ئىبنى فەزلىي ئەلى شەيخ تەبەقىي كىرمەرۋدىي، دوست مۇھەممەد ۋەلەد ئەشمۇھەممەد — «خەمسە» نى كۆچۈرگەن. «ھەيرەتۇل – ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى ھىجرى 1094 – (مىلادى 1683 –) يىلى يەھيا ئىبنى فەزلىي ئەلى شەيخ تەبەقىي كىرمەرۋدىي؛ «ھەيرەتۇل – ئەبرار» نىڭ باش قىسمىنى، «سەبئەئى – سەييار» ۋە «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانلىرىنى ھىجرى 1229 – (مىلادى 1814 –) يىلى دوست مۇھەممەد ۋەلەد ئەشمۇھەممەد كۆچۈرۈپ قوشقان قول يازمىنىڭ ھەر ئىككى قىسمى خارەزمدە كىتابەت قىلىنغان. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا. №2 777. ИНВ، 334 ۋاراق.

مۇھەممەد ئەزىزۇللابېك — «تەرجىمە دىۋان»، «ۋەقفىيە»، «ئەھمەد نىگار» قاتارلىقلارنى كۆچۈرگەن. ھىجرى 1096- (مىلادى 1684-1685-يىل)، 155 ۋاراق. قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №11138.

موللا مىر سىددىق ئىبنى موللا ساھىب نەزەر — «لىسانۇت-تەير» ۋە «خەمسە» نى بىرلىكتە كىتابەت قىلغان. قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №3523، 405 ۋاراق. ھىجرى 1142- (مىلادى 1729)-يىلى يەركەند شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەن.

مۇھەممەد سادىق — «مەجالىسۇن-نەفائىس» نى ھىجرى 1151، - (مىلادى 1736 — 1735-) يىلى كۆچۈرگەن. قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا. ИНВ. №9394، 135 ۋاراق.

ئەزىز كىچىك ئىبنى مۇھەممەد ئادىل — قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. «خەمسە» نىڭ تۆت داستانىدىن ئىبارەت («فەرھاد ۋە شىرىن» چۈشۈپ قالغان) نۇسخىسىنى قۇمۇل شەھىرىدە 1160-يىلىنىڭ بارات (مىلادى 1747-يىل ئاۋغۇست) ئېيىدا كۆچۈرۈپ تۈگەتكەن. بۇ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. ИНВ. №4307، 262 ۋاراق. ئۇششاق ۋە چىرايلىق نەستەئلىق خېتى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بۇ قول يازما كىتابەت سەنئىتى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك نۇسخىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

موللا ئەشۇر ئىبنى مىر تىمۇرىي ماچىنىي — «خەمسە» («فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەرى») نى كۆچۈرگەن. ئەسەر 196 ۋاراق بولۇپ ھىجرى 1185- (مىلادى 1772 1773-) يىللاردا كۆچۈرۈلگەن. لېنىنگراد، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا.

موللا پەھلىۋان قۇلى ئىبنى موللا رەھمانبەردى — خارەزم خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. ئۇنىڭ نەۋائى ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرگەن 2 دانە قول يازمىسى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. 1) «خەمسە». بۇ قول يازما تەركىبىدىكى «ھەيرەتۇل-ئەبرار» ۋە «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى شۇ كاتىپ كۆچۈرگەن (قالغان ئۈچ داستانىنى باشقا كاتىپ كۆچۈرگەن). تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى فوندىدا. ИНВ. №3018، 97 ۋاراق. خارەزمدە ھىجرى 1198- (مىلادى 1784-) يىلى كىتابەت قىلىنغان. 2) «مەھبۇبۇل-قۇلۇب»، «لىسانۇت-تەير» (پەقەت «شەيخ سەنئان» قىسسىسى). بۇ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق فوندىدا بولۇپ 45 ۋاراق. ИНВ. №1209 Ш – П. خارەزمدە ھىجرى 1194- (مىلادى 1780-) يىلىدا كىتابەت قىلىنغان.

* *

1991-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار» ناملىق كىتابچىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈلشاھ-ۋەرەقە

(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

رىۋايەتچىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە مەككە شەھىرىنىڭ مەغرىب تەرىپىدە بەنى شەيبان دەپ بىر قەبىلە بار ئىدى. بۇ قەبىلىنىڭ ئىككى باشچىسى بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى ھىمام، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ھىلال ئىدى. ئىككىسى بىر تۇغقان ئاغا-ئىنى ئىدى. ھىمام ياشتا چوڭ، ھىلال كىچىك ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككىسىنىڭ خوتۇنلىرى تەڭ ھامىلىدار بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىن، يەنە تەڭ يەڭگىدى. ھىلالنىڭ خوتۇنى ئوغۇل، ھىمامنىڭ خوتۇنى قىز تۇغقاندى. ئوغۇلغا ۋەرەقە، قىزغا بولسا گۈلشاھ دەپ ئات قويۇشتى. مەخسۇس ئىنىكئانىلارنى بېكىتىپ، بالىلارنى تەربىيىگە ئالدى. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ بالىلار مەكتەپ يېشىغا يەتتى.

گەلقىسسە، بۇلارنىڭ ئاتىلىرى ھەر ئىككىلىسىگە ئىلمى-ئەدەب ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىپ، مەكتەپتە ئۇستازلارغا تۇتۇپ بەردى. بۇ ئىككى ياش ھەمىشە ئۆيدىن مەكتەپكە، مەكتەپتىن ئۆيگە دائىم بىللە كېلىپ، شۇ تەرىقىدە ھەمراھلىقتا ئۆتتى. مەكتەپتە بولسا، ئۇستازىدىن مۇئەمما، شېئىر-نەزمىلەرنىڭ تۈرلۈك خىللىرىنى ئۆگىنەتتى. ئۇلارنىڭ ساۋاتى ياخشى، ئىملالىرى ناھايىتى گۈزەل چىقتى.

ھىمام ئوغلىنى جەڭ شىجائىتىنى، نەيزە شەمشەر ئۇرۇش، توپ ئېتىش ھۈنەرلىرىنى ئۆگەنسۇن، دەپ سىپاھگەرلەرگە بەردى. لېكىن، بۇ باھانە بىلەن يارى-جانانلار بىر-بىرىدىن جۇدا بولۇشۇپ، ھىجرى-پىراق ئوتىدا كاۋاب بولدى. زارىنزار بولۇپ، ئاغرىققا دۇچار بولدى. ئۇ كېسەل ئازابى تۈپەيلىدىن تەمبۇر تارىدەك ئورۇقلاپ كەتتى. جانان ۋىسالىدىن جۇدا بولۇپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتەندى، تاقىتى-تاق ھالدا بىر-بىرىنىڭ يۈزىنى كۆرمەككە جان-دىلىدىن مۇشتاق ئىدى. كېيىن ھىلالمۇ گۈلشاھنى سىپاھلارغا تاپشۇرۇپ، لەشكىري ئىلىمنى ئۆگىتىشكە كىرىشتى، ئىككى مۇشتاق بىر-بىرىگە ئېجىل بولۇپ، بىر ئۇستازدىن تەلىم ئېلىشقا باشلىدى.

ئىككىسى نەيزىۋازلىق ۋە خەنجەرۋازلىقتا باراۋەر يېتىشىپ، شۇنداق مەرگەنلەردىن بولۇپ چىقتىكى، ئۇلاردىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشمۇ قۇتۇلالماس

ئىدى. يىرىنەچچە مۇددەت شۇ تەرىقىدە ئۆتكىنىپ، سىپاھگەرلىكتە ئۇستا پالۋان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى قەبىلە كىشىلىرىنىڭ كۆزىگە، گويياكى بىر جۈپ ئالما باراۋەر پىشىپ يېتىلگەندەك نامايان بولۇپ ئۇلارنى بىر-بىرىگە جۈپلۈككە مۇناسىپ كۆرۈشتى. قەبىلىنىڭ ئۇلۇغلىرى يىغىلىپ، ھىلال بىلەن ھىمامغا: «ئۆمرىڭىزلەر بېغىنىڭ بۇ ئىككى مېۋىسى پىشىپ يېتىلىپتۇ. بۇ ئىككى مۇشتاق بىر-بىرىنىڭ مېھرۇ ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كامالىغا يەتسە» دەپ ئىلتىماس قىلىشتى. بۇ سۆز ئۇلارغا ماقۇل كېلىپ، توي قىلماققا بېلىنى باغلىدى ۋە توي جابدۇقىغا مەشغۇل بولۇشتى.

ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ھەممە توي ئەسلىھەلىرى تەييار بولدى. بارچە قەبىلە ئەھلىگە خەۋەر قىلىپ بارلىق سازەندە، ئۇسسۇلچى ۋە قىزىقچىلارنى يىغدى. كېچىلىرى مەي-شارابلار بىلەن بەزمە قىزىدى. كۈندۈزلىرى داستىخان يېيىپ مول نازۇ نېمەتلەر تۆكۈلدى. چاڭ-نەي، تەمبۇر، غىجەك ۋە راۋاب سادىسى ياڭرىدى. ھەممە كۆڭۈلدىن غەم تۇمانلىرى تارقىدى. ئۇسسۇلچىلار قەددۇ قامەتلىرىنى توغرىلاپ، ئۇسسۇل-ساماغا چۈشتى. ئۇلار كەچتە ۋەرەقە ئاشىقنى گۈلشاھ نازىنىنغا تاپشۇرماقچىدى. لېكىن، ئۇلار پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكى، ھەر بىر خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدىن يەنە غەم-غۇسسە لەشكەرلىرىنىڭ بېسىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

بەنى شەيبان قەبىلىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بەنى سەئف ئاتلىق بىر قەبىلە بار ئىدى. ئۇ قەبىلىنىڭ سەردارى بەنى ئەمرۇ ئاملىق بىر زالىم ۋە قارا يۈز مەلئۇن ئىدى. ئۇ لەنىتىگە بىر يامان ئادەم گۈلشاھ بىلەن ۋەرەقەنىڭ ئارىسىدا بولغان توي ئىشىنى بايان قىلىپ، ئۇ مەلئۇننىڭ سېسىق دىمىغىغا ئىشقىنىڭ ھىدبۇيىنى پۈرىتىپ قويغانىكەن. مەلىكىنى كۆرمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئەسكى سامانلىقىغا ئوت ئېلىپ، ئىشق مەستانىسى بولۇپتۇ.

ئۇ بەتبەخت گۈلشاھنىڭ ئاتىسىغا: «قىزىڭنى ماڭا بەر، بولمىسا، مېڭەڭدىن قان ۋە تۈتەكلەرنى چىقىرىمەن» دەپ تەھدىت سالدى. ئاندىن ھەددۇ ھېسابسىز چېرىكلىرىنى باشلاپ، يولغا چىقتى. يولدا بىرى ئۇچراپ:

— دەل مۇشۇ تاپتا ۋەرەقە بىلەن گۈلشاھنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئەقدى نىكاھ قىلىشىنىڭ ھازىرلىقى پۈتۈپ قالدى. باشقىلارغا تەئەللۇق بولۇپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى يەپ نېمە قىلىسەن. تاڭ شامىلى ئېچىلدۇرۇپ قويغان غۇنچىنى قوغلاشقاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ، ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالدى.

بەنى ئەمرۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي، كۆزىدىن سۈيدۈكلىرىنى ئاققۇزۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاخىر نام-نومۇسنى ئارقىغا تاشلاپ، يىلان كەبى تولغىنىپ كەتتى. تەپەككۇرىغا كېلىپ دېدىكى: «شەبخۇن ئۇرۇپ، ئۇ قەبىلىنىڭ ئەتراپىغا سەپ تارتماقتىن ياخشى مەسلىھەت يوق. مۇددىئايىمىزنى مۇشۇ يول بىلەن قولغا ۋاسىل قىلايلى، پۈتۈن لەشكەر مۇكەممەل تەييارلانسۇن!» دەپ ئەمر قىلدى.

www.uyghurkitap.com



ئەلقىسسە، بەنى شەيبان قەبىلىسى بەنى سەف قەبىلىسىنىڭ دۈشمەنلىك مىكىرلىرىدىن بىخەۋەر ئەيشۇ پاراغەتكە مەشغۇل ئىدى. بەنى سەف قەبىلىسىنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ، ھەمىلە قىلىشقا باشلىدى. ھۇجۇم تۇيۇقسىز بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئاتلىنىپ تاقابىل تۇرۇشقا پۇرسىتى بولمىدى. ھەممىسى ھەيران ۋە ساراسىمىگە چۈشۈپ ھېچ نەرسىنى تۇتۇشقا پۇرسەت تاپالمىدى. ھەممە مال-مۈلكى تالانغا كەتتى. ئاشۇ مالىمانچىلىقتا گۈلشاھنى ئېلىپ قاچتى. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان گۈلشاھ ئۆزىنى ئۇ مەلئۇنلارنىڭ قولىدا كۆرۈپ، باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ نالە-زار قىلدى. يارى ۋەرەقەنىڭ ۋىسالىنى ئارزۇ قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

دەرىغا، چەرخ جانىمغا ھەمە جەۋرۇ جاپا قىلدى،
غەمۇ ھەسرەت بىلەن ئول يارۇ جانىمدىن جۇدا قىلدى.
خۇدايا دوستۇ تۇغقاندىن جۇدا بولغان پەرىشانمەن،
كى دۈشمەن دەستىدە ھالىم زەبۇنۇ مۇپتىلا قىلدى.
ئايا يارىم، يىراق ئەتتى پەلەك سەندىن بۇ مەھزۇننى،
كى دۈشمەن مۇددىئاسىن ھاسىل ئەتتى ھەم ساپا قىلدى.
خىيالى ۋەسلىدۇر جانۇ دىلىمدە مۇددىئايى ھەم،
ئەگەر يەتكۈزسە بىزلەرنى پەلەك بىزگە ۋاپا قىلدى.
ئايا بادى-سابا، ئېيتقىن خەۋەر ئول يارۇ جانىمغا،
ئەسىرۇ ناتەۋان گۈلشاھ جانىنى پىدا قىلدى.

ئەلقىسسە، ئۇ لەئىنتى ئەمرۇ جەك بىلەن بىچارە گۈلشاھنى ئەسىر قىلدى-دە، ئەمدى مەقسىتىم ھاسىل بولدى، دەپ قەبىلىسىنىڭ لەشكەرلىرىنى قايتۇرماققا ئەمر قىلدى. تالانغا ئۇچرىغان پەرىشان قەبىلە ئۆزلىرىگە كېلىپ، گۈلشاھنى ئاختۇرۇۋىدى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇنى دۈشمەنلەر ئېلىپ قېچىپتۇ دەپ ئاھۇ ئەپغان چېكىشكە باشلىدى. قەبىلىنىڭ ھەممە سەردارلىرى جەم بولۇپ، ئەمىرنىڭ قېشىغا كىرىپ مەسلىھەتكە چۈشۈشتى. مەسلىھەتتە ۋەرەقە:

— مەن لەشكەر باشلاپ ئارقىسىدىن بارىمەن! — دېدى. لېكىن، باشقا سەردارلار:

— كۈن كەچ بولۇپ كەتتى. ئالەم قاراڭغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەننىڭ قايانغا بېرىشىنى بىلمەي، ھەممىمىز ھالاك بولمايلى. سەۋر قىلغىن، تاڭ ئاتسۇن. كۈندۈز بولغاندا، چوڭ-كىچىك ھەممىمىز جەم بولۇپ، دۈشمەن قەۋمىنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇپ، گۈلشاھنى قايتۇرۇپ كېلەيلى. سەۋر-تاقەت ھەممە ئىشنى ئوڭشايدۇ. كېچىچە بىر بۆلۈك جاسۇس ۋە ئەيىيارلارنى ئەۋەتىپ كۆرەيلى. ئۇلارنىڭ قايسى قەبىلە ۋە قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەلسۇن. ئاندىن كېيىن بارغىنىمىز تۈزۈك، — دېيىشتى.

ئۇ كېچە ئەيىيارلارنى ئەۋەتتى.

تېخى ئاق ئاتماستىنلا ئەيىيارلار!

— بۇلار بەنى سەنىڭ قەۋمى ئىتكەن، — دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كېلىشتى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپ، قۇياش ئالەمنى يورۇتتى. ئامامى قەبىلە ئەھلى جەڭ كەمەرىنى مەھكەم باغلاپ، ھەر تەرەپتىن ھەيۋە قىلىشىپ، سۇناي ۋە كاناي، ناغرا دۇمباق ئاۋازىنى ياڭرىتىپ، تاغۇ سەھرانى بىر ئالدى. ئۇلار پايلاقچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇ مەلئۇننىڭ لەشكەرلىرى تۇرغان سەھراغا يەتتى-دە، چېدىر-بارگاھ تىكلەپ ئارام ئالىشاقا مەشغۇل بولدى.

گۈلشاھ دۈشمەن قولىدا كۆزىدىن قان-ياش تۆكۈپ، تىنىم تاپماستىن ئۆز يارىنى سېغىنىپ يىغلىماقتا ئىدى. بەنى ئەمرۇ گۈلشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي، نازىنىن. خاتىرجەم بولۇپ، مېنى ئاشۇ ۋەرەقەنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭگە يارى-ھەمدەم قىلساڭ، بۇ يەردىكى ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتقان بارلىق دۆلەت ھەشەمەتلەر سېنىڭ بولىدۇ. ۋەرەقەنىڭ مۇھەببىتىنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتكىن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، جېنىڭدىن ئۈمىد قىلما! ۋەرەقە دېگەن مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك ئادەمتى؟ مېنىڭ چاكارلىرىمغىمۇ باراۋەر كەلمەيدۇ، — دەپ ۋەز ئېيتتى.

ئۇ شۇ تەرىقىدە ھەرقانچە سۆزلەپ، ئۇنى ئۆزىگە رام قىلماقچا ئورۇنۇسىمۇ، گۈلشاھ ئۇنىڭغا ھېچبىر پىسەنت قىلماي، يىغلايتتى. ئۇنىڭ سوئالىغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەيتتى.

— ئەي ھۆر سۈپەت دىلبەر، — دېدى بەنى ئەمرۇ، — سەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئاۋۋال ۋەرەقەنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئاندىن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى رام قىلمىسام بولمىغۇدەك.

شۇندىن كېيىن ئۇ مەلئۇن گۈلشاھنىڭ يېنىدىن بارگاھىغا كەتتى.

بارگاھقا كىرىپ، سىپاھلىرى بىلەن ئەيش-ئىشرەتكە چۈشۈپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئەي، ئەمىرىم! ئۇ تەرەپتىن ۋەرەقە بىھېساب لەشكەرنى باشلاپ، سىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كېلىۋاتىدۇ. تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

ئۇ مەلئۇن دەرھال:

— لەشكەرلەر بىر جايغا ھازىرلانسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ تەرەپتىن ۋەرەقەنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ روبىرو بولۇپ، چېدىر تىكتى: بۇلارغا ھىسام، ھىلال، ۋەرەقەلەر سەردار ئىدى. ئۇلار لەشكەرلىرىگە:

— تەندە جانىڭلا بولىدىكەن، ئۇرۇشقا تەييار تۇرغايسىلەر! — دېدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇ تەرەپتىن بەنى ئەمرۇ دەرغەزەپ بولۇپ گۈلشاھنىڭ قېشىغا كىردى:

— ئەي پەرى، — دېدى ئۇ لاپ ئۇرۇپ ئۆزىنى كۆرسىتىش خىيالىدا، — كۆپ يىغلىمىغىن، قەدىمىڭگە ئالتۇن-كۈمۈش، لەئل-جاۋاھىراتلارنى چاچاي. يەنە بىرىپ كۆز ئالدىڭدا ۋەرەقەنىڭ ئىشىنى تامام قىلىپ، قانغا بويالغان بېشىنى ئالدىڭغا كەلتۈرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



لېكىن گۈلشاھ ئۇنىڭغا يەنىلا جاۋاب بەرمىدى ھەتتا قىيا بېقىپمۇ قويمىدى. ئاخىر ئۇ بەتبەختنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قايناپ كەتتى:

— ئەي گۈلشاھ، ئەمدى سېنى چېدىرنىڭ ئۈستىگە مەھكەم قىلىپ باغلىۋەتمەيدىغان بولسام، سەن بەك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ، مېنىڭ سۆزۈمگە زادى پىسەنت قىلمامسەن؟!

ئۇلار كەمەندلەرنى كەلتۈرۈپ، گۈلشاھنى چېدىرنىڭ ئۈستىگە باغلاپ قويدى. كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا سىپاھلار ئولتۇرۇپ، گۈلشاھ ھەققىدە ناسەزا سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭغا قەست قىلماق بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئەمما، گۈلشاھ تەڭرىگە يېلىنىپ، زار-زار يىغلايتتى. سىپاھلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، مەي ئىچىپ كاسىسىدا قالغان مەي يۇقۇندىسىنى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچاتتى.

ئاخىر، بۇ بەتقىلىق ئىچەرمەنلەر تارقاپ، چېدىر خىلۋەت بولۇپ قالدى. ئەمرۇ گۈلشاھقا قاراپ:

— ئەمدى ئىشىڭنى تامام قىلىمەن، — دېدى-دە، ئۇنىڭغا تاشلاندى، لېكىن قاتتىق مەست بولغانلىقتىن ئۆزىنى توختىتالماي يىقىلىپ چۈشتى.

گۈلشاھ بۇ مەلئۇننى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ، دەرھال تەڭرىگە نالە-زار قىلىشقا باشلىدى: «ئەي رەببىم، سەن مېنى بۇ زالىمنىڭ قولىدىن خالاس قىلغايسەن، مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنى جانجىگەر يارىمغا خەۋەر قىلغايسەن.»

دەل شۇ ۋاقىتتا، ۋەرەقەنىڭ كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان بولۇپ، تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە ئۇ ناپاك مەلئۇننىڭ چېدىرىغا راۋان بولدى. ئۇ ئاخىر گۈلشاھ تۇرغان چېدىرغا يېقىن كەلدى. قۇلاق سالسا قاراۋۇللارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ ئۆچكەن، ھەممىسى مەست مۇستەغرەق بولۇپ، ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى گۈلشاھ تۇرغان چېدىرغا ئېلىپ قارىسا، يارى گۈلشاھ باغلاقتا يېتىپتۇ. گۈلشاھمۇ ۋەرەقەنى كۆرۈپ، نالە-پىغان چېكىشكە باشلىدى. ۋەرەقە تەسەللى بېرىپ:

— بىردەم تىنچلان، بۇ لەنىتى ئويغىنىپ كەتمىسۇن، — دەپ كېلىپ گۈلشاھنى بوشاتتى. بۇ ئىشنى لەشكەرلەردىن ھېچكىم تۇيمىدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلشاھنى ئۆز تەرىپىگە ئېلىپ كەتتى.

گۈلشاھ بىلەن ۋەرەقەنى كۆرگەن قوۋم-قېرىنداشلىرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ۋەرەقەگە ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئۇلار شادىيانە دۇمبىقىنىڭ ساداسىنى پەلەككە يەتكۈزدى.

ئەمرۇ بۇ سادادىن ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا، گۈلشاھنى ئېلىپ كېتىپتۇ. قانداقتۇر بىر تەرەپتىن ناغرا-سۇناي ئاۋازى ئالەمنى بىر ئاپتۇ. ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، پۈتۈن لەشكەرلىرىگە ئۇرۇش يارىقىنى تەل قىلىشقا بۇيرۇدى. لەشكەرلىرىمۇ شۇ ھامان مەيدانغا راۋان بولدى. بۇ تەرەپتىمۇ ۋەرەقەنىڭ لەشكەرلىرى مەيدانغا كېلىپ ئىككى لەشكەر بىر-بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى.

ئۇ تەرەپتىن ئەمرۇ لەئىن ئارغىماقنى ئوينىتىپ، مەيدانغا كەلدى ۋە:

— مېنىڭ دىلىمنىڭ مادارى، يارۇ جانىمنى ئوغرىلىغان ۋەرەقە قايدىسەن! ئوغۇل بالا بولساڭ مەيدانغا چىقىپ، ئۆزۈڭنى كۆرسەت، شەمشىرىمنىڭ زەھـ

زىدىن مەرىكە شارابىنى ئىچكىن!

غەزەپلەنگەن ۋەرەقە چەك ئەسۋابلىرىنى تەييارلاپ، مەيدانغا چۈشەي دەپ تۇراتتى. گۈلشاھ غۇنچە كەبى لەۋلىرىدىن بال تۆكۈپ:

— ئەي جانجىگەرىم، سىز شەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ئۇ بىھايا مەلئۇننىڭ دەككىسىنى ئۆزۈم بىرەي، — دېدى.

— ياق سىز توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ۋەرەقە، — بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي.

ۋەرەقە ھەرقانچە ئىلتىجا قىلسىمۇ تەسىر قىلمىدى. گۈلشاھ نەيزە-شەمشەرلىرىنى كۆتۈرۈپ، شالدەك ئۇچقۇر ئېتىغا مىنىپ، مەيدانغا راۋان بولدى. ئۇ كېلىپلا بەنى ئەمرۇنىڭ يولىنى توسۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەي مەلئۇن! ئۆز ۋاقتىدا غەپلەتتە قالغان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، مېنى ئەسىر قىلىۋالغانىدىڭ، ئەمدى ناپاك جېنىڭنى شەمشىرىم زەربىسىدىن قۇتقۇزۇشنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئەمرۇغا تاشلاندى. لېكىن ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى زەربىسى ئەمرۇ تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئاندىن ئەمرۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يەنە ئۇ نازىنىن بەرنانى ئەسىرگە ئېلىپ چاكارلىرىغا تاپشۇردى. ئەمرۇنىڭ چاكارلىرى گۈلشاھقا تىل-ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇپ، نۇرغۇن ئاھانەتلەرنى قىلدى.

ۋەرەقەنىڭ جېنىغا ئوت تۇتىشىپ، ھوش كاللىسىدىن كەتتى. مەيدانغا چۈشمەكچى بولۇۋىدى، ئاتىسى ئالدىنى توستى:

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ھاياتىمنىڭ ھۇزۇرى، سەن بارمىغىن، ئۇ مەلئۇن ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر ۋە مەككار بىر نېمە، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بىر تۇتۇشاي، بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئېلىم ۋە ئەمەلىم ساڭا قالسۇن، — دەپ مەيدانغا ئۆزى راۋان بولدى ۋە بېرىپ ئۇ لەئىنىنىڭ يولىنى توستى.

بەنى ئەمرۇ لەئىن ئېيتتىكى:

ئاۋۋالقى ھۇجۇم سېنىڭ بولسۇن، قېنى ھەملە قىل. ھىمام ئۈچ قېتىم ھەملە قىلدى. ئەمرۇ ھەممىنى رەت قىلدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قىرىق نۆۋەت ھەملە قىلىش ۋە رەت قىلىشلار بولۇپ ئۆتتى، ئاخىر ئەمرۇ ھىمامنىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىغا بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، ئات يىقىلدى. ھىمام پىيادە قالدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەمرۇ ھىمامنى شەھىد قىلدى. ۋەرەقە ئاتىسىنىڭ قانغا بويىلىپ تۇپراقتا ياتقىنىنى كۆرۈپ، يۈزلىگەن نالە-پەريادلارنى چېكىپ، ئاتىسىنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى.

— ئەي ۋەرەقە، — دېدى ئەمرۇ، — ئاتاڭغا يىغلاپ ئاۋارە بولما، مەيدانىمغا كەلسەڭلا، ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى ئىچۈرۈپ، سېنىمۇ ئاتاڭنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ قويىمەن.

ۋەرەقە ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى مەيدانغا كەلدى:

— ئەي بىھايا مەلئۇن، — دېدى ۋەرەقە قەھرى-غەزەپ بىلەن، — ئاتام قېرىغان ئادەم ئىدى. ئەمدى بېشىڭدا نېمە بالالار بارلىقىنى مەندىن كۆرگىن. سەن بۇنچىۋالا ھەددىڭدىن ئېشىپ، لاپ ئۇرما. بىر قېرى سال كىشىنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن سېنى مەردۇ مەردان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



دېگىلى بولمايدۇ!

بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەن مەلئۇننىڭ غەزىپى بېشىغا تېپىپ، ئېتىنى ئۇرۇپ ۋەرەقەگە نەيزە بىلەن ھەملە قىلدى. ۋەرەقە رەت قىلدى. كېيىن گۈرزى بىلەن ھەملە قىلىشىدى، ۋەرەقە قالقان تۇتۇپ، ئۇنىمۇ رەت قىلدى. ئاخىر نۆۋەت ۋەرەقەگە يەتتى. ئۇمۇ ئۈچ قېتىم ھەملە قىلدى. ئۇنىڭ ھۇجۇملىرىنى ئەمرۇمۇ رەت قىلىپ تاشلىدى. ئىككى تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا دەم ئېلىشقا ناغرا ئۇرۇلدى. ئىككى پالۋان ئۆز لەشكىرى تەرىپىگە راۋان بولدى.

بەنى ئەمرۇ ئارامگاھىغا بارغاندىن كېيىن:

— بېرىپ گۈلشاھنى كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. چاكارلار گۈلشاھنى كەلتۈردى. ئۇ مەلئۇندا تاقەت قالمىغانىدى.

— ئەي نازىنىن پەرى، — دېدى ئۇ گۈلشاھقا يالۋۇرۇپ، — ئېيتقىنا، نېمە بىلەن خۇش بولىسەن؟ مەن كەمىنە چاكىرىڭ شۇ ھامان ئۇنى ئالدىڭدا ھازىر قىلاي. بېشىڭغا جاۋاھىراتتىن تاجلارنى كىيدۈرۈپ، ئالتۇن بويۇڭنى كىمخاب ئەتلەسلەر بىلەن يۆگەپ، نېمىدىن رازى بولىدىغان بولساڭ، شۇنى تەييار قىلاي. ئەگەر سەن ماڭا مايىل بولۇپ شېرىن سۆزلىرىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە ئارام بەرسەڭ، مەن ئۆمۈر بويى سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقماي، ساڭا قۇلدەك خىزمەت قىلاي. ئەگەر بۇلارنى خالىمىغان تەقدىرىڭدىمۇ، ھەر ھالدا مېنى دۈشمەن دەپ بىلمىسەڭ.

ئەمرۇ گۈلشاھقا شۇ يوسۇندىكى سۆزلەرنى قىلىپ يېلىندى. گۈلشاھ كۆڭلىدە بىر ھىيلە بىلەن ئىش قىلمىسا، ئۆزىگە زىيانلىق ۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەملىدى.

— ئەي پالۋان، — دېدى ئۇ ھىيلە قىلماققا تۇتۇش قىلىپ، — سەندەك باتۇر، شىجائەتلىك، زەبەردەست كىشى ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. ماڭا سېنىڭ رەھىم-شەپقىتىڭ تۇرغان يەردە، يەنە نېمە كېرەك بولاتتى. مەن سېنى پۈتۈن جان-دىلىم بىلەن دوست تۇتىمەن. ئەمما ۋەرەقە توغرىسىدىن كۆپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

ئۇ ئەمرۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى. گۈلشاھنىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى چاچتى.

— ئەگەر خالىساڭ بىر زەرب بىلەن ۋەرەقەنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتاي ۋە يا تىرىك پېتى قېشىڭغا بەند قىلىپ كەلتۈرەي ياكى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەرمەن. سېنىڭ رازىلىقىڭ نېمىدە بولسا، شۇنى قىلاي، — دېدى ئەمرۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا.

بۇ ئەتىسى تاڭ يورۇدى. نۇرلۇق قۇياش جاھاننى يورۇتۇپ، تۈننىڭ قارا قاغىسىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى گويا كى غايەت زور ئىككى دەريادەك قوزغىلىپ، بىر-بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى.

## ۋەرەقەنىڭ ئەمرۇ قولىغا ئەسىر چۈشكەنلىكى

ئەمدى بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ ئاشىق-مەشۇقلار بېشىغا جاپا-مۇشەققەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا ھېسابسىز مۇشكۈلچىلىك ۋە دىشۋارچىلىقلارنى كەلتۈر-

گەنلىكىنى ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن كۆر-
گىن، جان قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلىغىن.
بەنى ئەمرۇ ئارغىمىقىنى ئويىنىتىپ
مەيدانغا چۈشتى-دە، ئۆزى بىلەن ئېلى-
شىپ باقالايدىغان بىر ئەركەكنى تەلەپ
قىلدى:

— ۋەرەقە مېنىڭ كۈچۈمنى كۆرگەن،
ئۆزىگە قاراپراق تەييارلىق قىلسۇن.
كېيىن پۇشايمانغا قالمىسۇن، — دېدى ئۇ
مەسخىرە قىلىپ.

شۇ ئەسنادا ۋەرەقە جەڭ ئېتىغا
مىنىپ مەيدانغا كەلدى. نەيزە ۋە شەم-
شىرىنى ئويىنىتىپ، مەيداندا ئۆز مەردا-
نىلىكىنى نامايان قىلدى. بەنى ئەمرۇ
بۇنى كۆرۈپ، چەبدەسلىك بىلەن ئۇنى
پەملەپ تۇردى.

ئەلقىسسە، ئىككى شىر بىر-بىرىگە
ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، قارازا، ۋەرەقە-
نىڭ ئېتى بىر چوڭقۇرغا تىقىلىپ يىقىل-
دى. ۋەرەقە پىيادە قالدى. بەنى ئەمرۇ
ھەر تەرەپتىن كەمەندلەر تاشلاپ، ۋەرە-
قەنى ئەسىر قىلىپ باغلىۋالدى.

ۋەرەقەنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن گۈل-
شاھنىڭ بەدىنىدە تاقەت قالمىدى. ئۇ
ئىختىيارسىز ھالدا ساۋۇتىنى كىيىپ، بىر
ياخشى ئاتقا مىنىپ توپتىن چىقتى-دە،
بەنى ئەمرۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھەي پالۋان، بىلىكىڭ تېخىمۇ
كۈچكە تولۇپ، دۈشمەنلىرىڭ گۇمران
بولسۇن، بۇ گەدەنكەشنى ئەجەب ياخشى
تۇتقۇن قىلدىڭ، ئەمدى بۇنى مېنىڭ
قولۇمغا بەرگىن، مەن ئۇنى يۈز تۈمەن
ئازابلار بىلەن قېنىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ
ناپاك ۋۇجۇدىدىن ئالەمنى پاك قىلاي.
ۋەرەقە دېگەن بۇ نائىنساپتىن كۆپ جاپا
ۋە ئازابلارنى كۆرگەنىدىم. ئۇنى ئۆزۈم
پۈتۈن ئالەمگە ئىبرەت بولغۇدەك دەرى-
جىدە بىر تەرەپ قىلاي، — دېدى گۈلشاھ.

بەنى ئەمرۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشى-
نىپ، ۋەرەقەنى گۈلشاھقا تاپشۇردى، ئۆزى
چېدىرىغا قاراپ راۋان بولدى.

گۈلشاھ ۋەرەقەنى ئېلىپ ماڭغاچ،
ھەر خىل تىل-ئاھانەتلەر بىلەن دەش-
نام قىلدى. بىچارە ۋەرەقە ئۇنىڭ بۇ
ئىشلىرىغا ھەيران قالدى. «يا رەببىم، —
دېدى ئۇ كۆڭلىدە، — بۇ قانداق بولغى-
نى؟ مەن مۇشۇ مەشۇقۇم گۈلشاھنى دەپ
شۇنچىۋالا جەبىر-جاپالارنى تارتىۋاتسام،
بۇنىڭدىن ماڭا كەلگەن ۋاپا مۇشۇمىدى؟
خوتۇنلارنى تەڭرى ئەزەلدىن مۇشۇنداق
ۋاپاسىز ياراتقان ئوخشايدۇ. بۇلاردىن
مېھرۇ ۋاپا تەمە قىلغىلى بولمىغۇدەك.
دانالارنىڭ: «ئۈچ نەرسىدىن ۋاپا تەمە
قىلما: بىرى خوتۇن، ئۇ سېنىڭ بىلەن
ئەللىك يىل بىر ئورۇندا ياستۇقداش
بولغان تەقدىردىمۇ، سەندىن كېيىن بىر
گەدىنى يوغان يىگىتنى تاپسا، ئۇنىڭ
بىلەن بولۇپ كېتىدۇ؛ يەنە بىرى، ئات،
ئۇ سېنىڭ قولۇڭدىن بەش-ئون يىل
يەم يەپ سەمرىسىمۇ، بىر ئوغرى مىنى-
ۋالسا، ئۇنىڭ ئاستىدا چېپىپ كېتىدۇ،
ئۈچىنچىسى، قىلىچ، سەن ئۇنى قانچە
ئېھتىيات بىلەن ئاسراپ ساقلىساڭمۇ،
بىر دۈشمەن ئۇنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزۈڭ-
گە چاپسا، كەسمەي تۇرمايدۇ» دېگەن
سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم. قارىغاندا شۇ سۆز-
لەرمۇ راستكەندە».

بىچارە ۋەرەقە شۇنداق خىياللار
بىلەن ھوش كاللىسىنى بىلمىگەن ھالدا
كېتىپ باراتتى. گۈلشاھ يېنىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چاكارغا:

— قىلىچنى ماڭا بەر، مەن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، كۆڭلۈمنى بىر تىنچ قىلاي، — دېدى ۋە قىلىچنى ئېلىپ، چاكارنىڭ ئۆزىگە شۇنداق ئۇردىكى، چاكار تەڭ باراۋەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ يەرگە چۈشتى. ئاندىن، دەرھال ۋەرەقەنى باغلاقتىن بوشىتىپ، ئۆلگەن چاكارنىڭ ئېتىغا مىندۈردى، قولىغا قىلىچ، نەيزە تۇتقۇزدى. ۋەرەقە تەڭرىگە شۈكرى - سانالارنى ئېيتىپ، بەنى ئەمرۇ لەشكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى. تاغۇ سەھرانى ئۇلارنىڭ مۇردىلىرىغا توشقۇزۇۋەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەنى ئەمرۇ مەيدانغا كىرىپ، دەرقەمتە بولدى. لېكىن، ۋەرەقەنىڭ بىر زەربىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىشى پۈتتى. ۋەرەقە شۇنچە دۈشمەنگە ئۆزى يالغۇز ھەملە قىلىۋىدى، ھېچكىم تاپ - تاقەت قىلالماي، ھەممىسى سەھراغا قاچتى. ۋەرەقەلەرگە ئۇلاردىن نۇرغۇن غەنىيمەت قالدى. ئاقىۋەتتە شاد - خۇراملىق ئىچىدە جايلىرىغا راۋان بولدى.

گۈلشاھ بىلەن ۋەرەقەدىن ئىبارەت ئىككى يارۇ ھەمرەمنىڭ دۈشمەندىن كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولۇپ، كۆزلىرى بىر - بىرىنىڭ دىدارلىرى بىلەن روشەن بولدى. بەنى شەيبان قەبىلىسى خۇرسەندلىك بىلەن نەچچە ۋاقىت پاراغەتتە ئۆتتى. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن، قەبىلىنىڭ ئۇلۇغلىرى يەنە يىغىلىپ «ئەمدى چوڭلاردىن بىرقانچىمىز ھىلالغا ئەلچى بولۇپ، پەرى سۈپەت گۈلشاھ بىلەن رۇستەم قامەت ۋەرەقەنىڭ نىكاھىنى ئوقۇۋۇتەيلى» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلار ھىلالنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى.

— مەنمۇ، شۇ خىيالدا ئىدىم، — دېدى ھىلال، — ئەمما، خوتۇنۇمغىمۇ مەسلىھەت قىلاي، ئۇنىڭدىن نېمە سادا چىقاركىن، — دەپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىرىپ، بۇ سۆزلەرنى ئارىغا سالدى.

بىراق، ئۇ ئەقلى قىسقا خوتۇن ئېيتتىكى:

— ۋەرەقەنى گۈلشاھقا ئەلۋەتتە نامزاد قىلىغانىدۇق. ئەمما، ۋەرەقەنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بارغانسېرى نامراتلىشىپ كەتتى. توي لازىمەتلىكلىرىگە بەرگىلى پۇلى يوق. بىز قىز بېرىپ تۇرۇپ، يەنە توي جابدۇقلىرىنى ئۆزىمىز قىلساق ياخشى بولماس. شۇڭا پۇل تاپمىغۇچە ئۇنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلمايمەن.

— ھەي خوتۇن، — دېدى ھىلال، — ئاۋالقى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش زۆرۈر. بۇنداق دېسەڭ ياخشى بولماسمىكىن؟

ھىلال بۇ ئىشتا خوتۇنىغا قانچە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ كار قىلمىدى.

بۇلار شۇ مۇنازىرىدە تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى ۋەرەقەدىن ئاڭلايلى.

ئەلچىلەر ۋەرەقەگە: «گۈلشاھنىڭ ئانىسى سەندىن پۇل تەلەپ قىلىدىكەن» دەپ خەۋەر بېرىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ۋەرەقە باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ: «ۋادەرىغا! بۇ پەلەك مېنى ھېمامدەك ئاتامدىن ئايرىپ، دۇنيانىڭ موھتاجلىقىنى يەلكەمگە يۈكلىدى. بېشىمغا يېتىملىكنىڭ دەردىنى سېلىپ، مېنى مۇشۇنچە خار ۋە بىناۋا قىلدى» دەپ زار - زار يىغلىدى. ئۇ خىيال قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ۋەرەقەنىڭ يادىغا ئاخىرىيەمەن شەھىرىدىكى تاغىسى سېلىم شاھ كەلدى. ئاندىن: «شۇ

تاغامغا چاكارلىرىمىدىن بىرىنى ئەۋەتەي. ئاز - تولا مال - مۈلۈك ئېلىپ كەلسە، گۈلشاھنىڭ ئانىسىغا بېرىپ، ئۇنى نىكاھلاپ ئالاي» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇ خىياللار بىلەن بىر چاكارنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. چاكار سەپەر كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ يەمەن شەھىرىگە تەييارلاندى. ۋەرەقە ئۆزىنىڭ يېتىم - يېقىرلىق ئەھۋالىنى باشتىن - ئاياغ ئىزھار قىلىپ تاغىسىغا خەت يازدى. ئۇنى چاكارنىڭ قولىغا تاپشۇردى. چاكار يەمەن تەرەپكە راۋان بولۇپ كەتتى.

ۋەرەقە: «يەمەن تەرەپتىن كېلىدىغان مال - مۈلۈك تېزرەك كەلسە، مۇرادىم غۇنچىسى پاتراق ئېچىلسا» دەپ ھەر كۈنى - ھەر سائەت چاكارنىڭ يولىغا ئىنتىزار ئىدى. لېكىن ئالتە ئاي ئۆتتى، چاكاردىن ھېچ خەۋەر بولمىدى. كىشىلەر «چاكار يەمەندە يوقىلىپ كېتىپتۇ» دەپ تەنە قىلىشقا باشلىدى. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەن ۋەرەقە ئاھ تارتىپ يىغلايتتى. گۈلشاھ بۇنى كۆرۈپ، كۆزىدىن قان - ياش تۆكۈپ يىغلايتتى. ئاخىرى ۋەرەقەنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، يەمەن تەرەپكە ئۆزى سەپەر قىلماقچى بولدى. ئۇ سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىشقا كىرىشتى. گۈلشاھ ۋەرەقەنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ، قان - ياش يىغلاپ ۋەرەقەنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— سىز سەپەرگە چىقماقچى بولۇپتىسىز. شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزدىن بىر پەس ئايرىلسام، جىسمىمدا جان قالمايدۇ. مەن بۇ ئىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. سىزدىن ئايرىلىپ قانداق تىرىك يۈرەلەيمەن؟ — دەپ كۆپ يىغلىدى. ئۇنىڭ نالە - زارىغا قاراپ ۋەرەقەنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى:

— ئەي مېھرىبان غەمخارىم، — دېدى ۋەرەقە كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ، — ئالتۇن - كۈمۈش تېپىپ كەلمىسەم، ئاناڭ سېنى ماڭا بەرمەيدىكەن. بولمىسا، ئۆز ئىختىيارىم بويىچە سەندىن جۇدا بولارمىدىم؟ نېمە ئامال، تەقدىرنىڭ قىسمىتى شۇنداق ئوخشايدۇ. مېنى ئاتامدىن جۇدا قىلىپ بىچارە ۋە بىناۋا قىلدى. كۆڭلۈمنى يۈز تەرەپتىن چاك - چاك قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆز دىيارىمدىن ئايرىلىپ، غېرىبلىقنى ۋە يەنە سەندىن جۇدا بولۇپ، خارۇ زارلىقنى ئىختىيار قىلدىم.

بۇ ئىككى بىچارە شۇ يوسۇندا ئۇزاق سۆزلەشتى. ئاخىر گۈلشاھ:

— ماڭا يادىكارلىق ئۈچۈن بىرەر نەرسەڭنى بەرسەڭ. سەن كەتكەندىن كېيىن يۈرىكىمنىڭ جاراھىتىگە ئۇنى مەلھەم قىلسام، سەن يادىمغا چۈشسەڭ، ئۇنى سېنى كۆرگەندەك كۆرۈپ، كۆيگەن يۈرىكىمگە شۇنىڭ بىلەن سۇ سەپسەم، — دېدى.

— مېنىڭمۇ مۇددىئايىم شۇ ئىدى. سەنمۇ بىرەر نەرسەڭنى يادىكار قىلغىن، — دېدى ۋەرەقە.

ئاخىر ۋەرەقە بىر ئۈزۈكنى گۈلشاھقا، گۈلشاھ بىر ئۈزۈكنى ۋەرەقەگە قالدۇرۇشقا مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۈزۈكىنى قوللىرىغا سېلىشتى. شۇندىن كېيىن گۈلشاھ ۋەرەقەگە رۇخسەت بەردى. «سېنى ئۇلۇغ تەڭرىمگە تاپشۇردۇم» دەپ ۋەرەقەنى يەمەنگە يولغا سالدى. ئۆزى ئارقىسىدىن يۈز ئاھ نادامەتلەر بىلەن يىغلاپ قالدى. ۋەرەقە ئېتىغا مىنىپ، يە-

مەنگە قاراپ يول ئالدى.

ۋەرەقە تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، كېچە-كۈندۈز تەنھا يول يۈردى. بىر تەرەپتىن يار جۇدالىقىنىڭ دەردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز غېرىبچىلىقىنىڭ غەمغۇسسىسى ئۇنىڭ جىگەرىنى كاۋاب، ھالىنى خاراب قىلماقتا ئىدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز دېمەي مېڭىپ، قانچىلىغان مەنزىل ۋە ئۆتەڭلەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۈچ ئاچا يولغا كەلگەندە بىرى ئۇچرىدى. ۋەرەقە ئۇنىڭدىن يەمەننىڭ ۋە سېلىم شاھنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ھەي، نېمىسىنى سورايسەن، — دېدى ئۇ كىشى خورسىنغان ھالدا، — ھازىر سېلىم شاھنىڭ شەھىرىنى ئەزەر شاھ دېگەن بىر زالىم ھەددۇ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن كېلىپ قورشىۋالدى. ئاتمىش سەرگەردىسى بىلەن سېلىم شاھنى تۇتقۇن قىلىپ، سولىۋالدى. سېلىم شاھنىڭ ۋەزىرى ئازراق لەشكىرى بىلەن قورغانغا قامىلىپ قالدى. بۈگۈن-ئەتە ئۇ شەھەر ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغان بولدى.

— ھەي بەرنا يىگىت، راستىڭنى ئېيتقىن، ئۆزۈڭ زادى نەگە بېرىشنى ئىرادە قىلىپ كېتىپ بارىسەن؟

— مەن ئاجايىپ-غارايىپ شەھەرلەرنى تاماشا قىلىشقا ئىرادە قىلىپ سەپەرگە چىققانىدىم، — دېدى ۋەرەقە، ئاندىن يەمەننىڭ يولىنى سوراپ، ئېتىغا قامچا ئۇردى.

ئۇ زار-زار يىغلاپ: «بۇ نېمە دېگەن تەلەيسىزلىك؟ بىر تەرەپتىن ئاتامنىڭ مۇسىبىتى، بىر تەرەپتىن مەشۇقۇمنىڭ جۇدالىق ئازابى، ئەمدى يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شۇم خەۋەر. مەن شۇم پېشانىمنىڭ يۈرەك باغرى پارە-پارە بولاي دېدىغۇ؟!» دەپ پەرياد چېكەتتى. ۋەرەقە شۇ يوسۇندا نۇرغۇن مەنزىل-ماكانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم كېچە بولغاندا يەمەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا باردى. قارىسا، قورغانلار ۋە دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەھكەم تاقالغان، شەھەرنى ھەممە تەرەپتىن سانسىزلىغان لەشكەرلەر ئورىۋاپتۇ. ئۇ يېرىم كېچىدە دەرۋازىنىڭ ئاستىغا بېرىپ:

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار، مەن سىلەرگە دۈشمەن ئەمەس، دوستمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

قاراۋۇللاردىن بىرى: بۇ يەردە ئازراق ساقلاپ تۇرغىن، — دەپ قويۇپ، ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خەۋەر قىلدى.

ۋەزىر قەلئە ئۈستىگە چىقىپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىن ئارقان سېلىپ، ۋەرەقەنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ نۇرانە يۈزلىرىگە نەزەر سېلىپ:

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟ يۇرت ۋە ماكانىڭىز قايسى شەھەردە؟ قايسى قەبىلىدىن بولىسىز، — دەپ خىلمۇ خىل سوئاللارنى سورىدى.

ۋەرەقە جاۋاب بېرىپ:

— مەن، بەنى شەيبان قەبىلىسىدىن، ئاتامنىڭ ئىسمى ھىمام. ئۆزۈمنىڭ ئېتى ۋەرەقە. سېلىم شاھ مېنىڭ تاغام بولىدۇ، — دېدى.

ۋەزىر ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى:

— سىلەرگە نۇرغۇنلىغان مەكتۇپلارنى ئەۋەتتىم. ئەمما، بىرەر جاۋاب بولمىدى. سىز كۆرگەن ئاشۇ قارا يۈزلەر سېلىم شاھنى ئاتمىش ئەمىرا بىلەن ئە-

سىر قىلىپ قاماقتا سالدى. ئەھۋالىمىز
ناھايىتى خاراب. شۇڭا قورغان ئىچىگە
قامىلىپ يېتىۋاتىمىز. ئەمدى سىزنى
كۆرۈپ كۆڭلىمىز توق بولدى، يۈرەكلى-
رىمىز ئىزىغا چۈشتى، — دەپ ۋەرەقەنى
ئوردىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئاستىغا
ئالتۇن كۇرسىلارنى قويدى.

— مەن بۇ ئەھۋاللاردىن بىخەۋەر
ئىدىم، — دېدى ۋەرەقە، — بىر كۈنى كار-
ۋانلاردىن ئاڭلىدىم.

— ئەمدى، بىزلەرنىڭ ئەھۋالىمىز
ئاقىۋەتتە قانداق بولار؟ بىر مەسلىھەت
بەرسىڭىز، — دەپ سورىدى ۋەزىر.

ۋەرەقە:

— تەگرى خالىسا ئەتە تاڭ ئاتـ
قاندا شەھەردىن چىقىپ، جەڭ تەييارلى-
قىنى قىلىپ، ئۇ مۇتتەھەملەرنىڭ بېشىغا
قىيامەت ۋەھىمىسىنى سالىمەن، — دېدى
ھەممىسى شاد - خۇرام بولۇپ، تاڭ ئاتـ
قۇچە نەغمە - ناۋا قىلىشتى.

قۇياش ئالەمنى يورۇتۇپ، تۈن قا-
راڭغۇسى غايىب بولدى، كۈندۈز ئۆزىنىڭ
نۇرلۇق مېھرىنى نامايان قىلدى. ھەممە
لەشكەرلەر توپلاندى. شەھەر دەرۋازىسى
ئېچىلدى. تامام سەرۋازلار ۋەرەقەگە ماس-
لاشتى. ئۇلار جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتكۈزدى. بۇ سادا-
لار ئەزەر مۈلكىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار
«بۇ نىمە غەۋغادۇر؟» دېيىشىپ تەئەججۈپ
بىلەن ھەيران بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ۋەزى-
رى جاۋاب بېرىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! تەختۇ
دۆلەت سىزگە يار بولسۇن، ئۇ غەۋغالار
يەمەن تەرەپتىن چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ
شاھى بىلەن ئەمىرلىرى بىزگە ئەسىر
بولغاچقا، ھەممىسى ئۆز ھاياتىدىن ئۈمى-
دىنى ئۈزگەن. شۇڭا ئۇلار شەھەردىن چى-
قىپ، جېنىنى بىزلەرنىڭ قىلىچلىرىمىزدىن
خالاس ئەتمەك ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە كەتـ
مەكچى بولسا كېرەك، — دېدى.

— ئەزەر شاھ غەزەپلىنىپ:

— لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بېرىپ
ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ، بىرنى قويماي
قىرىپ تاشلىسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

لەشكەرلەر كېلىپ مۇقابىلە بولدى.
ئىككى لەشكەر دەرياسى بىر - بىرىگە دەر-
قەمتە تۇرۇپ، مەيدانغا ئات سېلىشتى.
بۇ تەرەپتىن ۋەرەقە ئات سېلىپ ئۆز ما-
ھارىتىنى شۇنداق نامايان قىلدىكى، ئۇ-
نىڭ چەبدەسلىكىگە ئىككىلا تەرەپ لەش-
كەرلىرى تەھسىن - ئاپىرىنلار قىلدى.

— ئەي ھەق يولدىن ئازغان كەلگىندى-
لەر، — دېدى ۋەرەقە ئەزەر تەرەپكە قا-
راپ، — بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مې-
نىڭ ئېتىمنى ۋەرەقە ئىبنى ھىمام دەيدۇ.
بەنى شەيبان قەبىلىسىدىن بولىمەن. قېنى،
ئوغۇل بالا بولسا مېنىڭ مەيدانىمغا كې-
لىپ، بۇ زەھەر تېمىپ تۇرغان تىغىمنىڭ
تەمىنى تېتىپ كۆرسۇن، ئۆزىنى جەھەن-
نەم تەختىدە كۆرسۇن.

ئەزەر شاھنىڭ قەھرۇ غەزىپى كې-
لىپ، يېنىدىكى بىر پالۋىنىغا:

— شۇمتەكنىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈڭ
بەرگىن، — دەپ ئەمر قىلدى.

ئۇ پالۋان مەيدانغا كېلىپ، ۋەرە-
قەنىڭ يولىنى توستى. ۋەرەقە ئۇنىڭ قاپ
بېلىگە بىر قىلىچ ئۇرغانىدى. ئىككى
توغرام بولۇپ يەرگە چۈشتى. ۋەرەقە يە-
نە مەرد تەلەپ قىلدى. بىرى كېلىپ
دەرقەمتە بولدى. ئۇنىمۇ شەمشەر بىلەن

بېشىغا ئىككىنچى ئۈزۈپلا ئېتى بىلەن قوشۇپ تۆت پارچە قىلىۋەتتى. ۋەرەقە شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە ئالاھازەل ئاتمىش نەپەر داڭلىق پالۋاننى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. كەچ كىرىپ ئارام ئېلىش دۇمبىقى ئۇرۇلدى. ئىككى لەشكەر دەرياسى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ، ئورۇنلاشتى.

ۋەزىر ۋەرەقەگە كۆپ تەھسىن ـ ئاپىرىنلار بىلەن دۇئا قىلىپ:

— سېنى ئۇلۇغ تەڭرىم يامان كۆز، يامان نەپەستىن ئۆز پاناھىدا تىنچ ـ ئامان ساقلىسۇن، دۆلەت سايەڭنى بېشىمىزدىن يىراق ئەتمىسۇن. ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنى تەڭرىم ئۆز رەھمىتىگە يېقىن قىلسۇن. ياراتقۇچىمىز ساڭا ئوخشاش دەۋران نادىرلىرىنى ئاپىرىدە قىلىپ، بىزلەرگە سايە قىپتۇ.

ۋەزىر شۇندىن كېيىن شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، ساز ـ نەغمىلەرنى تەييارلاپ، ئەيشۇ پاراغەتكە مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە پادىشاھ ئەزەر يۈز نالە ـ پىغان بىلەن بارگاھىغا كەلدى. ئىككى تەرەپ ئۆز جايلىرىدا ھاردۇق ئېلىشتى.

تاڭ قۇياشى سوبھىنىڭ يۈزلىرىنى نۇرلاندۇردى. ئىككى لەشكەر بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالدا سەپ تارتىپ جەڭ دۇمبىقى قاقتى. ۋەرەقە ئارغىمىقىنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئەزەر لەشكەرلىرى ئىچىدىن نەچچىلىگەن مەردۇ مەردانىلار كېلىپ، ۋەرەقەنىڭ تىغىنى يەپ، بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى.

ئەلقىسسە، شۇ جەڭدە ئەزەرنىڭ يۈز نەپەر داڭدار پالۋىنى نابۇت بولدى. ئەمدى ۋەرەقەنىڭ مەيدانىغا كېلىشكە ھېچ جۈرئەت قىلىپ كېلەلمىدى.

— ھەي ئەزەر! — دېدى ۋەرەقە نەرە تارتىپ، — ئەۋەتكەن ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسىنى دوزاخقا ئوتۇن قىلىپ ئەۋەتتىم. ئەمدى نېمىشقا ئۆزۈڭ مەيدانغا چىقالماي، چېدىرىدا ياتىسەن؟! ئەركەك بولساڭ قېنى كېلىپ باقمامسەن؟!

پادىشاھ ئەزەر قەھرى ـ غەزەپكە كەلدى ـ دە، لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ئۇ سەتەڭ يىگىتكە ھەممىڭلار بىراقلا ھۇجۇم قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

نەچچە مىڭ مەردۇ مەردانىلار بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ۋەرەقەنى ئارىغا ئالدى. لېكىن ۋەرەقە لەشكەرلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەندىشە قىلماي، شۇنچە لەشكەرلەرگە تەنھا ئۆزىنى ئۇردى. بەزىلىرىنى تىغ بىلەن ئىككى باراۋەر قىلسا، بەزىسىنى نەيزە بىلەن جەھەننەمگە يوللايتتى. يەنە بەزىلىرىنى بولسا ئوقيا بىلەن يەر چىشلەتتى. جەڭ شۇنداق قىزىندىكى، بۇنداق جەڭنى پۈتكۈل يەر يۈزى ئاز كۆرگەنىدى. كېچىسى ئارام ئېلىشاتتى. تاڭ ئېتىش بىلەن يەنە جەڭ دۇمبىقى ياڭراپ مەيدان تەۋرەيتتى. ئۇ تەرەپتە شاھ ئەزەر، بۇ تەرەپتە ۋەرەقە. شۇ تەرىقە بەش كۈن جەڭ ـ جېدەل بولدى. ئېلىم شاھنىڭ ۋەزىرى ۋەرەقەنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

— ئەي، نامدار پالۋان! دەۋران ھادىسىلىرىدىن گۈزەل چېھرىڭگە مالاللىق توزانلىرى قويمىسۇن. بۇ كېچە ئازراق ئارام ئالغىن، — دېدى ۋە ئاستىغا ئالتۇن كۆرپىلەرنى كەلتۈرۈپ، نۇرغۇن پېشكەشلەر بىلەن ۋەرەقەنى كۆرپىغا ئولتۇرغۇزدى. نەغمە ـ ناۋالار بىلەن شاراب ئىچىشىپ،

ئـەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

شاھ ئەزەرنىڭ بىر دانا يەھۇدى ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك بولۇپ، ھەرقانداق مۇشكۇل مەسىلىنى ئۇنىڭ پىكرى بىلەن ھەل بولاتتى. ئەزەر ئۇ ۋەزىرگە:

— ئەي دانا ۋەزىرىم، بۇ ياش پالۋان جىمى ئالەم لەشكىرىدى ئىشلىرىدا گوياكى زالنىڭ ئوغلى رۇستەمدەك ئىكەن. بۇ يەرگە ئۇ قەيەردىن كەپقالغاندۇ. ئۇ يالغۇز ئۆزدىلا مېنىڭ بارلىق پالۋانلىرىمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— بۇ رۇستەم سۈپەت ياش پالۋان سېلىم شاھنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ ۋەرەقە پالۋان دېگەن ئىسمى ئالەمگە مەشھۇر. ئۇ بىزدىن تاغىسى سېلىم شاھنى تەلەپ قىلىپ شۇنداق جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بۇ جەڭ ـ جېدەلنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تاغىسى ئۈچۈن بولماقتا. ئەمدى مەسلىھەت شۇكى، ئەتە تاڭ ئاتقاندا، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دار ياسىتىپ، سېلىم شاھنى ئەمىرلىرى بىلەن دارغا ئېسىپ قويۇشقا پەرمان چۈشۈرۈڭ. تاغىسىنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ھەپىلىسى بىر بولۇپ، بۇلارنى تاشلاپ كېتىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى ۋەزىر.

بۇ تەرەپتە بولسا ۋەرەقە ۋەزىرگە:

— ئەتە تاڭ ئاتقاندا ماڭا چەبدەست يىگىتتىن ئىككى يۈزنى بېرىڭ. ئۇلار مېنىڭ ئارقامدىن تەڭ ئات سالسۇن. تەڭرى ياربەرسە، سېلىم شاھنى ئەمىرلىرى بىلەن بىللە قۇتۇلدۇرارمىز، — دەپ مۇقەررەر قىلدى.

قۇياش ئاسمان گىرۋىكىدىن تەۋەللۇت قىلدى. كېچە كۈندۈزگە ئالماشتى.

ئۇ تەرەپتىن شاھ ئەزەرنىڭ لەشكەرلىرى سەپ تۈزدى. بۇ تەرەپتىن ۋەزىر بىلەن ۋەرەقە لەشكەرلىرى تەق بولۇپ تۇردى. شاھ ئەزەر شۇ چاغدا مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا دارنى تەييار قىلىپ، سېلىم شاھنى ئەمىرلىرى بىلەن دار ئالدىغا كەلتۈردى.

ۋەرەقەنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇ چىداپ تۇرالماي، تەڭرىگە:

— ئەي شەپقەتلىك تەڭرىم! ئاشۇ بىچارىلەرگە ئۆزۈڭ رەھىم قىلغايسەن. ئۇلارنىڭ دادىغا يەتكەيسەن، — دەپ نىدا قىلدى. ئاندىن لەشكەرلىرىگە قاراپ، — ھەي يىگىتلەر پۇرسەت غەنىيمەت، ئىش ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلساقمۇ پايدا بەرمەيدۇ. جەڭگە ھازىر بولۇڭلار! — دېۋىدى.

بۇ ئىشقا ۋەزىرمۇ ئىمپادە بىلدۇرۇپ:

— ئەي ۋەرەقە، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزىڭىز ياخشى چۈشىنىسىز. سىز بىزنىڭ تاغىڭىزنىڭ ئورنىدىكى يولباشچىمىز. نېمە پەرمان قىلسىڭىز شۇ بويىچە ئىجرا قىلىمىز، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ۋەرەقە، — ئاخشامقى پىلان بويىچە ھېلىقى ئىككى يۈز يىگىتكە بۇيرۇق قىلىڭ، ھەممىسى تەييار بولۇپ تۇرسۇن. ئاۋۋال مەن ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۆزۈمنى ئۇرىمەن. تەڭرى خالىسا ئۇلارنىڭ پادىشاھىنى ئەسىرگە ئېلىپ، سېلىم شاھ بىلەن ئەمىرلەرنى خالاس قىلىشقا جان پىدا قىلىمىز.

ۋەزىر ۋەرەقەگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلدى.

ۋەرەقە نەرە تارتقان پېتى، ئۇ ھېسابسىز دۈشمەنگە ئۆزىنى ئۇردى. گويا-

كى، قويغا بۆرە تەگكەندەك ۋەرەقە قايسى تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرسا، شۇ تەرەپنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى ئاسمانغا چىقاردى. گاھ تىغ بىلەن نەچچىلىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلسا، گاھ زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزگەندەك، ئۇ چىرىدىكلەرگە نەيزە ئۇراتتى. گاھىدا گۈرزىسىنى ئوينىتىپ، دۈشمەن سېپى ئىچىدە قارا بوران چىقىراتتى. شۇ ئەسنادا ۋەرەقە تاللىغان ئىككى يۈز مەردانە يىگىت ئات سېلىپ بېرىپ، سېلىم شاھنىڭ ئاتمىش نەپەر ئەمىرىنى قۇتقۇزۇپ كەلدى. ئەمما سېلىم شاھنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا پۇرسەت بولماي قالدى. جەڭ داۋامىدا ۋەرەقەگە پادىشاھ ئەزەر دۇچ كېلىپ قالغانىدى، ۋەرەقە ئۇ مەلئۇننى ئېتى بىلەن قوشۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەي دەپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. لېكىن ئەزەر ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى. ۋەرەقەنىڭ ئۇرغان تىغى بېرىپ ئاتقا تەگدى. ئاتنىڭ بويىنى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. ۋەرەقە دەرھال سالما تاشلاپ، ئەزەرنى باغلىۋالدى ـ دە، مەيداندىن سۆرەپ ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ يولىنى توسقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلاتتى. مەيدان ئادەم قېنىدىن گۆل رەڭ بولدى.

ۋەرەقە شاھ ئەزەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. ۋەزىر ئارام دۇمبىقى ئۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككى لەشكەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ئۆز بارگاھلىرىغا قايتىشتى. ۋەزىر ۋەرەقەنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چېچىپ، يۈز مىڭ قېتىم رەھمەت، بارىكاللا ئېيتتى. پۈتكۈل لەشكەرلەر ۋە پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئاخشامدىن تاكى سەھەرگىچە مەي ـ شارابلار بىلەن ئىشرەت قىلىشتى.

ئۇ تەرەپتە بولسا، شاھى ئەزەرنىڭ ۋەزىرى بىلەن لەشكەرلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەيرەتتە ئىدى، ھەممە سىپاھلىرى ۋەزىرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەمدى بىزلەرنىڭ كارۇ بارىمىز قانداق بولار؟ قانداق مەسلىھەتلىرى باركىن؟ بىز تەرەپتىن پادىشاھىمىزنىڭ غېمى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ياش پالۋاننىڭ ۋەھىمىسى. ئەمدى ئۇنىڭ زەربىسىگە قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟ — دېيىشىپ ئەرز قىلىشتى.

— توختاڭلار، — دېدى يەھۇدى ۋەزىر ئۇلارغا، — مەن شاھىمىزنى قۇتقۇزىدىغان بىر ھىيلىنى ئىشلىتەي، ئەتە تاڭ ئاتقاندا، سۆزگە ئۇستا دانالاردىن بىرقانچىسىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتەيلى. ئۇلار شۇنداق دېسۇنكى: «ئەگەر پادىشاھلاردىن ئۈمىد كۈتسەڭلەر، بىزنىڭ شاھىمىزنى بېرىڭلار. سىلەرمۇ پادىشاھىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار» دېسۇن. قالدى ئىشنى كېيىن قىلىمىز.

ئۇلار مەسلىھەتنى شۇ يەرگە قارار تاپقۇزۇشتى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپ، قۇياش ئالەم قەسرىنى مۇنەۋۋەر قىلىۋىدى، ئۇ تەرەپتىن سۆزگە ئۇستا ھىيلە ـ مىكىرچىلەردىن بىرنەچچىنى ئەلچى قىلىپ ۋەرەقە تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۇ كىشىلەر ئەفسۇن كىتابىنىڭ باب، پەسىللىرىگىچە يادا ئالغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلار:

— ئەگەر بىزنىڭ شاھىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىپ، سېلىم شاھنى قايتۇرۇپ كەلسەڭلار، بىز شاھىمىزنى ئېلىپ بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىمىز. بۇندىن كېيىن سىلەرگە دوست

بولۇپ، ھېچ تۇغرىدىن ئاداۋەت قىلمايمىز. بەلكى ئەبەدىلئەبەت دوستلۇق ۋەدىسىدىن تانمايمىز. ئەگەر بىزنىڭ ئېيتقىنىمىزدەك قىلمىساڭلار، بىز دەرھال سېلىم شاھنى كۆز ئالدىڭلاردا دارغا ئېسىپ، قېنىنى تۆكىمىز،— دەپ ھەيۋە قىلىشتى.

سېلىم شاھنىڭ ۋەزىرى بۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، شاھ ئەزەرنى قايتۇرۇپ بەردى. سېلىم شاھنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ۋەرەقەنى ئەۋەتمەكچى بولدى.

— ئەمدى، بىز سىلەرگە دوست بولغاندىكىن، بىر-بىرىمىزنىڭ قېشىغا قورال-ياراغسىز بارغىنىمىز ياخشى،— دېيىشتى.

ۋەرەقەنىڭ كۆڭلى دەرگۇمان بولۇپ، تون-سەرپايلىرىنىڭ ئىچىگە شەمشىرىنى ئېسىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار ئەگەر سېلىم شاھنى ئېلىپ كېتەر چاغدا ۋەرەقەنىڭ قولىدىن يەنە تارتىۋالمىز دېگەن پىلان بىلەن يول بويىغا بىر نەچچە ئورۇندا نۇرغۇن لەشكەرلەرنى مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. ئەھۋال ئۇلارنىڭ پىلانىدىكىدەك بولماي قالدى. ۋەرەقە تون لىباسلىرىنىڭ ئىچىدە جەڭ ئەسلىھەلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى.

ۋەرەقە سېلىم شاھنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەندە، يولدا يوشۇرۇنغان لەشكەرلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ۋەرەقە دەرھال شەمشىرىنى چىقىرىپ جەڭ قىلىشقا چۈشتى، گوياكى، قويغا بۆرە تەگكەندەك، ئۇ مەلئۇن-مەككارلارنى بىر-بىرىگە قوشماي، ھەممىسىنى ساراسىمە قىلىۋەتتى. بۇ مەغلۇپ بولغان لەنەتكەرلەرگە ئۆز بېشىنى قۇتقۇزۇشنىڭ غېمىدە ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى.

ۋەرەقە سېلىم شاھنى ساق-سالامەت ئۆز جايىغا ئېلىپ كەلدى. ۋەرەقەگە ھەممە لەشكەر، ۋەزىر-ئۆمرالار ئاپىرىن ۋە تەھسىنلەر ئېيتىپ دۇئا قىلىشتى، سېلىم شاھ ۋەرەقەنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— خوش كەلدىڭ بالام! مېنىڭ خەستە جېنىمغا مەلھەم بولدۇڭ. ئەگەر سەن سەۋەبكار بولمىغان بولساڭ، بىز بۇ يولسىزلار قولىدا ئاللىقاچان ھالاك بولار ئىدۇق،— دەپ كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتتى. ئۇنى ئالتۇن كۈرسىلارغا ئولتۇرغۇزدى. سېلىم شاھ تاجىنى تاقاپ، تەختىگە چىقتى-دە، قايتىدىن سەلتەنەت ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە شاھ ئەزەر قالغان لەشكەرلىرىنى توپلاپ، ۋەزىرلىرىگە:

— بۇ نومۇسقا مېنىڭ ئەسلا تاقىتىم قالمىدى. ئەگەر قايتىپ كەتسەم پۈتكۈل شاھلار ئارىسىدا مەسخىرىگە قېلىپ، ئىززەت-ئېتىبارىمدىن ئايرىلىمەن. قايتماي جەڭ قىلاي دېسەم، ۋەرەقە ھەممە لەشكەرلىرىمنى نابۇت قىلىدۇ. ئىلگىرى پۈتۈن جاھان مېنىڭ لەشكەرلىرىمدىن غەم ۋە ئەندىشىدە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بىر ئادەمدىن زەربە يەپ، قېچىپ كېتىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئارنومۇس بولىدۇ. بۇنىڭغا بىرەر تەدبىرىڭلار يوقمۇ،— دېدى.

يەھۇدى ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن بىر پىكىرنى ئارىغا تاشلىسام قانداق بولاركىن؟— دېدى.

— قانداق پىكىر؟ قېنى ئېيتقىن،— دېدى پادىشاھ.

يەھۇدى ۋەزىر:

www.uyghurkitap.com



— ھازىر كېچە بولدى، مەيدان ئوتتۇرىسىغا بىر ئورەك كولاپ ئۈستىنى ئوت-خەس بىلەن يېپىپ قويايلى، ئىككى لەشكەر بىر-بىرىگە دەرقەمتە بولغاندا، ئۇ يىگىت ئەلۋەتتە مەيدانغا ھەممىدىن بۇرۇن ئات ئويناتىپ كېلىدۇ-دە، پالۋان تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەرەپتىن بىر ئادەم چىقىپ، ئازراق ئېلىشىپلا، ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنى تىللىسۇن-دە، ئورۇنلاشتۇرۇلغان يول بىلەن مېڭىپ قاچسۇن. شەكسىزكى، ئۇ يىگىت ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ، خەندەككە يىقىلىدۇ. شۇ ھامان ھەر تەرەپتىن سالما تاشلاپ ئۇنى تۇتۇۋالىمىز،— دېدى.

ھەممىسى بىردىنلا، ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىگە ئاپىرىنلار ئوقۇدى. كۈن كەچ بولدى. بىرنەچچە كىشى بېرىپ مەيدانغا خەندەك كولىدى، خەندەكنىڭ ئۈستىنى خەس بىلەن ياپتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقانىدى، شاھ ئەزەر تەرىپىدىن جەڭ دۇمبىقىنى شۇنداق ئاۋاز كەلتۈرۈپ ئۇرۇپ كەتتىكى، داقا-دۇمباق ئاۋازى قۇلاقلارنى يارغۇدەك بولدى. بۇ ياندىن سېلىم شاھ، ۋەرەقە ھەم ۋەزىرلەر لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مەيدانغا كەلدى-دە، سەپراس بولۇپ تۇردى. ئىككى دەريايى لەشكەر بىر-بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى. ۋەرەقە شىردەك ئات ئويناتىپ، مەيدانغا كەلدى-دە، لەشكىرى ئىلمىدىكى ئاجايىپ كاراماتىنى نامايان قىلىپ مەرد تەلەپ قىلدى. لېكىن ھېچ كىشى ۋەرەقەنىڭ مەيدانىغا چىقمىدى. پەھۋۇدى ۋەزىر ئورۇنلاشتۇرغان پالۋانمۇ چىققىلى ئۇنىمىدى. شاھ ئەزەر تەرەپىنىڭ لەشكەرلىرى جانسىز كىشىلەردەك، بىرەر ھەرىكەت قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

ئاخىر ۋەرەقە چىداپ تۇرالماي ئېتىنى ئويناتىپ، ئەزەرنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇرماق ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىدا، ئاتنىڭ پۇتى خەندەككە كىرىپ كېتىپ، ۋەرەقەمۇ خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. شاھ ئەزەر ھەر تەرەپتىن سالمىلارنى تاشلاپ، ۋەرەقەنى تۇتۇۋالدى.

سېلىم شاھ ۋەرەقەنىڭ تۇتقۇن بولغانلىقىنى كۆرۈپ، غەم-ھەسرەتلەرگە چۆككەن ھالدا شەھەرگە قاراپ ئات سالدى. ئۇلارغا كەلگەن يۈزلىگەن غەم-كۈلپەت ئەزەر شاھ تەرەپكە يۈزمىڭلىغان ئەيشۇ-پاراغەتلەرنى نېسىپ قىلدى. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي، مەي-شاراب بىلەن شادلىق بەزمىلىرىنى قىزىتتى. شۇ مەھەلدە ئەزەر شاھ شاراب تەسىرىدىن مەست بولۇپ غەزىپى ئۆرلىدى. جاللاتلارنى چاقىرىپ:

— بۇ گەردەنكەش ئەرەبنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئاندىن ۋەرەقەگە قاراپ:

— ھەي شەرمەندە، مېنىڭ تالايلىغان پالۋانلىرىمغا نېمىلەرنى قىلمىدىڭ؟! ئەمدى ئۆز بېشىڭغا قانداق ئەلەملەرنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باق! — دەپ چالۋاقىدى.

ۋەرەقەمۇ ئۆز نۆۋىتىدە:

— ھەي ئىپلاس مەلئۇن! مېنى ھىيلە-مىكىر بىلەن تۇتقۇن قىلدىڭ. بۇنداق يارىماس ئىشنى ئەركەك ئادەم قىلمايدۇ. بۇ يالماۋۇز خوتۇنلارنىڭ ئىشىدۇر. مەن ئاشكارا مەيدان ئۈستىگە چىقىپ مەرد تەلەپ قىلدىم. سەن ھىيلە-مىكىر بىلەن مېنى ئورەككە چۈشۈرۈپ بەند قىلدىڭ. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزۈڭ قاز-

غان ئورنىغا ئۆزۈڭ يىقىلىسەن. ئەمما، مەن ئۆلتۈرۈشۈڭدىن قورقمايمەن. قولۇڭدىن نېمە كەلسە شۇنى قىل. مەن ساڭا ھەرگىز يالۋۇرمايمەن. سەن يارىماس خوتۇنلاردىنمۇ پەس، ئىتتىنمۇ نىجىسراق نامەرد مەخلۇق ئىكەنسەن،— دەپ رەددىيە بەردى.

بۇنىڭدىن غەزىپى تېخىمۇ زىيادە بولغان ئەزەر شاھ جاللاتلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇنى تېزدىن ئېلىپ بېرىپ قېنىنى تۆك،— دەپ تاپشۇردى.

ۋەرەقە ئۆز ئىچىدە نالە قىلىپ:

«ھەي ئىسىت! مەن جانانىم گۈلشاھنى كۆرەلمەي، ۋىسالىغا يېتەلمەي يۈز ھەسرەت-نادامەتلەر بىلەن كېتىدىغان بولدۇم. ۋىسال كۈنلىرىمىز قىيامەتكە قالىدىغان ئوخداۋ» دەپ قايغۇ-ھەسرەتكە چۆكتى. شۇ ئەسنادا جاللات خەنجىرىنى سالاي دەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ مۇڭلۇق قىياپىتىگە قاراپ جاللاتنىڭ رەھمى كەلدى:

— ھەي بەرنا يىگىت،— دېدى جاللات،— نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر ھەسرەت چېكىسەن؟ كۆڭلۈڭدە نېمە ئارزۇلىرىڭ بار ئىدى؟ ماڭا دېگىن.

ۋەرەقە ئېيتتىكى:

— ھەي، جاللات. دۇنيادا ئاشىق-مەشۇقلار سۆزىنى ئىشىتكەن ۋە كۆرگەنمىدىڭ؟ بىراۋغا ئاشىق بولۇپمۇ باققانمىدىڭ؟ دەرد كۆرمىگەن كىشىلەر قانداقمۇ ئاشىقلارنىڭ ھالىغا يەتسۇن؟

بۇنى ئاڭلىغان جاللات كۆكسىدىن ئاھ تۇتۇنلىرىنى چىقىرىپ:

— مەنمۇ بىر ئاي يۈزلۈك، خۇما كۆزلۈك، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، پەرىشتە خۇيلۇق، سەرۋى بويلۇق، قەھرىمانلىقتا يېگانە، پالۋانلىقتا رۇستەمنى زامانە قىزغا ئاشىقمەن. ئۇنىڭ ھىجرىدە كېچە-كۈندۈز يۈرىكىم كاۋاپ بولۇپ، ھالىم خاراب يۈرىمەن. ئەي ياش يىگىت، ئەمدى سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئەسلىڭ ۋە نەسلىڭنى ئېيتقىن. سېنىڭ بايىقى ئاھ-ۋاھلىرىڭ مېنىڭ ئىشق ئوتۇمنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىۋەتتى،— دېدى.

— مېنىڭ ئېتىمنى سورىساڭ ۋەرەقە ئىبنى ھىمامدۇر. يۇرتۇم مەككە تەرەپلىرىدە. ئۇ يەردە گۈلشاھ دېگەن بىر ئاي سۈپەت، يۇسۇپ سۈرەت قىزغا ئاشىق بولغانمەن. ئۆلۈمدىن غەم يېمەيتتىم. ئەمما ئاشۇ يارى جانانىمدىن جۇدا بولغانلىقىم ئۈچۈن نالە-زار قىلماقتىمەن،— دېدى ۋەرەقە.

جاللات بىر ئاھ ئۇرۇپ ۋەرەقەنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى:

— ئەي قاراڭغۇ دىلىمنىڭ چىرىغى، كۆڭۈل جاراھىتىمنىڭ مەلھىمى، شۇنى بىلگىنكى، مەن ئۆز ۋاقتىدا سېلىم شاھقا مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەن چاكار بولىمەن. شۇ چاغدا مەن مەكتۇپىڭنى ئېلىپ، كۆپلىگەن مۇساپىلەرنى بېسىپ، يەمەنگە كەلگەنىدىم. قارىسام شەھەرنىڭ ئەتراپىغا لەشكەر تولۇپ كېتىپتۇ. سېلىم شاھ بىلەن ئۇچرىشالماي، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەزەر شاھ مېنىڭ رەڭگىرويۇمنى كۆرۈپ، ئۆزىگە قوشۇۋالدى-دە، جاللاتلىق ئەمەلىنى بەردى. شۇندىن بېرى بۇ يەردە يۈرمەكتىمەن،— دېدى. شۇندىن كېيىن ئۇ چاكار ۋەرەقەنى باغلاقتىن بوشاتتى، لەشكەرلەر ئىچىدىن ئىككى ياخشى ئات كەلتۈرۈلدى.

— ئاۋۋال شەھەرگە بېرىپ، سېلىم

شاھنى سېنىڭ غېمىڭدىن خالاس ئېتەيلى. ئۇ سېنىڭ دەردىڭدە باغرى كاۋاپ بولۇپ تۇرىدىغاندۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن سوۋغات لازىم. سوۋغاتسىز بارساق ياخشى بولماس، شۇڭا سەن ماقۇل دېسەڭ ئەزەرنىڭ بېشىنى ئالغاچ كېتەيلى،— دېدى چاكار ۋەرەقەگە.

ئۇ ئىككىسى مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن ئەزەرنىڭ بارگاھىنى پايلاپ باردى. قارىسا ئەزەرنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى مەستلىك ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ جانسىز ئادەملەردەك قېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئاستا-ئاستا ئۆزلىرىنى ئەزەر شاھنىڭ چېدىرىغا ئېلىشتى. قارىسا ئەزەر مەستلىكتىن بىھوش بولۇپ يىقىلىپ قاپتۇ. شۇ ھامان شەمشەر بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، توۋرىغا سالدى. ئاندىن شەھەر قورغىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاراۋۇللارنى چاقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىدىن بېشارەت بەردى. بۇ خەۋەر سېلىم شاھقا يەتتى. سېلىم شاھ گويا ئۆلۈك ئىدى. بۇ خەۋەردىن تىرىلىپ قوپتى. دەرھال دەرۋازىنى ئېچىپ، ۋەرەقە بىلەن قارا تەنلىك چاكارنى ئىچكىرى كىرگۈزدى. سېلىم شاھ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ۋەرەقەنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ يۈزلىرىگە سۆيدى. ئاندىن:

— ئەي جېنىمنىڭ ئارامى، ھالۇ ئەھۋالىڭ نېچۈك؟ ئۇ مەلئۇننىڭ بەندىدىن قانداق خالاس تاپتىڭ؟— دەپ سوراپ كەتتى.

— ئاللاتائالا خالاس قىلدى،— دېدى ۋەرەقە، ئاندىن ئەزەرنىڭ بېشىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. سېلىم شاھ يەنە يۈگۈرۈپ كېلىپ، ۋەرەقەنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ، پېشانىسىگە قايتىدىن سۆيدى.

— تەڭرى ئۆمرۈڭنى دۇنيا بىلەن تەڭ ئۇزۇن قىلسۇن، يامان كۆز، يامان نەپەستىن تا قىيامەتكىچە ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن،— دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە:

— ھەممىڭلار قوللىرىڭلارغا مەشئەل ئېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئويۇن قىلىڭلار،— دەپ ئەمر قىلدى. ھەممە خالايىق قوللىرىغا مەشئەل ئالدى. شەھەر ئىچى گوياكى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. داقا-دۈمباقلار شادىيانىگە ئۇرۇلدى. بۇنىڭدىن دۈشمەن لەشكەرلىرى ئويغىنىپ، سازاسىم ئىچىدە شاھنىڭ بارگاھىغا باردى. قارىسا، شاھنىڭ تېنى بار، بېشى يوق. ھەممىلىرى ياقىلىرىنى يىرتىپ داد-پەرياد كۆتۈردى. باشلىرىغا تۇپراق چېچىپ، زار-زار ياش تۆكۈشتى. ئاندىن ھەممە لەشكەرلەر ۋاقىتنى غەنىيمەت تۇتۇپ، باشلىرىنى ئېلىپ شۇ كېچىسىلا ھەر تەرەپكە كېتىشتى. غالىبلار بۇ كېچىنى شادىمانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتتى. مەشرىقتىن ئالتۇن قۇياش كۆتۈرۈلدى. كېچىنىڭ قارا قۇزغۇنى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. قارىسا ھەممە دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىپتۇ. غالىبلار چىقىپ ناھايىتى كۆپ ئولجا-غەنىيمەتلەرنى ئالدى. سېلىم شاھنىڭ كۆڭلى ئۆز دۈشمەنلىرىدىن تەسكىن تېپىپ بارلىق غەنىيمەتلەرنى ۋەرەقەگە بەردى.

ۋەرەقە دېدىكى:

— ئەي مېھرىبان ئاغا، ئەمدى ئىجازەت بەرگەيسىز، تېزرەك بېرىپ جانانىمنىڭ جامالى بىلەن كۆزۈمنى رەۋشەن قىلاي.

— ئەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى، — دېدى سېلىم شاھ، — سەن كەلگەندىن بېرى بىر دەممۇ ئارام ئالالمىدىڭ. مەنمۇ غەم-مېھنەتتىن قۇتۇلۇپ، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خۇرسەند ئېتەلمىدىم. ئەمدى سەۋر قىلغىن، بىرنەچچە مۇددەت سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئېلىۋالاي، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

سېلىم شاھ شۇنداق دەپ مېڭىشقا رۇخسەت بەرگىلى ئۇنىمىدى.

ۋەرەقە ئىلاجسىز بۇ شەھەردە بىر ئاي تۇرۇپ قالدى.

بۇلار مۇشۇ يەردە راھەت پەيزىنى سۈرۈپ تۇرسۇن، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى شام پادىشاھىدىن ئاڭلايمىز.

شام شەھرىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئىسمىنى مۇھسىن شاھ دەيتتى. ئۇ ئۆز ئىسمى جىسمىغا لايىق خەير-ئېھساندا تەڭداشسىز كىشى ئىدى. ئۇنىڭ خەير-ئېھسانىدىن مەيلى شاھ، مەيلى گاداي ھەممىسى مەمنۇن ئىدى. ئۆزى خۇدانىڭ ئىبادىتىگە مايىل ياخشى پادىشاھ ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ مۇھسىن بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ بىر كاتتا زىياپەت ھازىرلاپتۇدەك، زىياپەتتە ھەر تەرەپتىن كەلگەن، كۆپ سەپەر قىلغان، ياخشى-ياماننى كۆپ كۆرگەن كىشىلەرنى يىغدى؛ ھەر خىل ھېكايە، رىۋايەتلەردىن ۋە ئاجايىپ-غارايىپ قىسسەلەردىن سوئال قىلىپ ئولتۇردى. كېيىن سۆز شۇنىڭغا ئەنجام تاپتىكى، قايسى يۇرت ۋە قايسى مەملىكەتتە گۈزەل نازىنىنلار بولسا، شۇلارنىڭ تەرىپ-تۇسۇپىنى قىلىشماقچى بولدى.

زىياپەت ئەھلى ئىچىدىن ھەر بىر كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، پادىشاھقا گۈزەللەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ئاخىرىدا بىر زىبا يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا نۇرغۇن مەدھىيە-ماختاشلارنى ئادا قىلىپ، ئاندىن گۈلشاھنىڭ تەرىپ-تۇسۇپىنى شۇنداق كېلىشتۇرۇپ بايان قىلدىكى، مۇھسىن شاھ گۈلشاھقا جان-دىلىدىن غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ يىگىت مۇنداق تەرىپ قىلغانىدى:

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، يەر يۈزىنىڭ ھۆكۈمرانى، مەككە مۇكەررەمنىڭ ئەتراپىدا بەنى شەيبان ئاتلىق بىر قەبىلە بار. ئۇ قەبىلىنىڭ ئىككى باشلىقى بار، بىرىنىڭ ئېتى ھىمام، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ھىلال. ھىلالنىڭ بىر قىزى بار. ئۇ قىز دىلبەرلىكتە جانلارنىڭ راھىتى بولسا، گۈزەللىكتە جاھاننىڭ ئاپتىپىدۇر. ئۇ قىزنىڭ لەۋلىرى شېكەردىن پۈتكەندەك شېرىن سۆزلۈك، سەرۋى بويلىرى گويا تاۋۇستەك، يۈرۈشلىرى كەكلىكتەك، سۆزلەيدىغان بولسا تىلى ئالدىدا تۇتى شەرمەندە بولىدۇ. ئىككى يۈزىنى كۆرگەندە، پەرىزاتلارمۇ ھەيرەت بارمىقىنى چىشلەيدۇ. ئۇ ئادەمزات ئىچىدىن چىققان سۇمبۇل چاچلىق، قوشۇما قاشلىق، ئاي يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك، سەدەپ چىشلىق، ئىپار ھىدلىق بىر نازىنىن پەرىدۇر. مەن يەتتە ئىقلىمنى ئايلىنىپ، مەيلى دەريا بولسۇن ياكى باياۋان بولسۇن ھەممىسىنى كەزگەن. لېكىن بۇنداق گۈزەل مەشۇقنى كۆرمىگەن، بەلكى مەندىن باشقا ھېچكىممۇ كۆرمىگەندۇر. ئۇنىڭ داڭقى تۇسۇپىنى يۈز كۈن قىلساممۇ، مىڭدىن بىرىنى ئېيتالمايمەن. ئۇ قىز بۇنچىۋالا گۈزەللىكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



باشقا يەنە پۈتكۈل ھۈنەرلەردىمۇ كامىل. يىگىت گۈلشاھنى شۇنچىلىكلا ماختاپ قويۇۋىدى، ئىشق لەشكەرلىرى مۇھسىن شاھقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىشغال قىلدى، شاھنىڭ سەۋر-تاقىتى قالماي، ئىختىيارى قولدىن كەتتى.

— ئەي دانىشمەنلەرنىڭ گۈلتاجىسى! — دېدى شاھ يىگىتكە خىتاب قىلىپ، — جېنىمغا ئوت سېلىپ، كۆڭلۈمنى غەم ئۆيىگە ئايلاندۇردۇڭ. بۇ تاجۇ تەخت ۋە ھەشەمەتلىرىمنىڭ ھېچقايىسى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئەمدى مېنىڭ ئاقىۋىتىم قانداق بولار؟!

— ئۇنى كۆرىمەن دېسەڭ، — دېدى يىگىت پادىشاھقا، — بۇ ۋەتىنىڭنى بىر يىلغىچە تەرك ئېتىپ، سودىگەرلىك قىلغىن-دە، مېنىڭ بىلەن مەككە شەھىرىگە سەپەر قىلغىن.

شۇ سۆز بىلەن پادىشاھ سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپ، ھەر خىل ياخشى، ئالىي رەخت-ماتالار ۋە ھەر قىسما جاۋاھىراتلار، مۇشكى ئەنبەرلەرنى ئېتىغا ئارتىپ، خەزىنىسىدىن تەڭگە تىللا، ياقۇت زۇمرەتلەرنى قاچىلىدى. نەچچىلىگەن نازۇك بەدەن، شېكەر سۆزلۈك چۆرىلەرنى ھەمراھ قىلىپ، شام دۆلىتىدىن كەبە تەرەپكە سەپەر قىلىپ چىقتى. شاھنىڭ بارلىق يارۇ بۇرادەرلەر ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ئارقىسىدىن خوشلىشىپ قالدى.

پادىشاھ مۇھسىن خەير-ساخاۋەتتە ھاتەم تەيدىنمۇ زىيادىرەك ئىدى. ھەر مەنزىلگە يەتكەندە، شۇ يەردىكى ئاجىز-بىچارىلەرگە نۇرغۇن ساخاۋەت قىلىپ، بىرىگە تىللا-تەڭگە بېرەتتى، بىرىگە ئېتىنى يۈكى بىلەن بېرەتتى. يەنە بىراۋلارغا قاتار-قاتار تۆگىلىرىنى ئۈستىدىكى يۈكى بىلەن ئىئانە قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە ئىنئام ۋە ئېھسانىنىڭ داۋرىقى پۈتكۈل ئەرەب قەبىلىسىگە ئاڭلاندى، مۇھسىن شاھنىڭ داڭق-تۇسۇپى جىمى ئەرەبلەر زىياپەتلىرىدە مەشھۇر بولدى. ئىشىتكەنلەرنىڭ ھەممىسى «بىزنىڭ قەبىلىمىزگە كېلەمدىكەن؟» دېيىشىپ مۇھسىن شاھنىڭ دىدارىغا مۇشتاق ئىدى.

ئەلقىسسە، شاھ مۇھسىن شۇ تەرىقىدە خەير-ساخاۋەت بىلەن مەككىگە يېقىن باردى. بەنى شەيبان قەبىلىسىگە «بىر سېخىي ۋە كېرەملىك سودىگەر بىناھايەت كۆپ مال-دۇنيا بىلەن كېلىۋېتىپتىمىش، چۈشكەن جايلاردىكى پۈتكۈل ئاجىز-پېقىرلار ئۇنىڭغا چاكار ئىمىش» دېگەن خەۋەر تارقالدى. شۇنداق قىلىپ، مۇھسىن شاھ بەنى شەيبان قەبىلىسىگە يېقىن قالغاندا، ھىلال ئىككى پەرسەڭ يەرگىچە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. نۇرغۇن ئىززەت-ئىكراملار بىلەن قەبىلىگە ئېلىپ كېلىپ، بىر ياخشى جايغا چۈشۈردى.

مۇھسىن شاھ كارۋانلىرىغا «ماللارنى يېشىپ چىقىرىڭلار» دەپ ئەمر قىلدى. چاكارلار ماللارنى تەييار قىلدى. ھىلالغا ھەر خىل نەرسىلەردىن، يەنى تىللا، تەڭگە، گۆھەر، مەرۋايىت، جاۋاھىر، لەئىل-زۇمرەت ۋە ئەتلەس-كىمخابلاردىن شۇنداق ئىنئام-تارتۇق قىلدىكى ھېسابىغا ھېچكىم يېتەلمىدى.

مۇھسىن شاھ شۇ تەرىقىدە ئىنئاملار بىلەن ھىلالنى مەمنۇن قىلىپلا قالماس-

تەن، باشقىلارغىمۇ ھېسابسىز ئېھسانـ ئىنئام قىلدى. نەچچە ۋاقىت شۇ يوسۇنـ دا رىقەدە ئېھسان بىلەن تۇردى. ھىلال جەننەتتەك گۈزەل بىر باغۇ بوستان تۈزۈپ، ئۇنىڭغا ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردىن ناخشىچى، سازەندىلەرنى كەلتۈردى. تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلىتىپ، مۇھسىن شاھنى زىياپەتكە چىللىدى.

مۇھسىن شاھ نەچچە خىل ھەشەملەر بىلەن ھىلالنىڭ زىياپىتىگە ئىشتىراك ئېتىپ بىرنەچچە كۈن ئەيش ـ ئىشرەتـ تە بولدى. كېيىن ئۆز جايىغا قايتىپ بىرـ نەچچە ئاقىل ـ دانالارنى ئەتراپىغا يىغدى. ئۇلارنى گۈلشاھقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتـ مەكچى بولدى. ئۇلارغا بىرنەچچە تۈرلۈك مەخپىي سۆزلەرنى جىكىلەپ، ھىلالنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. بۇ كىشىلەرـ نىڭ ھەرقايسىسى فىلاتوندەك دانا ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ھەر بابتىن مۇقەددىمىلەر سۆزلەپ، كېيىن ئەسلى مۇددىئاغا كەلدى. ئۇلار:

— مۇددىئايىمىز شۇكى، قىزىڭىز گۈلـ شاھنى ئاشۇ ياش ساخاۋەتچى سودىگەرگە بەرسىڭىز، چۈنكى ئۇ ھەر جەھەتتە سىزگە مۇۋاپىق كېلىدۇ: خاھ نەسەب ۋە خاھ ھەسەبتە، خاھ جاي ۋە مەنزىلەتتە باراۋەردۇر. قوبۇل قىلغايسىز، — دەپ سۆزلىرىنى تامام قىلدى.

— بۇ سۆزنى بىرقېتىم ئېيتتىڭـ لار، ئىككىنچى سۆزلىگۈچى بولـ ماڭلار، — دېدى ھىلال، — چۈنكى مەن گۈلشاھنى ئاكامنىڭ ئوغلى ۋەرەقەـ گە بېرىۋەتكەنمەن. بىراۋنىڭ نېسىۋىسىنى باشقىغا بەرمەك مۇۋاپىق ئەمەس. ھازىر ۋەرەقە تويى تەييارلىقى ئۈچۈن يەمەنگە كەتكەن. مۇبادا ئۇ كەلسە ئۇنىڭغا بېرىمەن.

ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مۇھسىن شاھقا بايان قىلدى. شاھنىڭ كۆڭلىگە ئوت تۇتىشىپ، ھېچ تاقىتى قالمىدى. شاھ ھەر دائىم گۈلشاھنىڭ ئىشقىدا نالە ـ زار قىلاتتى.

بىر كۈنى مۇھسىن شاھ چاكارلىرىنى يىغىپ، بىرنەچچە تاۋاققا ئۈنچە ـ جاۋاھىرلارنى تولدۇرۇپ ئۈستىگە زەربابـ لاردىن يوپۇق يېپىپ:

— بۇنى ھىلالغا ئېلىپ بېرىڭلار ھەم بىزنىڭ خوجىمىز «ئاللاتائالا ماڭا نۇرغۇن مال ـ مىنال بەرگەن، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمما بۇ ماللارنى بىرىڭگە تەسەررۇپ ئەتكۈدەك مەندە تۇغقان ـ قېرىنداش يوق. ھىلالدىن تىلەيمەنكى، مېنى ئوغۇللۇققا قوبۇل قىلسىڭىز. ھەممە مال ـ دۇنيايىمنىڭ سەرپىيات ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام، ئۆزۈم ئۇنىڭ دۆلەت سايىسىدە مۇشۇ يەردە ئارام ئالسام» دەيدۇ، دەپ ئېيتىڭـ لار، — دەپ يولغا سالدى. ئۇلار بېرىپ تاۋاقلارنى ھىلالنىڭ ئالدىغا قويدى. خوجىسىنىڭ سۆزلىرىنى باشتىن ـ ئاياغ بايان قىلدى. ھىلال تاۋاقلارنى ئەپكىرىپ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئاچتى ـ دە، بولغان ماجىرانى ئېيتتى. بۇ جاۋاھىراتلارنى كۆرگەن خوتۇن:

— سەن ھەمىشە ۋەرەقەنى ئاغزىڭدىن چۈشەرمەيسەن. ۋەرەقە پۇل تاپالماي چاكىرىنى يەمەنگە — تاغىسىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇ كەلمىۋىدى ئارقىسىدىن ئۆزى كەتتى. «قىرىق كۈندە كېلىمەن» دېگەن ئادەمگە ئالتە ئاي بولدى، كەلمىدى. ئەگەر ئالەمدە ھايات بولغان

www.uyghurkitap.com



بولسا كېلەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر سائەتلىك جۇدالىقىمۇ تاقىتى يوق ئىدى. ئىرىك بولسا ئۇ يەردە ھەرگىز تۇرمايتتى. ياكى ئۆلگەن، ياكى تاغىسى پۇل بەرمەگەن گەپ. شۇڭا، خىجالەتچىلىكتىن كېلەلمەيۋاتقاندۇر، — دېدى.

— مەن بىر قىزنى ئىككى ئەرگە بېرەلمەيمەن، — دېدى ھىلال، ئاندىن مۇھسىننىڭ غۇلاملىرىغا جاۋاب بېرىپ، — ئەگەر ئالەمنىڭ ھەممىسىنى مالغا تولدۇرۇۋەتسىمۇ ئۇنىڭ بۇ مۇرادى ھاسىل بولمايدۇ. مەن جاۋاھىرلارغا موھتاج ئەمەسمەن. بۇلارنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاۋاقلارنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى ۋە مۇھسىن شاھقا: «ئاتىسى ماقۇل كۆرمەيدىكەن» دەپ ئېيتتى. شاھ غەم-غۇسسە ئىچىدە، چالا ئۆلگەن يىلاندەك تولغىنىپ، يىغلاپ كەتتى. شۇ كەمدە بىر قېرى خوتۇن كىردى. شاھنى بۇ ھالدا كۆرۈپ سۆز ئاچتى:

— ئەي بەرنا يىگىت، شۇنچە كۆپ مال-دۇنيايىڭ تۇرۇپ، نېمانچە غەمكىن سەن؟ نە ھال-ئەھۋالىڭ بولسا، ماڭا ئېيت، مەن ئىلاجىنى قىلاي، — دېدى. شاھ بۇ قېرىغا نەچچە تۇرلۇك نەپىس ماللارنى ئىنئام قىلىپ، كۆڭلىدىكىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. كەمپىر بولسا:

— قانچىلىك جاۋاھىرات ۋە مال-مۈلۈك بولسا ماڭا بەرگىن. مەن بېرىپ ئىشنى توغرىلاپ كېلەي، — دېدى. شاھ دەرھال لەئل-جاۋاھىر نەپىس ماتالارنى توپلاپ كەمپىرگە تاپشۇردى.

بۇ قېرى زال ھىيلە-مىكىر ئىشىكلىرىنى بوغان ئېچىپ، بۇ نەرسىلەرنى ھىلالنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى. گۈلشاھنىڭ ئانىسى بۇلارنى كۆرۈپ:

— خوپ بولغاي، بېرىپ ئېيتقىن، خاتىرىسىنى جەم قىلسۇن. ئۇنىڭ تىلىكىنى مەن قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

كەمپىر كېلىپ شاھقا بۇ خۇش خەۋەرنى مەلۇم قىلدى. شاھ كۆپ خۇرسەند بولۇپ، تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ-سانالار ئېيتتى.

ھىلالنىڭ خوتۇنى ھىلال ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ئالدىغا كەلدى:

— گۈلشاھنى شۇ خوجىغا بېرەيلى. مۇبادا بۇ سودىگەر خوجا كېتىپ قالسا، كېيىن قانچە پۇشايمان قىلساقمۇ پايدىسى يوق، — دېدى.

— گۈلشاھنى ۋەرەقەگە نامزات قىلىپ بەرگەن تۇرساق، — دېدى ھىلال نارازى بولۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىسى كىچىكىدىن تارتىپ بىر-بىرىگە كۆڭۈل قويۇپ قالغان، مۇھەببەتتىمۇ چىڭ تۇرسا، قانداقمۇ جاننى تەندىن جۇدا قىلغاندەك ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشمىساق، پىراق ئوتى پاك جىسمىنى نابۇت قىلىدۇ. ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق قىلساق قىيامەتتە ئاللاتائالا ئالدىدىمۇ سوئال-سوراقتىن قۇتۇلالماسمىز. بۇ خىيالنى كۆڭلۈڭدىن يىراق قىل. بولمايدىغان ئىشقا قەدەم ئالما.

خوتۇنى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئاللاتائالا ھەر دائىم ئەپۇچاندۇر. گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلار، — دېدى.

— بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، — دېدى ھىلال، — ئەگەر ۋەرەقە كېلىپ ۋاقىپ بولسا ئىككىمىزنىڭ جېنىمىز بولسىمۇ بېرىنى قويمايدۇ.

خوتۇنى يەنە قايىل بولمىدى:

— ۋەرەقەدىن ئەندىشە قىلمىغىن، ئۇنىڭغا بىر ھىيلە قىلىمەنكى، نە سەندىن ۋە مەندىن گۇمان قىلالمايدۇ.

— قانداق ھىيلە قىلماقچىسەن؟

— بۇ شۇنداق ھىيلىكى، گۈلشاھنى خوجا سودىگەرگە بېرىۋېتىپ، شۇ كېچىسى بىر قوينى ئۆلتۈرىمىز. ئۇنى كېپەنلەپ، «گۈلشاھ ئۆلدى» دەپ، نالە-پەرياد كۆتۈرىمىز. ئەتىسى بۇ قوينى دەپنە قىلىۋېتىمىز. گۆرگە كىرىپ كەتكەن نەرسىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. ۋەرەقە كەلسە، ئەھۋالنى ئۇقۇپ «تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ، تەقدىرگە تەن بېرىدۇ، — دېدى.

خوتۇن ئاشۇنداق ھىيلە-مىكىر پىلانلىرى بىلەن ئاخىر ھىلالنى رازى قىلدى. گۈلشاھنى خوجا سودىگەرگە بېرىپ ئۇنىڭدىن بىناھايەت كۆپ مال-مۈلۈك ئالماق بولدى.

گۈلشاھنىڭ يېقىن بىر قىز ھەمراھى بار ئىدى. ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئىشىتىپ، گۈلشاھقا خەۋەر بەردى:

— ئەي گۈلشاھ، ۋەرەقەدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغان بولدۇڭ. ئاتا-ئاناڭ سېنى خوجىغا بەرمەكچى بولدى.

بۇنى ئىشىتكەن گۈلشاھ شۇ ھامان بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ھوشىغا كېلىپ، يۈزلىرىنى تىرنىلاپ، ياقىسىنى يىرتىپ شۇنداق نالە-پەرياد قىلدىكى، ئاسماندىكى پەرىشتىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى.

ئۇ تاڭ ئاتقۇچە گاھى يىغلايتتى، گاھى پىراق ئوتى ئىچىدە كۆيەتتى. تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ دەيتتىكى: «ئەي تەنۇر پەلەك! مېنى يارۇ جانىمدىن جۇدا قىلدىڭ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ئەمدى كۆرەلمىسەم قانداقمۇ سەۋر-تاقەت قىلالايمەن؟!»

ئانىسى ئۇنىڭ بىتاقەتلىكىنى ئىشىتىپ كەلسە، ئۇ كۆزىدىن قان-ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ، بۇ زالىم بەتبەخت خوتۇن ئاچچىقلىنىپ، بىچارە گۈلشاھقا ھېسابسىز دەشنام قىلىشقا باشلىدى. ناتىۋان قىز ئانىسىدىن قورقۇپ، ئىلاجسىز يىغىدىن توختىدى. ئەمما كۆڭلىدە ئاللاتائالاغا نالە قىلىپ: «بۇ قانداق دېگەن زۇلۇم-ھە؟ گويا جېنىمغا ئاپەت، بېشىمغا قىيامەت بولدىغۇ، مەن ئۇ يارۇ جانان بىلەن ھەمراھ ۋە ھەمخاھ ئىدىم. پەلەك مېنى بۇ قاتارلىق ھىجرانغا مۇپتىلا قىلدى. مەندىن قانداق گۇناھ ئۆتكەن بولغىيتتى؟!» دەپ، شۇ قەدەر نالە-زار قىلىپ يىغلايتتى ۋە لېكىن، ئانىسىدىن قورقۇپ ئاشكارا يىغلىيالمايتتى. تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئەي گۈلشاھ، تەڭرى تەقدىرىڭنى ئەزەلدە مۇشۇنداق پۈتكەن ئوخشايدۇ. بۇ تەقدىردىن قۇتۇلماققا ھېچكىم قادىر بولالماس، — دەيتتى. لېكىن ئۇنىڭدا بۇ سۆزلەرگە سالىدىغان قۇلاق يوق. قىلىدىغان ئىشى نالە-زار قىلىپ يىغلاش ئىدى.

ئەلقىسسە، گۈلشاھنىڭ نالە-پەريادىغا ھېچكىم ئىلتىپات قىلمىدى. توي جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، پۈتكۈل قەبىلىگە بىرنەچچە كۈن ئاش تائام تارتىپ،

www.uyghurkitap.com



كېيىن گۈلشاھنى ئاشۇ خوجىغا نىكاھلاپ بەردى. بىچارە گۈلشاھ مەيۇسلىنىپ يىغلا-يىغلا نىكاھلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. شاھ مۇھسىن ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ:

— ئەي ئەزىزلەر، مېنىڭ ئەسلى نەسەبىمنى بىلسەڭلار، مەن سودىگەر ئەمەس، بەلكى شام مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بولىمەن. ئىسمىم شاھ مۇھسىن. نۇرغۇن ۋىلايەتلەر مېنىڭ يولباشچىلىقىمغا قاراشلىق. شۇڭا مېنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر رۇخسەت بولسا ئۆز شەھىرىمگە يانسام، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان قەبىلىنىڭ ئۇلۇغلىرى نۇرغۇن تەزىم ۋە ئىكراملار بىلەن:

— ئىختىيار، پادىشاھىمىز ئۆزلىرىدە بولغاي، — دېدى. شاھ مۇھسىن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ كەتمەككە ھازىرلاندى.

گۈلشاھنىڭ بىر يېقىن دوستى بار ئىدى. قانداق سىرى بولسا، ئۇنىڭغا ئېيتاتتى. گۈلشاھ شۇ قىزنى چاقىرىپ:

— ساڭا بىر ئامانەت تاپشۇرىمەن. ئۇنى ۋەرەقە كەلگەندە تاپشۇرۇپ بەرگەيسەن. ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ قويغىن. ئۇ سەرگەردان ئاشىق بىچارە دائىما يىغلاپ، كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماي بىقارارلىقتا يۈرسە، ساڭا قالدۇرغان بۇ تىللا ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. مۇبادا ئۇ گاھ يىغلاپ، گاھى كۈلۈپ ئويناپ يۈرسە بىلگىنكى، ئۇ راست ئاشىق ئەمەس. ئۇ ھالدا بۇ ئۈزۈكنى ھەرگىز بەرمىگىن. مەندىن خەۋەرمۇ يەتكۈزمىگىن، — دەپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ۋەسىيەتلەرنى قىلدى.

قىزمۇ گۈلشاھنىڭ پەرمانلىرىنى جان دىلىدىن قوبۇل قىلدى. ئاندىن گۈلشاھ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋېتىپ، كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزغان ھالدا:

— ئەي سىردىشىم، ئۇ جىگىرى كاۋاپ بولغان جاپاكار بىچارىگە، مەن غېرىب ئاۋارىدىن، يەنى قوۋم-قېرىنداشلىرىدىن جۇدا بولغان بىر مىسكىن قىزدىن سالام ئېيتقايسەن، مېنى يۈز ھەسرەت-نادامەت بىلەن، مىڭ ئاھ-پۇرقەت بىلەن ئۆز دىيارىدىن چىقىپ شام ۋىلايىتىگە كەتتى دېگەيسەن، — دېدى.

گۈلشاھ شۇ سۆزلەرنى تاپىلاپ بولۇپ، يىغلاپ قاقشىغان پېتى ئالتۇن كاجۇۋىغا ئولتۇرۇپ شامغا قاراپ يول ئالدى، مۇھسىن شاھ مەقسەت گۈلىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بەھرىدىن تېخى ھۇزۇر ئالمايلا يولغا راۋان بولدى. نەچچە مەنزىللەرنى بېسىپ شامغا يېقىن بېرىۋىدى، شام خەلقىنىڭ چوڭىدىن تارتىپ كىچىككىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ باشلىرىدىن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى چاچقان ھالدا شامغا ئېلىپ كىردى. تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەممە ئۇلۇغلار بىر-بىرلەپ ھال-ئەھۋال سوراشتى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ:

— بەزمە ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ، كېچە-كۈندۈز بەزمىگە تۇتۇش قىلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى. بارلىق ناخشىچى ۋە سازەندىلەر يىغىلدى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز بەزمىگە مەشغۇل بولدى. ئاندىن كېيىن، پۇقرالارغا داستىخانلار سېلىپ ئاش تارتىپ

تويىنى تامام قىلدى.

كەچتە پادىشاھ گۈلشاھنىڭ ۋەسلىگە ۋاسىل بولماق ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىن بولاي دەپ يېنىغا كەلدى. گۈلشاھ قولىغا خەنجەر ئېلىپ، ئۆزىگە توغرىلىدى ۋە:

— ئەي، پادىشاھ! شەرىئەتتە بىر خوتۇنغا ئىككى ئەر راۋامۇ؟ ئەگەر ماڭا يېقىن كېلىمەن دېسەڭ، ھازىرلا قېنىمنى ئايىغىڭ ئاستىغا تۆكىمەن. مېنىڭ ۋەرەقە دەيدىغان بىر جانىجان ئاشىقىم بار. ئۇ مېنىڭ تەلپىمدە سەرسان ۋە سەرگەردان بولۇپ كەتكەن، بەلكى بۇ شەھەرگىمۇ كېلەر، — دېدى.

— ئەي بەرنا نازىنىن، — دېدى پادىشاھ، — سېنى مەن نۇرغۇن مېھنەت-مۇشەققەتلەر تارتىپ ئېلىپ كەلدىم، لېكىن ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، سەندىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. سېنى ئۆزۈمگە سىڭىل قىلدىم. ۋەسلىڭگە ۋاسىل بولالمىساممۇ، دىدارىڭغا مۇشەررەپ بوپتىمەن. سېنىڭ بۇ قەدەر ۋاپادارلىقىڭغا ئاپىرىن! شۇنچە دۆلەتلەرنى نەزەرىڭگە ئىلماي، ئاشىقىڭنىڭ ئەھدە-پەيمانىنى بۇزماپسەن. ئەمدى مېنىڭ سارىيىمدا پۈتۈنلەي بەھۇزۇر ھالدا ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇپ تۇرغىن. مۇبادا، ئۇ بىچارە ئاشىقىڭ كېلىپ قالسا، سېنى ئۇنىڭغا تاپشۇراي.

گۈلشاھ شاد-خۇراملىقتا پادىشاھقا دۇئا قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئادىل! ئاللاتائالا دۆلىتىڭنى بۇنىڭدىنمۇ زىيادە قىلىپ، دۈشمەنلىرىڭنى پىيادە قىلسۇن! — دېدى. پادىشاھ چىقىپ كەتتى، گۈلشاھ شۇ يەردە ئارام ئېلىپ قالدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گۈلشاھنى بۇ يەردە قويۇپ بىرنەچچە كەلىمە سۆزنى ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئاشىقىدىن ئاڭلايلى.

ۋەرەقە يەمەن ئېلىدە بىرنەچچە ۋاقىت تۇرغان بولسىمۇ، تېنى يەمەندە، جېنى بولسا جانانىنىڭ يېنىدا ئىدى. سېلىم شاھدىن رۇخسەت سورىدى، سېلىم شاھ ئۇنىڭغا تۆت يۈز تۆگىگە ئەتلەس، شايى يۈكلەپ، ھەر بىر تۆگىگە بىردىن ئاي يۈزلۈك خىزمەتكارنى مەسئۇل قىلىپ، مىڭ نەپەر قابىل ئەسكەرنى قوشۇپ ئۆز جايىغا يولغا سېلىپ قويدى.

ئۇ بۇلار بىلەن نۇرغۇن مەنزىل-ماكانلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۆز قەبىلىسىگە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. قەبىلىگە ئۆزى يالغۇز يېقىنلاپ كەلدى. قارىسا، قەبىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قارىلىق كىيگەن، ئۇنىڭ ئالدىغا ھىلال چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ قارا كىيىم كىيگەنىدى، ۋەرەقە:

— قەبىلىمىزدە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىغاندا، ھىلال ئاھۇ پەرياد چېكىپ:

— مەشۇقىڭىز سىزدىن كېيىنلا ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. قايتىپ كېلىپ بىتاپ بولۇپ، بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئۇنى ئەتىگەندە كۈن پاتقاندەكلا تۇپراققا قويدۇق، شۇندىن بېرى نە مەندە، نە ئانىسىدا چىدام-تاقەت يوق. قەبىلىدىكىلەرمۇ بىزگە ھازا تۇتۇشۇپ بەردى. ئۇلار: «قاندان قىلىمىز، خۇدانىڭ قىسمىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتكەنىكەن»
دەپ زار-زار يىغلاشتى.
ئەمما ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى.
گۈلشاھنى ئانىسىنىڭ مىكرى بىلەن
مۇھسىن شاھقا يوشۇرۇن بېرىپ، كېچىسى
بىر قوينى ئۆلتۈرگەن. ئۇنى ئانىسى
يۇيۇپ - تاراپ كېپەنلىگەن. ئاندىن:
«گۈلشاھ ئۆلۈپ قالدى» دەپ ئۆزىنىڭ
ياقىسىنى ئۆزى يىرتىپ يۈزلىرىنى تىرـ
ناپ، نالە - پىغان بىلەن ھەممە قەبىلىگە
خەۋەر قىلغان. گۈلشاھنىڭ جىنازىسى،
دەپ، نامىزىنى ئوقۇپ، كۆمۈۋەتكەنىدى.
ئەلقىسسە، گۈلشاھنىڭ ۋاپات بولـ
غانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋەرەقەنىڭ بېشىدىن
ھوشى كېتىپ يىقىلدى، يەنە ھوشىغا
كېلىپ، شۇنداق نالە-زارغا چۈشتىكى،
ئۇنىڭ زارىغا پەلەكتىكى مالائىكىلەرمۇ
تاقەت قىلىپ تۇرالماي يىغلىشىپ
كەتتى. كۆز ياشلىرى گوياكى توپان
سۈيىدەك ئاقتى. ۋەرەقە:
— ئەي قوۋمىم، مېنى شۇ گۈلزاـ
رىمىنىڭ مازارىغا ئېلىپ بېرىڭلار، —
دېدى. ئۇنى قوي كۆمۈلگەن گۆر ئۈستىـ
گە ئاپىرىپ كۆرسەتتى. ۋەرەقە: «مەن
ئۇ يارى مەھبۇبىمىز قانداق تىرىك
يۈرەرمەن؟» دەپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ
ئۆزىگە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، كىشىلەر
ئۇنىڭ قولىدىكىنى تارتىۋېلىپ، ھەر
تەرەپتىن نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.
لېكىن بۇ نەسىھەتلەر ئۇنىڭ قولىقىغا
كىرمەس ئىدى. يىغلاشتىن بىردەممۇ
توختىمايتتى. باشقىلار:
— ئەي ۋەرەقە، مۇسىبەتنىڭ
ئارقىسىدىن ھېچكىم ئۆزىنى ھالاك قىلـ
مىغان. تەڭرىنىڭ تەقدىرى ۋە قازاسىغا

رازى بولۇپ، بالاسىغا سەۋر قىلماق
بەندىنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاتائالاغا
نېمىشقا مۇنداق قىلدىڭ؟ دەپ نارازى
بولغىلى بولماس. بۇنداق قىلسا، ئاسىي
بولىدۇ. ئۇنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم
قالىدۇ. يىغلاشتىن ھېچ ئىش ھاسىل
بولمايدۇ. مىڭ يىغلىغان بىلەنمۇ گۈلـ
شاھ قايتا تىرىلىپ كەلمەيدۇ. پايدىسىز
نالە-زاردىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ.
ئۆزۈڭنىڭ مەئىشىتى بىلەن بولغىن، —
دەپ نەسىھەت قىلىشاتتى.
شۇنىڭ بىلەن ۋەرەقە بىر مەھەل
تەسكىن تاپتى. قەلبىدە ئۇلۇغلىرى يەنە
نەسىھەتكە ئېغىز ئاچتى.
— تەڭرى ئادەمنىڭ ئۆلۈم-كۈرۈـ
مىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۇنى ئۆزگەرـ
تىشنى تىلەپ يىغلىغان بىلەن خۇدانىڭ
ھۆكمىگە رازى بولمىغانلىق بولىدۇ.
— ئەمما ۋەرەقەگە بۇ نەسىھەتلەرـ
نىڭ قىلچە تەسىرى بولمىدى. نە كېچە
ئارام ۋە نە كۈندۈز تائام، نە سەۋر-قارار
ئۇ يار ھىجرىدە زار-زار يىغلاپ يۈرەتتى.
ھېچ تاقىتى بولماي تەڭرىگە «ئۇنىڭدىن
جۇدا بولغۇچە تايىنلىق مەنىمۇ ھاياـ
تىمىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈرگىنىم ياخشى»
دەپ ئەرز ئېيتاتتى. مەجنۇنلارچە نالەـ
پەرياد قىلىپ، كۆيۈپ ياناتتى. نە ئۇيقۇ
ۋە نە تائامغا ئىختىيارى ۋە ھېچكىم
بىلەن سۆزلەشمەككە مادارى يوق ئىدى.
ئەلقىسسە، گۈلشاھ ۋەسىيەت
قالدۇرغان، قىز ۋەرەقەنىڭ رەڭگىنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭ ساپ دىل بىلەن ئاشىقـ
لىقىنى پەملىدى. ئاندىن بىر كېچىنى
«ۋەرەقەنى غەم بەندىدىن ئازاد قىلاي»
دەپ ۋەرەقەنىڭ ئاجىزانە كەپىسىگە

قەدەم بېسىپ كەلدى.

— ئەمدى، بىكارغا نالە-زار ئەتمە، ساڭا بىر سۆزۈم بار، مەن بايان قىلاي. سەن كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتقىن. ۋەرەقە بۇنى چۈشەنمەي:

— ئەي قىز، مەندىن يىراق تۇرغىن، سېنىڭ جامالىڭ ئالەمگە نۇر چاچىدىغان قۇياش بولغان تەقدىردىمۇ ساڭا مەيلىم يوق. مەندىن ئۈمىد كۈتمە، — دېدى. قىز:

— مېنىڭمۇ ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالغىنى يوق، پەقەت ساڭا گۈلشاھتىن نىشانە بەرگىلى كەلدىم، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەرەقە دەرھال قىزنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى-دە:

— خۇدا ھەققى مېنىڭ بۇ زەبۇن ھالىمغا رەھىم قىلغىن، — دېدى.

— ئەي ۋەرەقە، — دېدى قىز، — بىلەمسەن، گۈلشاھ نەگە كەتتى؟ قانچىلىك مۇشەققەت چەكتى؟

— ماڭا ئۇ پەرىزاتنىڭ ئەھۋالىنى، ئاھ-زارىنى بايان قىلغىن، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ۋەرەقە.

— ئەي ۋەرەقە، ئاشىقلىقتا سادىق ئەمەسكەنسەن. ئەگەر چىن سادىق ئاشىق بولساڭ ئىدىڭ، ئۇنىڭ گۆرىنى كولاپ بۇ نالە-پىغانىنى كىم ئۈچۈن قىلىپ يۈرگەنلىكىڭنى كۆرگەن بولاتتىڭ. بىلمىگەن بولساڭ ئاگاھ بولغىنكى، بۇ مەككار زالىملار بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ، شۇ گۆرگە كۆمدى. ئاندىن «گۈلشاھ ئۆلدى» دەپ يالغاندىن نالە قىلىپ، بىكارغا ھازا ئاچتى. ئۇلار شۇ تەدبىر بىلەن سېنىڭ كۆڭۈل زارىڭنى سوۋۇتماقچى بولدى. ئۆزلىرى بولسا، شام پادىشاھىنىڭ كۆپ مال-دۇنياسىنى ئېلىپ، گۈلشاھنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. ھىلال مەككار خوتۇننىڭ كەينىگە كىرىپ شۇ قاتارلىق ھىيلىلەرنى قىلدى.

قىز شۇ سۆزلەردىن كېيىن گۈلشاھنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تىللا ئۈزۈكىنى بەردى.

ۋەرەقە قىزغا كۆپ دۇئا-تەشەككۈرلارنى ئېيتتى. ئاندىن بېرىپ ئۇ گۆرنى كولاپ كۆردىكى، بىر قوينى كۆمۈپ قويۇپتۇ. بۇ قوينى چىقىرىپ تاشلاپ، كېلىپ ھىلالغا ئېيتتى.

— ئەي نومۇسسىز! تەڭرىدىن قورقمىدىڭمۇ؟ خەلقتىن ھايا قىلمىدىڭمۇ؟ قايسى شەرىئەتتە بىر خوتۇننى ئىككى ئەرگە بېرىش جائىزكەن؟ قىيامەت كۈنى ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟

ھىلال بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمىدى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ مادارى يەتمىدى.

شۇندىن كېيىن بىچارە ۋەرەقە يەنە سەپەر جابدۇقىنى راسلاپ شام ۋىلايىتىگە بېرىشنى ئىختىيار ئەتتى. قورال-ياراغلىرىنى ئېسىپ، ئارغىمىقىغا مىنىپ قامچا ئۇردى. ئات شام تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ ھېچبىر ھەمراھسىز ئۆزى يالغۇز تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، شامغا يېقىن كەلدى. ئۇ «ئەمدى يارىمغا يېقىن كەلدىم» دەپ خۇشاللىقتا كېتىپ باراتتى. تۇساتتىن بىر يىگىت پەيدا بولۇپ يولىنى توستى:

— ئەي ياش يىگىت، ئەگەر جېنىڭدىن ئۈمىدىڭ بولسا، ئاتتىن چۈش،

قورال-ياراغلىرىڭنى ماڭا بېرىپ جىنىڭنى قۇتقۇز. ئەگەر مۇنداق قىلمايدىكەنسەن، ئۇن جىنىڭ بولسا بىرسىمۇ ئامان قالمايدۇ،— دېدى ۋەرەقەگە.

— ئېيتىم بىلەن قوراللىرىمنى نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ۋەرەقە.

— ئات بىلەن قوراللىرىڭنى بېرىپ كېتىۋەر.

— ئۇنداق سۆزلىرىڭنى ئۆيدە چاق ئىگىرىدىغان خوتۇنىڭغا ئېيتقىن. مەن ئۆزەمگە چىرىشلۇق قۇۋۇتىم بار ئەركەكمەن!

ۋەرەقە شۇنداق دېيىشىگە بۇ ئوغرى دەرھال كامانغا ئوقنى بىسىپ ۋەرەقەگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ۋەرەقە ئۇنى رەت قىلىپ، ئارقىسىدىنلا ئوقيا بىلەن قايتۇرۇپ شۇنداق سالدىكى، ئۇ ئوغرىنىڭ ناپاك جېنىنى دوزاخقا يوللىدى. شۇنداق تۇراتتى، يەنە بىر ئوغرى ھەملە قىلدى. ئۇنىمۇ بىر گۇرزىدە يەر بىلەن يەكسان قىلدى. بۇ ئوغرىلارنىڭ قىرىق زەڭگىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مىڭ مەرد پالۋاننى يىقىتاتتى. بىردىنلا بۇ قىرىق زەڭگى تەڭلا ئات قويدى. ۋەرەقە تەگرىنىڭ ياردىمىگە تەۋەككۇل قىلىپ، شۇنداق جەڭ قىلدىكى، گويا ئاچ بۆرە قويغا تەگكەندەك ئۇدۇل كەلگىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەردى. ئۇلاردىن ئوتتۇز ئىككىسى ئۆلۈم دۇنياسىغا سەپەر قىلدى. قالغانلىرى تاقەت قىلالماي قاچتى. بىچارە ۋەرەقەنىڭ نەچچە يېرى ياردار بولۇپ، دەرمانى قالمىدى. ئاتنىڭ يالىغا يېپىشىپ، بىھوش ھالدا ئاتنىڭ ئىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئات كېچىسى شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ، سەھەر ۋاقتى بولغاندا، ۋەرەقەنى جەننەت سۈپەت بىر باغقا ئەكىرىپ، دەرەخ تۈۋىگە تاشلىدى.

بۇ باغ مۇھسىن شاھنىڭ بېغى ئىدى. شاھ بەزى-بەزىدە تاڭ سەھەردىلا بۇ باغقا چىقىۋېلىپ تاماشا قىلاتتى. تازازا، شۇ سەھەرلىكى مۇھسىن شاھ باغ تاماشىسىغا چىققانىدى. دەرەخ ئاستىدا ھەممە ئەزالىرى قان ئىچىدە ياتقان بىرنە يىگىتنى كۆردى. ئۇ ياريلانغان بولسىمۇ، غايەت زور پالۋانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كۆپ ئەپسۇسلار قىلدى ۋە: «ھەي، شۇنچە زىبا بىر يىگىت قان ئىچىدە يېتىپتۇ. جېنى بارمىدۇ، يوقمىدۇ؟ ئەگەر جېنىلا بولسا بىر ئىلاجىنى» دەپ بىر يىگىتنى بۇيرۇدى. يىگىت بېرىپ كۆرۈپ كەلدى.

— جېنى بارئىكەن. ئەمما بەدەنلىرى ئوق زەربىسىدىن ھۆتمە تۆشۈك بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

شاھنىڭ ئاڭا رەھمى كېلىپ دەرھال تېۋىپنى ھازىر قىلدى. تېۋىپ جاراھەتلىرىنى مەلھەملەپ تاڭدى. قان توختىدى. ۋەرەقە كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، كىشىلەر ئەتراپىنى ئورىۋاپتۇ. ئۇ:

— مەندە نېمە ئىشىڭلار بار؟ — دەپ تەئەددى قىلدى. ئاندىن بىرەيلەن:

— يىگىت، ئېھتىيات قىلىپراق سۆزلىگەيسەن. كەينىڭدە تۇرغىنى شام شەھىرىنىڭ پادىشاھى مۇھسىن شاھ بولىدۇ، — دېدى.

ۋەرەقە ئويلىدىكى: «ئۆزۈمنى بۇلارغا بىلدۈرمىسەم بولغۇدەك، مۇبادا گۈلشاھنى ئېلىپ كەتكەن كىشى مۇشۇ

بوپقالسا، ماڭا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن» دەپ ئۆزىنى مۇنداق تونۇشتۇردى:

— مەن باغداد شەھىرىدىن بولىمەن، ئىسمىم يەھيا. ئەسلىدە بىر سودىگەر ئىدىم. يولدا قىرىق نەپەر قاراقچى يولۇقۇپ، مەن بىلەن ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇز ئىككىسىنى ئۆلتۈردۈم. قالغانلىرى تاقەت قىلالماي قاچتى. ئۆزۈممۇ ئېغىر ياردار بولۇپ، بىھوشلۇقتا ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتىم. ئات مەن غېرىب مىسكىننى مۇشۇ دەرەخ ئاستىغا تاشلاپ كېتىپتۇ. ئەمدى مەن بۇ يەردە يارۇ يۆلەكسىز قاپتىمەن، — دەپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكتى.

پادىشاھ خۇشال بولۇپ كۆڭلىدە: «بۇ سودىگەر ئەمەس، بەلكى بىر نامدار پالۋان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇزايىدىن شاھزادىلىكى نامايان بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئەسلىدە شاھ مۇھسىن شۇنچە لەشكەرلىرى بىلەن بۇ قىرىق قاراقچىغا ئاجىز كېلىپ، ھېچبىر ئىلاج قىلالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ تېۋىپقا:

— بۇ يىگىتكە ياخشى قارا. ئۇنى ئوبدان ساقايتساڭ، كۆپ ئىنئام بېرىمەن. ئەگەر بىپەرۋالىق قىلىپ، ياخشى داۋالىمىساڭ، سەنمۇ بۇ دۇنيادا يۈرەلمەيسەن، ئۇنى مېنىڭ مېھمانخانامغا ئاپىرىپ باقىن، — دەپ ئەمر قىلدى.

تېۋىپ ۋەرەقەنى شاھنىڭ مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ، ئاستىغا ئەتلەس، شايىدىن تۆشەكلەر سېلىپ ياتقۇزدى. ياخشى يەرگە جايلاشقان ۋەرەقە يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

شاھ مۇھسىن ئاشۇ قاراقچى ئوغرىلارنىڭ كەينىدىن ئۇرغۇن لەشكەر ئەۋەتىپ، ئۆزى گۈلشاھنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ھېكايەتكە مەشغۇل بولدى:

— مەن سۇبھى ۋاقتى بىلەن گۈلىستان باغىنى سەيلە قىلىپ يۈرەتتىم. بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر بەرنا يىگىت لالە كەبى قانغا بويىلىپ يېتىپتۇ. بەدەنلىرى نەچچە يەردىن يارا بولغان. گويا ئۆلۈكتەكلا ئىدى. شۇ چاغدا تېۋىپنى چاقىرىپ جاراھەتلىرىنى تاڭدۇرۇۋىدىم، قانلار توختاپ ئۆزىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئەھۋالىنى سورىۋىدىم، «مەن باغدادتىن بولىمەن. ئىسمىم يەھيا، ئۆزۈم سودىگەر ئىدىم، يولدا ماللىرىمنى قاراقچىلار ئالدى. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئوتتۇز ئىككىسىنى ئۆلتۈردۈم، ئۆزۈممۇ ياردار بولۇپ، ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتكەنتىم، ئۆزۈمنى مۇشۇ يەردە كۆردۈم» دېدى. ئۇ يىگىت كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىكى، ھۆسن-جامال، قەددى-قامەت ۋە شەكىل-سىياقتا سەن گۈلشاھقا ئوخشاتتىم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى دىلىمغا چۈشۈپ، تېۋىپلارغا تاپشۇردۇم، — دېدى.

گۈلشاھ ئىچىدە «ماڭا ۋەرەقەدىن باشقا ھېچكىم ئوخشىمايدۇ» دەپ ئويلىدى.

تېۋىپلار ۋەرەقەنى قىرىق كۈن پەرۋىش قىلدى. ئۇنىڭ جاراھەتلىرى ياخشىلاندى. لېكىن گۈلشاھنىڭ دىدارىغا ئىشتىياقى زىيادە بولۇپ، سىرىنى كىمگە ئېيتىشىنى بىلمىدى. شۇ ھالەتتە تۇراتتى، ئىنىكئانا خوتۇن ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شەربەت ئېلىپ كىردى. ئۇ شەربەتنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن «ئۈزۈكنى مۇشۇ خوتۇندىن ئەۋەتەيمىكىن» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئەرز ـ ھالىنى بايان قىلدى. ئىنىكئانا دېدىكى:

ــ سەن گويااكى ئۆلۈك ئىدىڭ، شاھ ياخشىلىق قىلىپ، جاراھەتلىرىڭنى ساقايتتى. ئەمدى كېلىپ شاھنىڭ ھەرىمىگە مۇشۇنداق خىيانەت قىلامسەن؟! ئەخمەق ۋە نادان ئادەمكەنسەن. مۇشۇنداق بولغانلىقىڭدىن تەگرى سېنى مۇشۇ بالالارغا مۇپتىلا قىلغانىكەن ـ دە! ئەگەر بۇ رايىڭدىن قايتمىساڭ، شاھ بىلىپ قالىدىغان بولسا، ساڭا قاتتىق جازا بېرىدۇ!

ۋەرەقە دەرھال تىللا كەمىرىنى يېشىپ ئۇ خوتۇنغا بەردى ۋە:

ــ ئەي ئانا، بۇ كەمەرنى ساڭا بەردىم. بىلگىنكى، مېنىڭ پادىشاھنىڭ ھەرىمى بىلەن ئىشىم يوق. ئەمما بۇ ئۈزۈكنى باشقا بىر ئادەم «گۈلشاھقا بېرىپ قوي» دەپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن دەپ مۇشۇنداق بالالارغا مۇپتىلا بولدۇم. مۇشۇ ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بېرىپلا قويساڭ بولاتتى، ــ دېدى.

ــ بۇنى قانداق بېرەرمەن؟ ــ دېدى ئىنىكئانا.

ــ گۈلشاھ قاچان شەربەت دەپ قالسا، شەربەت قاچىسىنىڭ تېگىگە سېلىپ بەرسەڭ بولىۋېرىدۇ. ئۇ بۇ ئۈزۈكنى كۆرگەن ھامان ئەھۋالنى ئۆزى سورايدۇ. شۇ چاغدا سەن: «ھېلىقى بىتاپ يىگىتكە شەربەت ئېلىپ بارغاندىم، ئۇ شەربەت ئىچىۋاتقاندا قولىدىن ئاجراپ چۈشۈپ قالغان

ئوخشايدۇ» دەپ قويساڭ ئىش تۈگەيدۇ، ــ دېدى.

ئىنىكئانا ئۈزۈكنى بارگاھىغا ئېلىپ بېرىپ، گۈلشاھ ئۈچۈن خورما ئېزىپ سۈت بىلەن شەربەت تەييارلىدى. ئۈزۈكنى قاچىغا تاشلاپ گۈلشاھقا بەردى. شېرىن لەۋ گۈلشاھ شەربەتنى ئىچىپ بولۇپ قارىسا، قاچىسىنىڭ تېگىدە مەھبۇبىنىڭ ئۈزۈكى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ دىلىدىن بىر ئاھ تارتتى ۋە بىھوش بولۇپ تەختتىن تۇپراققا يىقىلدى. خېلى زامانلاردىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئىنىكئانىسىدىن سورىدى:

ــ بۇ ئۈزۈكنىڭ ئىگىسى نەدە تۇرىدۇ؟

ــ ھېلىقى مۇساپىر يىگىتكە شەربەت ئېلىپ بارغانتىم. شۇ چاغدا چۈشۈپ قالغانمىكىن.

ــ ئەي، ئانا، ــ دېدى گۈلشاھ شۇ چاغدا، ــ مېنىڭ بېشىم سېنىڭ ئايىغىڭ ئاستىدا بولسۇنكى، بىر پىكىر قىلىپ، ئۇنى مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسەڭ. ساڭا ئۇلۇغ ساۋابلار بولغاي ئىدى. مەن بۇ ئۈزۈكنىڭ ئىگىسىنى بىر كۆرەي.

ئىنىكئانا يۈگۈرۈپ چىقىپ ۋەرەقەنىڭ ئالدىغا كىردى:

ــ ۋاي يىگىت، چاققان بولۇپ ئۆيدىن چىق، جامالىڭ كامالىڭنى ئۇ پەرىزات گۈلشاھقا كۆرسەتمىسەڭ، دىۋانە بولۇپ ھالاك بولغۇدەك.

ۋەرەقە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى. گۈلشاھ ۋەرەقەنى كۆرگەن ھامان تەختتىن ئۆزىنى تاشلاپ، بىھوش بولدى. ۋەرەقە ئۇ مەشۇقەلى تىزىغا ئېلىۋېدى گۈلشاھنىڭ

گۈل بەرگىدەك ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ ئۇمۇ بىھوش بولدى. بۇلارنى كۆرگەن ئىنىكئانىلارنىڭ بىرى گۈلاپ، يەنە بىرى ئەتىرلەرنى ئەكىلىپ، يۈزلىرىگە سىپەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىپ، يەنە يىغلايتتى. ئاخىر ئىلاج بولماي شاھقا خەۋەر قىلىشتى. شاھ كېلىپ بۇلارنى بۇ ھالدا كۆرۈپ رەھمى كەلدى ـ دە، نەچچە چارە ـ ئاماللار بىلەن ھوشىغا كەلتۈرۈپ، گۈلشاھتىن سورىدى:

— بۇ بەرنا يىگىت كىم بولىدۇ؟ راستىڭنى ئېيتقىنىڭكى، ئۇنىڭدىن ساڭا نېمانچە مۇھەببەت زاھىر بولىدۇ؟

— بۇ يىگىت، — دېدى گۈلشاھ جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ تېنىمدىكى جېنىم، كۆڭلۈمدىكى ئارزۇ ـ ئارمىنىم. بوستانىم ۋە گۈلىستانىم. ئاشىق جانانىم ۋەرەقە ئاتلىق ئەمەكزادەم بولىدۇ. بۇ بىچارە مېنىڭ ئۈچۈن يەرمۇ يەر يۈرۈپ قىينالسا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە قان يۇتۇپ تۇرۇرمەن. ئەي پادىشاھ، ئەگەر بۇ جانان بۇ دۇنيادا تۇرمىسا، مېنىڭمۇ بۇ دۇنيادا تۇرمىقىم مۇمكىن ئەمەس. قازا مېنى ئۇنىڭدىن جۇدا قىلمۇدى، ئەلھال، ئەمدى تېنىمگە جان كىردى.

بۇنى ئاڭلىغان شاھ دەرھال تەختكە بېرىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئىككىسىنى چاقىرىپ مېھمان قىلماقنىڭ كويىغا چۈشتى. شاھ ئىككىسىنى شۇنداق ئالىي مېھمان قىلدىكى، نازۇ نېمەتلەر ھەددى ـ ھېسابسىز تۆكۈلدى.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، شاھ ۋەرەقەلى بىر چەتكە تارتىپ:

— ماڭا باشتىلا ئۆزۈڭنى بىلدۈرمىدىڭ. مەن بىلگەن بولسام، ساڭا خىزمەت قىلغان بولاتتىم. ئەمدى كۆڭلۈڭگە مەندىن ھەرگىز يامان ئەندىشىلەر كەلمىسۇن. خۇداغا شۈكرى، مەن سېنىڭ ئامانىتىڭگە خىيانەت قىلمىدىم. ئەي ۋەرەقە، سېنى كۆرۈپ ئىككى جەھەتتىن خۇرسەنىد بولدۇم. بىرى، گۈلشاھنىڭ نالە ـ زارىدىن قۇتۇلدۇم. ئىككىنچىدىن، ئامانىتىڭنى سالامەت تاپشۇردۇم. مەن ئەمدى پادىشاھلىقنى تاشلاپ، ئىككىڭلارغا خىزمەت قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشۇڭلارنى بىمالال ئەيش ـ ئىشرەتتە ئۆتكۈزۈڭلار، — دېدى.

شاھ مۇھسىن شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئىككىسىنى بۇ خىلۋەتتە قويۇپ ئۆزى چىقىپ كەتتى. كەچتە: «بۇلارنىڭ ئىشقى راستىمۇ ياكى يالغانمۇ؟» دەپ، شۇ ئۆينىڭ يېنىدا يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قېلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىشىپ گاھ يىغلاشسا، گاھ بىھوش بولاتتى. گاھ ۋەرەقە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلاتتى. گاھى گۈلشاھ ئانىسىنىڭ قىلغان جەبىر ـ جاپا، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى سۆزلەپ يىغلىشاتتى ۋە گاھى قوللىرىنى سۆيۈپ كۆزلىرىگە سۈرتەتتى. ئۇلار تاڭنى شۇ تەرىقىدە ئاتقۇزدى.

شاھ مۇھسىن بىلدىكى، بۇلاردىن يامان ئىش سادىر بولمىدى. پادىشاھ بۇلارنىڭ پاكلىقلىرىغا كۆپ تەھسىن ـ ئاپىرىنلار قىلدى. ئەتىسى كېلىپ ئەھۋاللىرىنى سورىدى. بۇلار پادىشاھنىڭ بۇ تەرىقە لۇتپىنى كۆرۈپ:

شاھنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، بىز قۇللىرى ئۆزلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ تەرىقە لۇتفى - ئېھسانلىرىدىن ئەبەدىلئەبەد رازىدۇرمىز، — دەپ دۇئا قىلىشتى.

پادىشاھ يەنە ئۇلارغا كۆپ ئىنئام-ئېھسانلار قىلدى. ۋەرەقەنىڭ بېشىغا تاج كىيدۇرۇۋىدى، بىر ھۆسنىگە يۈز ھۆسن قوشۇلدى. شاھ مۇشۇ تەرىقە ئەيش - ئىشرەتلەر بىلەن يەنە قىرىق كۈن مېھمان قىلىپ ئۆزى كۆزەتتى. ئەمما بۇلاردىن بىغەرەزلىككە ئائىت ھېچقانداق ئىش كۆرمىدى. شاھ يەنە نۇرغۇن لۇتفى - كېرەملەر قىلىپ، ئۇلارنى شامدا تاكى ئالتە ئايغىچە تۇرغۇزدى:

بىر كۈنى ۋەرەقە گۇلشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەمدى، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، ئۆز ۋىلايىتىمگە كېتەي. ئۇرۇق - تۇغقانلارنى كۆرۈپ يەنە كېلەرمەن، — دېدى.

گۇلشاھ بۇ گەپنى ئىشىتىپ، نالە - زار ئىچىدە ۋەرەقەگە:

— مەن ساڭا ئەسلا دام قۇرمايمەن. مېنىڭ زارىمغا رەھىم قىلىپ يېنىمدىن ئايرىلمىغىن. مېنى بۇ يەردە مۇشۇنداق قانداقمۇ تاشلاپ كېتىسەن؟ مېنى بۇ يەردە غۇربەت ھىجران ۋە پۇرقەت - دەردلەرگە مۇپتىلا قىلماققا كۆڭلۈڭ ئۇنارمۇ؟ — دەپ زار - زار يىغلىدى.

— ئەي يارۇ جانانىم، — دېدى ۋەرەقە، — سەندىن بىردەم جۇدا بولماققا ئەسلا تاقىتىم يوق. ئەمما، پادىشاھ تەرەپتىن كۆپ ئەندىشىدىمەن. ھەر چەندە قىلغان بىلەن، ئۇ دېگەن رەقىب. ئۇنىڭ ئاپىتىدىن ئىمىن تاپقىلى بولمايدۇ. مۇبادا، بىر كۈنى غەزەپ قىلىپ قالسا، بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. ئەمما بىلمەنكى، شاھ، ساخاۋەت ۋە ئاتىدارچىلىقنىڭ كانى ئىكەن. ئاناڭ سېنى ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ بەرگەن. ئەمدى سەن ماڭا ھارام، پادىشاھقا ھالالسەن. شۇنداق بولسىمۇ، شاھنىڭ بىنايەت كېرەمى بولغاچقا، سېنى ماڭا قوشۇپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئادەمزات دېگەن دائىم بىر خىلدا تۇرمايدۇ. ئالەمدە، بىر ھال ۋە بىر ئەھدىدە تۇرغۇچى پەقەت ئاللاتائالادۇر. شۇڭا، مۇشۇنچىلىك ئىززەت ئىچىدە كەتكىنىم تۈزۈكرەك بولسا كېرەك. يەنە تەگرى ئىرادە قىلسا، يېنىڭغا كېلىمەن.

— ئەي جان جىگىرىم، — دېدى گۇلشاھ جاۋابەن، — بۇنداق ئەندىشە قىلساڭ، مەن شاھنى ئىمتىھان قىلىپ كۆرەي، شاھ ئاشۇ ھالىتىدە راست تۇرامدۇ، يوقمۇ، ئاڭغىچە سىز ھەرگىز كەتمەڭ، مۇبادا سىز كېتىپ قالسىڭىز شاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ماڭا بەدكار بولمىسۇن يەنە، — دېدى.

لېكىن ۋەرەقە يەنە رۇخسەت سوراپ تۇرۇۋالدى:

— رۇخسەت قىلىڭ، مەن بېرىپ ئۇرۇق - ئايماقلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتىپ كېلەي.

گۇلشاھ ۋەرەقەنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئۆمرۈمنىڭ لەززىتى، سەندىن ئايرىلىپ قانداقمۇ تىرىكلىك قىلارمەن؟ بۇ غەمگە قانداق تاقەت قىلىمەن؟ مەن ناتىۋان، بىر سىقىم تۇپراق سەندىن شۇنى ئۆمىد قىلىمەنكى، يەنە قىرىق كۈن بۇ يەردە تەخىر قىلغىن، ۋىسالىڭ بىلەن

كۆزۈمنى يورۇتاي، دىدارىڭ بىلەن كۆڭۈلۈمنى ئاۋۇتاي، — دېدى.

— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمىدىن نېمە پايدىسى؟ — دېدى ۋەرەقە مەيۇس ھالدا، — ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، چۈنكى مەن بۇ يەردە كۆپ مالالىمەن.

گۈلشاھ ئۇنىڭغا سۆز تەسىر قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاھ-ۋاھ چېكىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۆزىنى تەختتىن يەرگە تاشلاپ ئايدەك يۈزىگە كاچات ئۇرۇشقا باشلىدى. ۋەرەقەمۇ نالە-پىغانغا چۈشتى. بۇ ئىككىسىنىڭ بۇ خىلدىكى دادۇ پەريادلىرىنى ئاڭلىغان يېقىندىكى كىشىلەر شاھقا كېلىپ:

— گۈلشاھنىڭ سەۋداسى يەنە ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بىلمەيۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر بېرىشتى.

شاھ تەختتىن چۈشۈپ كېلىپ قارىسا، بۇ ئىككىسى ھېچ نەرسىنى بىلمەي مەجنۇنلارچە نالە-پىغان قىلىشۇپ ئېيتتۇ. شاھ كېلىپ:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

گۈلشاھ جاۋاب بېرىپ:

— ۋەرەقە ئۆز ۋىلايىتىگە كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەندە سەۋر-تاقەت قالماي، سەۋدايىلاردەك پىغان چېكىپ، ئۆزۈمنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ نالە-زار قىلماقتىمەن، — دېدى.

شاھ ۋەرەقەگە نەسىھەت قىلىپ:

— ئەي ۋەرەقە، بۇ يەردىن كەتمىگىن. مال-دۇنيادىن غەم قىلما، مېنىڭ تۇغرامدىن بولسا كۆڭلۈڭگە ئەسلا يامان گۇمانلارنى كەلتۈرمىگىن. گۈلشاھ مېنىڭ سىڭلىم. مەن سېنىڭ ئاغاڭ بولىمەن.

ئەگەر سەنلا خالىساڭ، شام مۈلكى شاھلىقىنىڭ مۆھۈرىنى ساڭا تاپشۇرۇپ، ئۆزۈم بىر يەردە تەكىيىگە بەندىچىلىك قىلىپ ياتاتتىم ياكى خالىساڭ گۈلشاھنى ساڭا نىكاھ قىلىپ بېرەي، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئەيش-ئىشرەتىڭ بولسا، قىلىپ ياتقىن، — دېدى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دېدى ۋەرەقە، — دۆلىتىڭىز بۇنىڭدىنمۇ زىيادە بولسۇن، سىزنىڭ ئېھسانلىرىڭىزنىڭ چەك-چېگرىسىغا يەتكىلى بولمايدۇ. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئېھسان-مەرھەمەتلىرىڭىز بىلەن خۇش ۋاق بولۇپ، كەمىنە ئۆز يەرزەنتىڭىز قاتارىدا بولدۇم. ئەمدى رۇخسەت بەرگەيسىز، يۇرتۇمغا بېرىپ، قېرىنداش تۇغقانلىرىمنى كۆرۈپ تەگرىم خالىسا، خىزمەتلىرىڭگە يەنە كېلەرمەن. شۇ سەپەرنىڭ سەۋداسى بېشىمغا چۈشۈپتۇ. بارمىسام بولماس.

پادىشاھ بىلدىكى، ئۇنىڭغا سۆز تەسىر قىلماس. شۇڭا ئامالسىز ھالدا:

— ئەمىسە تېزرەك كەلگەيسەن، — دەپ رىزالىق بەردى. شاھتىن جاۋاب ئالغان ۋەرەقە گۈلشاھنىڭ قېشىغا كىردى:

— ئەي يارۇ جانىم، شاھتىنمۇ جاۋاب ئالدىم. ئەمدى خۇش قالغايسەن، — دېدى.

گۈلشاھ بۇنى ئاڭلاپ، شۇنداق نالە-زار قىلدىكى، ئۇنىڭ پەريادى يەر-جاھاننى لەرزىگە سالدى.

ۋەرەقە ۋىدالىشىپ، شامدىن سەپەر قىلماق ئۈچۈن بىر چاكار بىلەن ئاتلاندى. گۈلشاھ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەمكىن قاراپ قالدى. ۋەرەقەمۇ يارىنىڭ جۇدالىق ئىشقىدا كۆيۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، گۈلشاھ شامدا قالدى. ۋەرەقە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەككىگە كەتتى.

ۋەرەقە شۇتەرىقە خارۇ زارلىق بىلەن كېتىپ باراتتى، يولدا بىرى ئۇچراپ:

— ئەي زىبا يىگىت، رەڭگىڭ باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. سېنىڭ نېمە كېسەلىڭ بار؟ ئەگەر دە كېسەلىڭ بولسا ئېيتقىن. مەن تېۋىپمەن. سېنى داۋالاپ ساقايتاي، — دېدى.

— توغرا، مېنىڭ كېسىلىم بار، — دېدى ۋەرەقە، — ئۆزۈڭ تەكشۈرۈپ كۆرگىن، بۇ نېمە كېسەل ئىكەن؟

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ:

— سېنىڭ باشقا كېسىلىڭ يوق. ئىشق كېسىلىڭ بارئىكەن. بۇ كېسەل داۋاسىزدۇر، — دەپ قېيىقالدى.

ۋەرەقە بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر چىمەنزارغا كەلدى. شۇ چاغدا گۈلشاھ يادىغا يېتىپ، چاكارغا:

— سەن بۇ ئاتنى ئوتلىتىپ تۇرغىن، مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوبدانىغىنا ئۇخلىيالمىدىم، — دېدى ۋە چىمەنزارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ يۈزىنى يەرگە يېقىپ، تەڭرىگە مۇناجات قىلىشقا باشلىدى. ئۇ لىباسلىرىنى يىرتقان ھالدا:

— ئەي ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى تەڭرى، مېنى ئۇ جانانىمدىن جۇدا قىلىپ، ھىجران ئوتىدا داغلىدىڭ. كۈندۈزۈمنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇپ، بەختىمنى قارا، كۆڭلۈمنى يارا قىلدىڭ، — دەپ نالە-زار ئىچىدە يىغلايتتى ۋە ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ كۆيگەن يۈرەكلىرىدىن ھەسرەتلىك بىر ئاھ تارتتى-دە، جان تەسلىم قىلدى. بىر چاغدا چاكار كېلىپ قارىسا، ۋەرەقە ئاللىقاچان يەر قۇچاقلاپ

يېتىپ، جېنىنى جانانىغا تاپشۇرۇپ بوپتۇ. چاكار پەرياد چېكىپ يامغۇردەك ياش توكتى. تاسادىپىي يىراقتىن ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. چاكار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مېنىڭ خوجام ۋاپات بولغانىدى، دەپنە قىلىشنى بىلمىدىم. بېرىپ يۇيۇپ كېپەنلەشكە ياردەم بەرسەڭلار، — دېدى.

— ئۆلگەن خوجاڭ قانداق ئادەم ئىدى؟ — سوراشتى ئۇلار.

— خوجام بىر سادىق ئاشىق ئىدى. مەھبۇبىدىن جۇدا بولۇپ، ھىجرانىغا تاپىتاقەت ئېتەلمەي جان تەسلىم قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋەرەقە ئىدى.

بۇ ئىككىيلەن چاكار بىلەن كېلىپ، بۇ بىچارە ئاشىقنىڭ ھالىغا كۆپ يىغلاشتى. كېيىن، يۇيۇپ-تاراپ يەرلىككە قويىدى. ئاندىن ئۇلار ئۆز جايىغا مېڭىشتى. چاكار بۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ سورىدى:

— بۇرادەرلەر، قەيەرگە بارىسىلەر؟

— شامغا بارىمىز.

— ئۇنداقتا، گۈلشاھنىڭ قەسرىدىن ئۆتسەڭلار، ئۇنىڭغا ۋەرەقەنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ قويارسىلەر. سىلەر قەسرنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ۋەرەقە ئۆلدى!» دەڭلار. ئەگەر گۈلشاھ ئاۋازىڭلارنى ئاڭلىسا، گۈلشاھنىڭ ئاۋازىمۇ قۇلىقىڭلاردا ياڭرايدۇ. شۇ چاغدا، بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلغايسىلەر.

بۇ ئىككى مەرد شامغا بېرىپ، گۈلشاھنىڭ قەسرى ئاستىدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ۋەرەقە پالىۋان پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدى! دېگەنىدى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان گۈلشاھتا چىدام-تاقەت قالمىدى. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، سەۋدايىلاردەك يىغلاپ، ھەممە

يەرنى بىر ئالدى. پىغان ـ زارى ئالەمنى قاپلاپ كەتتى. ۋەرەقەنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقانلار شاھقا يەتكۈزۈشتى.

شاھ گۈلشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى.

— سىزگە نېمە بولدى؟

گۈلشاھ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى.

— ئەي ئادالەتلىك پادىشاھ! ۋەرەقە ھىجران ئوتى ۋە غەم دەردىدىن جېنىنى جانانىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئەمدى مەن قانداق تىرىكلىك قىلىمەن؟ ئۇنى جېنىمدىن ياخشىراق كۆرەتتىم. نېمىشقا ئۇنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويغاندىمەن؟ ئەمدى، تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم.

شاھ دېدىكى:

— بۇنداق خىياللارنى قىلغۇچى بولماڭ، ۋەرەقە ئۆلمىدى. ئۇ تىرىك. بۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭ، — دەپ كۆپ تەسەللىلەر بەردى.

ئەمما گۈلشاھ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! بېشىم ئاياغ ـ قەدىمىڭىزگە تۇپراق بولسۇن. مېنى ئۆزىڭىز ھەمراھ بولۇپ ئاپىرىپ، شۇ يەرنى بىر كۆرسىتىپ كەلمىسىڭىز، كۆڭلۈم تەسكىن تاپمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئىككى ئات كەلتۈرۈڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.

شاھ مۇلازىملارغا ئاتلارغا كاجىۋىلارنى باغلاپ گۈلشاھنى ئۇنىڭغا سېلىپ شۇ يەرگە ئاپاردى. يولدا ۋەرەقەنىڭ چاكىرى كېلىپ دەلىل بەردى ۋە ئۇدۇل ۋەرەقەنىڭ قەبرىسىگە ئېلىپ باردى. چاكار قەبرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئارقىدىن گۈلشاھمۇ پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئېتىپ نالە ـ زار قىلىشقا باشلىدى.

— ئەمدى سەنسىز بۇ جاھاندا تىرىك يۈرمەسمەن، — دەپ، كۆكرىكىگە بىر نەچچە سالدى. جېنىنى ئەسىر قىلىپ، ئۇمۇ جانانى بارغان يەرگە كەتتى. شاھ كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئۇرغان خەنجىرى دۈمبىسىدىن چىقىپتۇ. ئۆزى گۈل كەبى قانغا مىلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھنىڭ بېشىدىن ھوشى ئۇچۇپ، ئىختىيارى ئۆزىدىن كەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ھالىغا كۆپ نالە ـ زار قىلىپ، ياقىسىنى چاك ئەتتى. گويا كى ئەقىل ـ ھوشىدىن ئازغان ساراڭدەك بولۇپ قالدى. ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى يىغلىشىپ كېلىپ شاھقا كۆپ نەسىھەتلەر قىلىشتى:

— مۇنداق بىسەۋرى ـ بىتاقەتلىك قىلسىلا، مەملىكىتىمىزنىڭ نىزام ـ قائىدىسىگە ئەسىر يېتىدۇ. مۇسىبەتكە سەۋر قىلماق، ئەگىرنىڭ رەھمىتىگە سەۋەبچى دۇر، — دېيىشتى.

شاھ يىغىدىن توختىدى، ئاندىن:

— ۋەرەقەنىڭ گۆرىنى ئېچىپ گۈلشاھنىمۇ مۇشۇ يەرگە قويۇڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى. ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ئىككىسىنى ھەمراھ قىلىپ بىر گۆرگە قويۇشتى. ئۇستىلارنى توپلاپ، قەبرە ئۈستىگە ئىمارەتلەرنى قۇردى. شاھ يەنە ئۆزى ئۇچۇن بىر ئىمارەت قۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ باغۇ ـ بوستانلارنى تەييار قىلدۇردى. ئاندىن ئۇ قەبرىنىڭ مۇقابىلىدە بىر ئايۋان قىلدۇرۇپ، ئۆزى ئولتۇردى. شۇ يەردە كۆزىنى قەبرىلەرگە تىكىپ ئولتۇراتتى. كېيىن بۇ يەر كاتتا تاۋابگاھقا ئايلاندى. بۇ قەبرىگە ھەرقانداق دەردلىك كىشى كېلىپ تاۋاب قىلسا، دەردىدىن خالاس بولاتتى، بىرەر ھاجەتمەن كىشى كېلىپ ھاجىتىنى تىلىسە ھاجىتى دەرھال راۋا بولاتتى.

(بۇ ئەسەر قولۇمدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شاھزادە بەھرام ۋە مەلىكە دىلرىز

(داستان) *

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھېمىت

قىردىق كۈندىن كېيىن ئاللاتائالادىن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي خەزىنىدارىم خىزىر، رۇم شەھىرىدە ئىسمى مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچا ناملىق بىر قىز بار. بۇ دۇنيادا سۆزمەنلىك ۋە شائىرلىقتا ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغان كىشى يوق. سەن بېرىپ ئۇ مەلىكە بىلەن بېيىت ئوقۇشۇپ ئۇنى يەڭگەندىن كېيىن، مەلىكىنى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى بەھرامغا ئېلىپ بەرگىن. سەندىن باشقا ھېچقانداق كىشى ئۇ مەلىكىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېگەن مەزمۇندا پەرمان چۈشتى. خىزىر ئەلەيھىسسالام پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە رۇم شەھىرىگە كېلىپ، شاھزادە بەھرامنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ھەزرىتى خىزىر بەھرامنىڭ بېشىنى يەرگە قويۇپ، يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى.

— ئەي بەھرام، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — بېشىڭنى كۆتۈر.

بەھرام بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆردىكى، ئالدىدا ساقاللىرى ئاقارغان، نۇرانە بىر كىشى تۇرۇپتۇ. شاھزادە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى. ھەزرىتى خىزىر سالامغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن:

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— ھەزرەتلىرىنى تونۇيالمىدىم.

— ئەي بەھرام، مېنى تونۇيالمىغان بولساڭ ئەمدى تونۇۋالغىن، مەن خىزىر پەيغەمبەر بولىمەن. سېنى مەھبۇبىڭنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزگىلى كەلدىم.

شاھزادە بەھرام خۇشال بولۇپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا باش قويدى. ھەزرىتى خىزىر بەھرامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: «كۆزۈڭنى يۇم» دېدى. شاھزادە كۆزىنى يۇمدى. بىر پەستىن كېيىن: «كۆزۈڭنى ئاچ» دېدى. كۆزىنى ئاچتى. شاھزادە بەھرام ئۆزىنى مەلىكىنىڭ چاھار بېغىدا كۆردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام شاھزادە بەھرامغا:

— ئەي بەھرام، بۇ باغدا شېرىن مېۋىلەردىن يەپ تۇرغىن. مەن مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپ، — ئۇنىڭ بىلەن بېيىت ئوقۇشۇپ، ئۇنى سىزگە ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

شاھزادە ماقۇل بولۇپ باغدا قالدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈرۈپ يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر دوك بوۋاينىڭ سۈرىتىگە كىردى، ئاندىن مۇنارنىڭ تۆ-

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

يىگە چىقىپ كۆمۈش چوكا بىلەن ئالتۇن ناغرىنى شۇنداق چالدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئىسكەندەرنىڭ جەڭ دۇمبىقىدەك شەھەرنى بىر ئالدى. بۇ چاغدا مەلىكە دىلرىبز قەسىر ئىچىدە رۇمنىڭ ئىبسىل ماتاسىدىن ياسالغان قېلىن كۆرپىلەرنى ئاستىغا سېلىپ، ئالتۇندىن كالاۋتۇن تىكىپ باشلىق سالغان تەكىيىگە بېشىنى قويۇپ، زەيتۇندەك كىمخابتىن تىكىلگەن يوتقاننى يېپىنىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ناغرىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىككى قولى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— ئەي گۈلئەندام، سىرتقا چىقىپ قاراپ باققىن. يەنە ئەجىلى تۇشقاندىن بىرى كەپ قالدى بولغاي، — دېدى.

گۈلئەندام سىرتقا چىقىپ كۆردىكى، مۇنارنىڭ تۆپىدە يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرى چوقۇر، ساقاللىرى شالاڭ، بېشى تاز، ئۆزى ئورۇق، قوۋۇزلىرى خۇرجۇندەك، قول - پۇتى مايماق، ئاغزى قىيسىق، كۆزلىرى ئەلەس ئىكەن. ئۇ بەللىرىنى شويندا باغلىۋاپتۇ، ئۇچىسىغا يەتمىش يەرگە ياماق چۈشكەن بىر كونا جۇۋىنى كىيىپتۇ. بېشىغا بىر جۇل قالپاقنى كىيىپ، پۇتىغا ئۆچكە تېرىسىنى چورىنى سىرتىغا قىلىپ شىچورۇق تارتىپتۇ. ئۇنىڭ پايتىمىسى بوۋاينىڭ بىر گەز كەينىدىن سۆرىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ گۈلئەندامنىڭ ئەقلى لال بولدى.

— ئەي بوۋا، — دېدى گۈلئەندام، — بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ هاجىتىڭ نېمە؟ هەرقانداق مۇراد - مەقسىتىڭ بولسا دېگىن.

خىزىر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېدى:

— ئەي كېنىزەك، مېنىڭ هېچقانداق نەرسىگە هاجىتىم يوق. ئاڭلىسام مەلىكىنىڭ دانا شائىرلىقى ۋە ساهىبجامال لىقىنى ئاڭلاپ، هەرقايسى شەهەر، هەرقايسى ۋىلايەتلەردىن شاهزادە، يىگىتلەر ئاشىقلىق دەۋاسىنى قىلىپ كېلىپ، مەلىكە بىلەن شېئىر ئېيتىشالماي باشلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ قانخورلۇقىنى خەلقى ئالەم ئاڭلاپ مەلىكىگە خېرىدار بولۇپ كەلمەيدىغان بولۇپتۇ. ئۇنىڭغا ياش يىگىتلەر خېرىدار بولۇپ كېلەلمىگەن بولسا، قېرى بولساممۇ، مەن خېرىدار بولۇپ كەلدىم. مەلىكىمنىڭ مېڭىپ تۇرۇشى، ئولتۇرۇپ قوپۇشى، هۆسن - جامالى ۋە گەپ - سۆزلىرى كۆڭلۈمگە ياقسا، ئۇنى ئەمرىمگە ئالاي، ياقمىسا ئارقامغىمۇ قارىماي كېتەي، دەپ كەلدىم. سەن كىرىپ مەلىكەڭگە خەۋەر قىلغىن، ئوبدان ياسىنىپ، ئالدىمغا چىقسۇن. تېز بول.

گۈلئەندام بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ قېرى ئەجەب چوڭ گەپ قىلمىدۇغۇ، ئۆزىنىڭ چېنىغىمۇ ئىچى ئاغرىماي پو ئاتقىنىنى قارا» دەپ ئويلاپ:

— ئەي بوۋا، مەلىكىمنى ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلما. نۇرغۇن شاهزادىلەر ۋە نى - نى يىگىتلەر مەلىكىمنى ئالىمىز دەپ كېلىپ شېئىر ئېيتىشتا مەلىكىمنى يېڭەلمەي، باشلىرىدىن ئايرىلدى. سەنىمۇ مەلىكىمگە هەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيسەن، — دېدى.

— ئەي كېنىزەك، — دېدى خىزىر ئەلەيهىسسالام، — مېنىڭ ۋاقتىمنى ئالمىغىن.

www.uyghurkitap.com



مەن مەلىكە بىلەن كۆرۈشمەي بۇ يەردىن كەتمەيمەن، قاراپ تۇرغىن. مەن مەلىكىگە تەگ كىبلەلەمدىم، يوق.

— ئەي بوۋا، ئىشنىڭ ئاسىنى شۇكى، ئاشىقلىقنى تاشلاپ، گەدىنىڭنى قاشلاپ، ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە تووا قىلىپ كۆزلىرىڭنى ياشلاپ، قالغان ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈزگىن، — دېدى گۈلئەندام.

— دېگەنلىرىڭ راست. لېكىن مەلىكىنى ئالماي بۇ يەردىن كەتمەيمەن. تېز بولغىن. مەلىكىنى چاقىر.

گۈلئەندام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇسال بولغان ھالدا مەلىكىنىڭ قېشىغا كىردى. مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى:

— ئەي بەتبەخت، نېمانچە ھايال بولىسەن؟

— ئەي مەلىكەم، سىزنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوق، تېخى ماڭا خاپا بولىسىز.

— ناغرىنى چالغان كىم ئىكەن؟ تېزرەك ئېيت.

— چىقىپ قارىسام مۇنارنىڭ تۆپىسىدە يۈز كۆزى چۈپۈر، ئاياغلىرى تو-كۇر، ئۆزلى ئورۇق، چېھرىلىرى قورۇق، بىر يۈز ئەللىك ياشقا كىرگەن بىر دۆمچەك بوۋاي تۇرۇپتۇ. «نېمە ئادەمسەن» دېسەم، «مەن مەلىكىنى ئالغىلى كەلگەن ئادەم» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە سوغۇق گەپلەرنى قىلساممۇ كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ: «مەلىكىنى چاقىر، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ شېئىر ئېيتىشىمەن. مەلىكىنىڭ ھۆسن-جامالى ۋە خۇي-پەيلى كۆڭلۈمگە ياقسا ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن» دەيدۇ، — دېدى گۈلئەندام.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ ھوشى كاللىسىدىن چىقىپ كەتتى. ياق، مەست ئىدى بەلكى ھوشيار بولدى. ئۇيقۇلۇق ئىدى ئويغاق بولدى. ئۆتكەن ئۆمرىدىن بىزار بولدى. قاتتىق غەزەپلەنگىنىدىن چاچلىرىنى چۇۋۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلىدى.

— ئەي گۈلئەندام، — دېدى مەلىكە مېنىڭ شان-شۆھرىتىم پۈتۈن ئالەمگە ئاڭلاندى. تامامى ئالەمدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىن، ھەممە ۋىلايەتلەردىن گۈزەل ساھىبجامال شاھزادىلەر، نى-نى قەددى-قامەتلىك، ئەقىل-پاراسەتلىك يىگىتلەر مېنى ئالىمەن دەپ، ئاتا-ئانىسىدىن، مال-مۈلكىدىن، يۇرت-ماكانلىرىدىن كېچىپ، مېنىڭ ئىشقىمدا بېشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى. شۇنچە نۇرغۇن يىگىت ۋە شاھزادىلەردىن ھېچقايسىسى كۆڭلۈمگە يارىمىدى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر قېرى چولاق بوۋايغا تېگەمەنمۇ؟

— ئەي مەلىكەم، — دېدى گۈلئەندام، — سىز ئۆيدە ئولتۇرۇپلا بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىز، ئۆيدىكى مەسلىھەت بازارغا ئاقماپتۇ دېگەن گەپ بار.

— ئۇنداق بولسا خەزىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش، لەئىل-جاۋاھىرلاردىن ئاچىقىپ بۇلارنى مەلىكەم چىقارتتى» دەپ ئۇ بوۋايغا بەرگىن. دۇئا قىلسۇن. ئۇ پۇللارغا نۇرغۇن قىز-چوكانلارنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۆمرىنى شۇنىڭ بىلەن خۇش قىلسۇن. قوپال سۆزلەر بىلەن بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما، ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ قايتۇرغىن. ياشانغانلارغا خىزمەت قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، — دېدى مەلىكە.

گۇلئەندام خەزىنىدىن بىر خۇرجۇن
ئالتۇن ـ كۈمۈش، لەئل ـ جاۋاھىر ئېلىپ چىـ
قىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويىدى.
— ئەي بوۋا، — دېدى كېنىزەك،—
بۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە جاـ
ۋاھىرلارنى مەلىكەم سىزگە بەردى. مەن
مەلىكەمگە سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى يەتكۈزـ
دۈم. مەلىكەم: «مەن يەتتە ئىقلىم پادىشاـ
ھىنىڭ قىزىمەن. نۇرغۇنلىغان يىگىتلەر
ۋە شاھزادىلەر مېنى ئالىمەن دەپ كېلىپ
شېھىر ئېيتىشالماي، بۇ ئالەمدىن ئۆ تاـ
لەمگە سەپەر قىلدى. ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ
مېنىڭ كۆڭلۈمگە ياقمىدى. بېيت:

مېنى مەن ئىزدەگەن ئۆز سۆھبەتىمە ئەرـ
چەمەند ئەتمەس،
مېنى ئىزدەر كىشلەرنى مېنىڭ كۆڭلۈم
پەسەند ئەتمەس.

بۇ خۇرجۇندىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشـ
لەرنى ئالدىغا قويىغىن. ماڭا دۇئا قىلـ
سۇن»، — دېدى.
خىزىر ئەلەيھىسسالام:
— مەن ھەمىشە مەلىكە ھەققىدە
دۇئا قىلىمەن.
— يەنە بىر دۇئا قىلىسىڭىز.
خىزىر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆـ
تۈرۈپ: «ئەي بارا خۇدايا، مەلىكىنى ماڭا
پاتراق كۆرگىلى نېسىپ قىلغايسەن، ئاـ
مىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دېدى.
گۇلئەندام:
— ئەي بوۋا، مەلىكە: «بۇ ئالتۇنـ
كۈمۈشلەرنى بوۋايغا بەرگىن. ئۇنىڭغا
قىز-چوكانلارنى ئېلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلـ
سۇن. مېنى ئالىمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە

بولمىسۇن. مەن ئۆزۈمنى بۇنداق قېرى
كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايمەن»
دېگەن، — دېدى.
— ئەي كېنىزەك، مەن مەلىكىنى
چاقىرىپ چىق، دېسەم، ئالتۇن ـ كۈمۈش
ئاچىقىپسەن. مېنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشـ
كە ھاجىتىم يوق. مەلىكە خىيالىدا «ئىكـ
كىمىز بىر ئۆيدە بولغاندا خىراجەت قىـ
لارمىز» دەپ ئاتىسىدىن يوشۇرۇپ قويـ
غان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ماڭا چىقارـ
غان ئوخشايدۇ. سەن مەلىكىگە ئېيتقىن،
غەم قىلمىسۇن، ئۆزۈم ھۈنەرۋەن كىشىمەن.
كۇلا ئارغامچا ئېتىشكە كەلگەندە ناھايىتى
سىلىقلىقمەن. قىزىق ئولتۇرسام، بىر
ھەپتىدە يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۇلا ياسىياـ
لايمەن. بازارغا ئاپىرىپ ساتسام قىرىقـ
ئەللىك پۇلغا يارايدۇ. ئەگەر مەلىكەم بىلەن
بىرگە بولساق، مەلىكەم چىغ سوقۇپ
بەرسە، مەن ئېشىپ قېتىپ چىقسام، ئوبـ
دان ئولتۇرساق، بىر ھەپتىدە قىرىق ـ
ئەللىك كۇلا ئارغامچا ياسىيالايمىز، ئۇنى
بازارغا ئاچىقىپ ساتساق سەكسەنـ
توقسان پۇلغا يارايدۇ. ئاندىن مەلىكىگە
بىر چاق، ئازراق پاختا ئېلىپ بەرسەم
ئىككىلەن ئوبدان ئۆي تۇتۇپ، ئوقەت
قىلساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھۈنەر دېگەن
تۈگىمىگۈسىز دۇنيادۇر. مېنىڭ ئالتۇن ـ
كۈمۈشكە ھاجىتىم يوق. مەزلۇم كىشى
دېگەن كەم ئەقىل كېلىدۇ. كۈنلەردىن بىر
كۈنى ئاياغ قوشۇقىا چېقىلىپ قالسا، پۇـ
لىنى مىننەت قىلىدۇ. ماڭا مەلىكە كېرەك.
ئالتۇن ـ كۈمۈش كېرەك ئەمەس. دەرـ
ھال مەلىكىنى چاقىرىۋەتكىن، — دېدى.
گۇلئەندام:
— ئەي مويسىپىت ئەرەب، مەلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





— گۈلئەندام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ئالمەن دېمىگىن. مەلىكىنىڭ كېيىنى ئاگلاپ بۇ يەردىن كەتكىن، — دېدى.

— ئەي، مېنى تولا هايال قىلماي، مەلىكىنى دەرهال چاقىر. نازىنى ئاز قىلسۇن. مەلىكىنىڭ بىرەر ئەيىبى بارمۇ يا؟ مەلىكە پوقاقمۇ يا چولاقمۇ؟ ياكى قارىغۇمۇ يا تازمۇ؟ ياكى بولمىسا گاچىمۇ؟ ئۇنداق ئەيىبلىرى بولسىمۇ ئالدىمغا چىقسۇن. مەن مەلىكىنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىنى، هۆسن-جامالىنى كۆرۈپ، گەپ-سۆزلىرى ۋە بېيىت-نەزمىلىرىنى ئاگلاپ باقاي. ماڭا ئەرزىگۈدەك بولسا ئۇنى ئالاي، ئەگەر يارىمىسا كەلگەن يولۇم بىلەن قايتىپ كېتىمەن. شۇندىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئىسمىنى ھەرگىزمۇ تىلىمغا ئالمايمەن. تېز بول، مەلىكىنى چاقىر. مەن بىلەن كۆرۈشسۇن. قايسىمىزنى يېڭىمدىكەنمىز قېنى، بىر كۆرەي، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام.

— ھەي قېرى ئەرەب، — دېدى گۈلئەندام تېرىكىپ، — سەن بۇ يەردە مىڭ يىل ياتقىنىڭ بىلەنمۇ، مەلىكەم ساڭا تەگمەيدۇ.

— ئەي ئەقىلسىز كېنىزەك، ئىش ئۆتكەندە پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. مەن خېبىردار بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، هايال بولماي ماڭا تەگسۇن. مەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرىۋېرىمەنمۇ؟

گۈلئەندام خاپا بولۇپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ يېنىغا كىردى-دە، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

— ئۇنىڭغا: «مەلىكە ئۇخلاپ قاپتۇ، ئەتە كېلىڭ» دېگىن. ئەتىگىچە بىر گەپ بولۇر. ھازىرچە بولسىمۇ ئۇ قېرىدىن قۇتۇلۇپ تۇرايلى، — دېدى مەلىكە.

— ئەي بـوۋا، مەلـكـىـنىڭ كۆزى
ئۇيقۇغا بېرىپتۇ. ئەتە كېلىڭ، — دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلىغان
هامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— مەن سېنىڭ بۇنداق گەپلىرىڭ
بىلەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن. ئـۇنـداق
ئادەم ئۆز هالىغا بېقىپ تىنچ يـۈرسـە
بولماسمىدى. ئۆزىنى چاغلىماي چـاهـار
باغ بىنا قىلدۇرۇپ، مەيدان راسلىـتىـپ
ئۇنىڭ يېنىغا مۇنار ياساتتى. مۇنارنىڭ
ئۈستىگە ئالتۇن ناغرا، كۈمۈش چـوكـا
تەييارلىدى. جارچىلىرىغا شەهەرمۇ شـەـ
هەر يۈرۈپ «ئەيـهانـنـاس...» دەپ جـار
سالغۇزدى. شۇنداقتىمۇ مەلىكىگە خېـرىـ
دار چىقمىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېرى بولسام-
مۇ بېرىپ كېلەي دەپ كەلدىم. يـېـشـىـم
يۈز ئەللىككە يەتكەن بولسىمۇ توي قىلـ
مىغىنىم يوق. مەلىكـىـگە خېرىـدار بـولۇپ
كېلىشىمدە ئىككى مەقسىتىم بار: ئـۇنىڭ
بىرى مەلىكە بىلەن توي قىلىپ بىر پەرـ
زەنت يۈزى كۆرۈش. كېيىنچە مەن ئۆـ
لۈپ كەتسەم ئۇ پەرزەنتىم چىـرىغىمنـى
يېقىپ، روهىمغا دۇئا قىلىپ تۇرسا دەيـ
مەن. يەنە بىر مەقسىتىم، ئاڭلىشىمچە يېـ
قىندىن بۇيان مەلىكىگە خېرىدار كەلمەي،
ئۆزى يالغۇز قاپـتۇ، دەيدۇ. شـۇڭا مەن
بولسامۇ مەلىكىگە هەمـراه بـولاي دەپ
كەلدىم. هەي كېنىزەك، ئەمدى مېـنـى
قولا ساقلاتمىغىن،— دېدى.

گۈلئەندام مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكە، خوپ بولدى،—دېدى.

— نېمىگە خوپ بولدى؟

— سىزنـى خۇدا ئۇرۇپتۇ،— دېدى
گۈلئەندام مەلىكىگە،— شۇنـچە نـۇرغۇن
شاهزادىلەرگە رەهىم قىلماي بېشىنى كېـ
سىپ ئاشىقلار مۇنارىـغا ئاسـتۇرۇپ نـاـ
هەق خۇن تۆكتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىـ
سىنىڭ پەرزەنتلىرى دەردىدە جىگەرلىرى
خۇن بولۇپ ئاللاتائالاغا زارلاپ، يـۈزىـ
نى تۇپراققا، بېشىنى سەجدىگە قويـۇپ،
سىزنى قارغىغان ئوخشايدۇ. سىـز ئۇلارـ
نىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، ئاخىر ئاشۇ قېـ
رى دوكقا قالغان ئوخشايسىز. ئۇنىڭدىن
قۇتۇلۇشنىڭ هېچقانداق ئىلاجـى يوقكەن.
سىز ئىلگىرى خىزمىتىڭىزدىن چىقالايدىـ
غان ياش يىگىتلەرگە تەگمىدىڭىز، ئۆزىـ
ڭىزنى شائىر چاغلاپ، ئۇلارنى ئادەم قاـ
تارىدا كۆرمىدىڭىز، تەكەببۇرلۇق قىلىپ،
ناهەق خۇن تۆكتىڭىز. شۇنىڭ بەدىلـىـگە
تەگرى ئاشۇ بوۋاينى نېسىپ قىلغان بولـ
سا كېرەك.

مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خىـ
يال دەرياسىغا غەرق بولدى. چـوڭـقۇر
ئوي - خىياللار بىلەن ئۇنىڭ بېشى ئايلانـ
دى. مەلىكە بىرەر سائەتتىن كېيـىن بېـ
شىنى كۆتۈرۈپ:

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست. لېكىن
كەلگەن يىگىتلەر شېئىر ئېيتىـشتا مـاڭا
تەڭ كېلەلمىگەن تۇرسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرـ
مەي ماڭا نېمە ئىلاج، — دېدى.

گـۈلئـەندام:

— ئەي مەلىكەم، ئەمدى ئۆتكـەن
ئىشقا سالاۋات، ئۆزىڭىز چىقىپ ئۇ بوۋايـ
غا جاۋاب بېرىڭ، — دېدى.

مەلىكـىنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى.
ئۇ مەلىكىگە:

— ئۇ بوۋاينى بىر قىلـىـچ بىلەن
چېپىپ تاشلىساق بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ئالدى بىلەن ئۆزۈم چىقىپ نـەـ
سىھەت قىلىپ باقاي، ئاندىن ئـۇنىڭ ئاـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مالىنى قىلارمىز، — دېدى مەلىكە.
مەلىكە ئۆزىنى زىننەتلەپ يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرىنى. قولىغا ھالقىلارنى سېلىپ، رومىنىڭ قىممەتلىك ماتالىرىدىن نەچچە قات كىيىملەرنى كىيدى. بېشىغا قاما تۇماقنى، پۇتىغا ئىراقنىڭ ئۆتۈكىنى كىيدى. ئاندىن بېشىغا تاج قاداپ، شەمشادتەك ياساندى، تۇزدەك چىرايلىق يۈرۈپ، كېپىكتەك شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن يۈز مىڭ ناز كەرەشمەلەرنى قىلغان ھالدا يۈزلىرىنى نىقابلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كېنىزەكلەرگە قىزىل-يېشىل رەختلەردىن كىيىملەرنى كىيدۈرگەنىدى. مەلىكە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئالتۇن كۇرسى قويدۇرۇپ، كۇرسىنىڭ تۆپىسىگە ئەتىلادىن تۆشەكلەرنى سالدۇردى. تۆشەكلەر سېلىنىپ ھەممە تەق بولغاندىن كېيىن مەلىكە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنى تۈزۈپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، نۇرلۇق ئايدەك ئولتۇردى. مەلىكە خۇش ياقىمغان تەلەپپۇزدا:
— ئۇ بوۋاينى چاقىرىڭلار، — دېدى.
كېنىزەكلەر سىرتقا چىقىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:
— ئەي بوۋاي، سىزنى مەلىكە چاقىرىدۇ، — دېدى.
— مەلىكە چىقتىمۇ؟
— شۇنداق، چىقتى.
خىزىر ئەلەيھىسسالام ھاسىسىغا تايىنىپ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ مۇناردىن چۈشتى. ئون تۆت ياشلاردىكى يىگىتلەردەك كۆمۈش كۇرسىغا چىقىپ مەلىكىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇردى. مەلىكە كۆرىدىكى، ئالدىدا قېرىپ موكچىيىپ كەتكەن، شۇنداق كۆرۈمسىز بىر دۈمچەك بوۋاي قىلچە ھېيىقماستىن مەلىكىگە كۆز قىسىپ، خىلمۇ خىل قىلىقلارنى قىلىپ ئولتۇراتتى. مەلىكە نومۇستىن يۈزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. قېچىپ كېتىشكە تېخى بولمايتتى. بۇ ئەھۋالدىن مەلىكىنىڭ ئەقىل-ئىدراكى ھەيران، ھوش كاللىسى سەرگەردان بولدى.
— ئەي بوۋاي، سەن قايسى قەبىلىدىن بولىسەن؟ بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ئەگەر تەڭلىكتە قېلىپ كەلگەن بولساڭ نۇرغۇن ئالتۇن-كۆمۈش ئىنئام قىلاي، — دېدى مەلىكە.
— ئەي مەلىكەم، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — ئۆزۈم ئەرەب قەبىلىسىدىن بولىمەن. بىر يۈز ئەللىك ياشقا كىردىم. توي قىلمىدىم. سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى، دانا، شائىرلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى يالغۇز يىگىت چاغلاپ، بېلىمنى چىڭگە شوينىسى بىلەن باغلاپ، ئۈتمىڭىزدا يۈرەكىمنى داغلاپ، سىزنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم. كۆڭلۈمگە ياقسىڭىز ئالىمەن، بولمىسا كەلگەن يولۇم بىلەن قايتىپ كېتىمەن.
— ۋاي توۋا، بۇنداقمۇ چوڭچىلىق قىلغان بارمۇ، — دەپ خاپا بولۇپ، مەلىكىنىڭ كۆڭلى ئاينىپ كەتتى.
ئەلقىسسە، بۇ خەۋەر پۈتۈن شەھەر ۋە يېزا - كەنتلەرگە يەتتى. كىشىلەر: «بىر قويچى بوۋاي بىلەن مەلىكە دىلرەز خۇبان سەنەم ئاغىچا بېيىت ئوقۇشقۇدەك، ئۇ بوۋاي مەلىكىنى ئالىمەن دەپ كەلگەنىكەن» دەپ تەرەپ-تەرەپتىن چاھار باغقا كەلگىلى تۇردى. تۇزاقچىدىن ئەلەم-مۇفتى، خاتىپ؛ ئاق سارايدىن قازى قۇززات، مۇنەججىم، ئاقساقال؛ دىۋە-سارايدىن مۇھتەسىپ، مۆتىۋەللى؛ ئالا قۇۋە-

دىن ئىش بېگى؛ قارا قۇمدىن قوش بېگى؛ يېتىم ئۆرۈكتىن يۈز بېگى؛ ئاسمىچىدىن مىڭ بېگى؛ باشاقچىدىن قىرىق بېگى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان تۈرلۈك تۈمەن خىل ئادەملەر كەلگىلى تۇردى. مەيدانغا چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار تولدى. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ خىيالغا پاتتى. «بۇ بوۋاي ئەرەب قەبىلىسىدىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك. ئەرەب خەلقى ھىندىستان تىلىغا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھىندى تىلىدا بىرنەچچە بېيىت ئېيتىشىپ باقاي» دەپ بىرقانچە بېيىت ئوقۇدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى. مەلىكە ھەزرىتى خىزىرنى بۇ جەھەتتە ئازدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىدا بىرنەچچە بېيىت ئوقۇپ ئۇنى مات قىلىش نىيىتىگە كەلدى. مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاھ مەنۇ ئىشقى ۋە ھالاتىھى،
ئەھرەقى قەلبى بىھەراراتىھى،
مانەزەرى ئەينى ئىلا غەيرىكە،
ئەقسەمۇ بىللاھى ۋە ئاياتىھى.

— ئەي بوۋا، — دېدى مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — ئەمدى سەن مېنىڭ ئېيتقان بۇ ئەرەبچە بېيىتىمگە تۈركچە بېيىت بىلەن جاۋاب بەرگەيسەن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى بېيىتنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاھ، نېتەي ئىشقىنىڭ ھالاتىدىن،
كۆيدى يۈرەكىم بۇ ھەراراتىدىن.
باقسە كۆزۈم سەندىن بۆلەك ئۆزگىگە،
ئان ئىچەيىن تەڭرىنىڭ ئاياتىدىن.

مەلىكە ئۆز كۆڭلىدە «بۇ ئۆزى قېرى كىشى بولسىمۇ، زېرەك ئىكەن. ئەقىل-پاراسەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭدىن قانداق سوئال سورىسام بولۇر؟» دەپ ئويلىدى. ئاندىن يەنە:

— ئەي بوۋا، ئىبرانى تىلىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام.

— ئۇنداق بولسا ئىبرانى تىلىدا بېيىت ئوقۇپ باقىن، — دېدى مەلىكە.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىبرانى تىلىدا ناھايىتى راۋان ھەم قىزىقارلىق بېيىتلارنى ئوقۇپ، ھەممە خالايىقنى ھەيران قالدۇردى. مەلىكە خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي بوۋا، مەن ئەمدى پارس تىلىدا بېيىت ئوقۇيمەن. بۇنىڭغا ئاجىز كېلىسەن. شۇڭا بۇ يەردىن كەتكىن، — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام.

— مېنى كۆزگە ئىلمايۋاتىسىز. پارس تىلىدا بېيىتنى سىزدىن ياخشىراق ئوقۇيمەن.

مەلىكە پارس تىلىدا بىرنەچچە بېيىت ئوقۇغانىدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

ئاخىر مەلىكە مۇنداق سۆزلەرنى قىلدى:

— ئەي بوۋا، ساقىلىڭ ئاقىرىپ يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ. سېنىڭ يىگىتلىك قۇياشىڭ مەغرىب زىندانىغا چۆشۈپ بولۇپتۇ. سەن ئەمدى ئىشىق دەۋاسىنى قىلماي، ياشلىقتا ئۆتكۈزگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گۇناھلىرىڭغا تتوۋا-ئىستىغپار ئېيتىپ، ئاخىرەتنىڭ غېمىنى قىلغىن.

— ئەي مەلىكە،— دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام،— مېنى قېرىپ قالدىڭ دېگىنىڭىز توغرا. لېكىن مەن مۇشۇنچە ياشقا كىرگەن بولسامۇ، ئۆيلەنگىنىم يوق. قېرىغان ۋاقتىمدا بولسىمۇ، سىز بىلەن توي قىلىپ، پەرزەنت يۈزى كۆرەي، دەپ كەلدىم.

مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە «بۇ قېرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ھېچقانداق ئامالى قالمىدى. ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي قەسىرىمگە كىرىپ كەتسەم ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. بىراق ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دېسەم، ئۇ قېرى ئىكەن، مەن شۇنچە ياش شاھزادىلەرنى رەت قىلدىم. خاتالىق مەندىن ئۆتتۇلدى. مۇشۇ ئاغزىمدىن بالاغا قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تۈركىي تىلدا بېيىت ئوقۇشۇپ باقاي. چۈنكى ئەرەب خەلقى تۈركىي تىلغا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇ مەن بىلەن بېيىت ئوقۇشالماي كېتىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس» دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، ئەيلەمە گىل ئەيشۇ تەرەب،
بىر كۇشەدە ياتىپ ئەيلەگىل ھەقنى تەلەب.
فارسىينى مەگەر ئېيزىپ ئىچسەنكى، بابا،
تىلىڭ تۇتۇلۇر تۈركىيگە، ئەي پىرى ئەرەب.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىم ماڭا دۇچار بولسا قۇتۇلماس ھەرگىز
ھېچ تىلغا مېنىڭ تىلىم تۇتۇلماس ھەرگىز.
بىر بوسە لەئلى لەبىڭدىن تاتسام،
تا دەۋرى قىيامەتغىچە ئۇنۇتۇلماس ھەرگىز.

مەلىكە سەنەم ئاغىچا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەتكىلكى، بابا، نېرى قاشىمدىن ئەمدى،
ئۆلتۈرمەك ئۇچۇن ئاتىڭ تۇتارمەن ئەمدى.
سەن كىم، ماڭا ھەزل قىلىپ سۆزلەرسەن،
ئەي پىرى مۇشەخخەس، ئۆلتۈرۈرمەن ئەمدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز، ساڭا ھەزلىنى قاتماق لازىم،
ۋەسلىڭ بېغىغا قولنى ئۇزاتماق لازىم.
ۋەسلىڭ بېغىنىڭ گۈلشىنى بولسە مۇيەسسەر،
كۆڭلىنى قىلىپ شاد، غەمنى ئۇزاتماق لازىم.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قېرىغاندا كىشىنىڭ بالۇ پەرى يوق قۇشدەك،
كېچەسى ئۇيقۇسى كەلمەس مېڭەسى يوق قۇشدەك.
قېرى كىشىدىن ھېچقاچان يارنىڭ دىلى خۇش بولماس،
تىشىنىڭ مەۋسۇلى يوق، مانتۇ فولوئاش بولماس.

يوقتۇر بۇ جاھاندا مەن كەبى بىر لالەئۇزا،
شەمشاد قەدى زى قامەتى گۈل رۇخسار.
ئاسانلىق بىلە ساڭا مۇيەسسەر بولماسمەن،
كۆكسۈمدەكى بۇ گۆھەر بەھاسى جۈفتى ئانار.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆكسۈڭدەكى قوش ئانارىدىن ئەنجىر خۇب،
زۇلفىڭدىن ئاياغ باغلاغالى زەنجىر خۇب.
ئۇچامنى قاشلاپ، ئۆزۈڭگە قايماق بېرەدۇرمەن،
سەندىن، ئەي قىز، يۈز ياشاغان كەمپىر خۇب.

مەلىكە خاپا بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كۆپ سۆزلەمە گىل كۆڭلۈم مېنىڭ پۇرغەمدۇر،
ئالەم نەزەرىمگە خانەئى ماتەمدۇر.
ئازدېسەنكى، بابا، سۆزۈڭنى بىلمەي ئايتۇرسەن،
باشىڭنى كېسىپ، تېرەڭنى سويسام كەمدۇر.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىر جاندىن بولەك، ئەي ماھ، دېگەر جانىم يوق،
يەر چېھرەسى رەڭ ئالغۇچەلىك قانىم يوق.
بويۇنغە قولۇمنى سالىپ قېرىغان چاغدا،
ۋەسلىڭگە يېتىپ ئۆلسەم ئارمانىم يوق.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، تاڭلا كېلىپ نان تىلەگىل،
ئەنجامى سەھەر تەبىئىي پەردىشان تىلەگىل.
گۆر ئاغزىغە يېتىپدۇر ئاياغىڭ، ئەي قېرى چال،
ئۆتكەن گۇناھىڭنى ياد قىلىپ، ئىمان تىلەگىل.

مەلىكە كۆڭلىدە: «ۋادەرىخ، نېمە بالاغا قالدىم. بۇ قېرىنى ھېچنېمىنى بىلمەس دېسەم، ئەرەبىي، پارسىي، تۈركىي، ئىبرانىي، ھىندىي تىللىرىنىمۇ بىلىدىكەن. بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنالماي مەن بىلەن بېيىت ئېيتىشتى. ھېچ ئىشتا ئاجىز كېلىدىغاندەك ئەمەس، تېخى بارغانسېرى شاشلىشىپ، مېنى خاپا قىلىۋاتىدۇ. بۇ قېرىنى مات قىلالمايدىغان ئوخشايمەن. قېنى ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ باقاي» دەپ ئويلىدى.

— ئەي قېرى ئەرەب، — دېدى مەلىكە خىزىر ئەلەيھىسسالامغا، — مەن بىلەن بېيىت ئوقۇشۇپ ھارغانسەن. مېنىڭ يەنە نۇرغۇن بېيىتلىرىم بار. سەن ئاجىز كېلىسەن. ئاخىر بېشىڭنى كېسىپ، ئاشىقلار مۇنارىغا ئاستۇرىمەن. ياخشىسى كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، بۇ يەردىن كەتكىن. بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىن.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — مەن سىزنى ئالماي بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن. ئەگەر سىزنى ئالمىسام، سۈننەتنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىك بولىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەلىكە.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «نىكاھ دېگەن مېنىڭ ئۇلۇغ سۈننىتىمدۇر. ھەرقانداق بىر كىشى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ كىشى مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمەس» دېگەن. شۇڭا سىزنى ئالماي كەتسەم سۈننەتنى تەرك قىلغانلىق بولىدۇ، — دېدى.

مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نومۇس قىلىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا خىجىل بولۇپ يۈزلىرىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ چېچىلغان ھالدا:

— ۋاي تۇۋا، نېمە بالاغا قالدىم؟! ئەي بوۋا، مەن ساڭا شۇنچە ياخشى سۆزلەرنى قىلسام ئاڭلىمىدىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلمىدىغان بولدۇڭ، — دېدى.

— ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — نېمە بولسا مەيلى. لېكىن سىزنى ئالماي بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسىڭىز، سىز بىلەن بىر يەردە يېتىپ ئۆلەي. مەندەك قېرىدىن قۇتۇلۇش قىيىن. توي قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. مەندەك بىر قېرىغا ئىزا-ئاھانەت قىلساڭ ئۆزۈڭگە ياخشى بولمايدۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى سۆزىگە ئۇلاپلا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز، قىلما مېنى بۈگۈن نامەھرەم،
غەم تىغى بىلە تىلىنماسۇن كۆڭلۈم.
ساقال ئاقارىپ، ئۆزۈم قېرىغان بولسام،
پات كەلگىل قاشىمغە، يىگىتتۇر كۆڭلۈم.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دەرۋازەئى ئۆلۈم سېنىڭ سارى ئېچىلادۇر،
مۇندىن، ئەي بابا، ساق كېتەرىڭ كىم بىلەدۇر.
«پات كەلگىن قاشىمغە» دەرسەن، ئەي
قېرى دوك،
مۇشەخخەس ئەمدى باشىڭ ئۆلۈمگە كېتەدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇبېيىتنى ئوقۇدى:

غەم تىغى بىلەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىلىۋرمەن،
يولۇڭدا ئۆلۈشىمنى، ئەي خېنىم، خوپ بىلىۋرمەن.
سەن لەئىل لەبىڭدىن ماڭا بىر قەندبەرسەڭ،
ۋەلىللاھ دىلىۋجانىمنى تەسەددۇق قىلىۋرمەن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، يىغلا ياشىڭ كۆل بولسۇن،
دەرۋايى مۇھەببەتتە يۈزۈڭ ھۆل بولسۇن.
نە ياخشى يىگىتلەر مېنى كۆرەلمەي ئۆلدى،
سەندەك لەغىنە دوك باباغە يول بولسۇن.
خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەر چەند سېنىڭ ۋەسلىڭگە مەن تويماسمەن،
بىر زەررە بۇ تىللاغانىڭنى ئار ئەتمەسمەن.
ئاچچىقلاپ مېنى بۇيەردىن كەتكىل دەرسەن،
تا مەن سېنى ئالماي ھەرگىز كەتمەسمەن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەن نادانسەنۇ بىدئەت ئىشنى بىلمەيسەن،
چۆللەردە يۈرۈپ قائىدەنى كۆزگە ئىلمەيسەن.
مەكتەب يۈزىنى كۆرمەپسەن، ئەي پىرى ئەرەب،
ئوقۇماپسەن، ھېچنېمەنى
بىلمەيسەن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

موللامەن ھەم كالامى رەببانى بىلەمەن،
«شەرھىموللا» مەئنىسى «قۇرئان» بىلەمەن.
كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە بۇ ئەرەب ئامىي دەپ،
«بوستان»، «شەبىستان»، «مۇئەممان» بىلەمەن.

مەلىكە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەسلا بۇ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلماسمەن،
نامە نەسەبىڭنى، ئەي ئەرەب، بىلمەسمەن.
مىڭ ھۆر ئىشىكىمدە، يۈز مىڭ قۇل باز،
سېنىڭدەك دوك بابانى بىر فۇلغە ھەم ئالماسمەن.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تىللايسەن ئەمدى سۆز ئىشىتكىل مەندىن،
بارىنى دېگىل، ئەرتە مېنى تىللىغانىڭدىن.
يوقتۇر بۇجەھاندا سەندىن ئۆتتۈپ قارغىش قاپى،
ئەللىك شاغان كەمپىر ئارتۇق سەندىن.

مەلىكە بۇ بېيىتلارنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى. نومۇس قىلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتتى. ئۇ «بۇ قېرىدىن قانداق قىلسام قۇتۇلارمەن. ئۇنىڭغا قانداق نەس باسقان كۈندە يولۇققانىدىمەن» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي بابا، مەيدانغا كەلدى خەلقى ئالەم بىھەد،
دەرۋىشۇ داۋۇ غەنىيۇ زاھىدۇ نېكۇ بەد،
بىر سۆزۈمگە تاب كەلمەيىن كەتتى بارى،
سەن مۇردە كەبى بىشەمۇەشۇ شەلغەم مەد.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇبېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي قىز، نېمەگە مېنى موھتاج ئەيلەرسەن،
بىزلەرنى گەدا، ئۆزۈڭنى تاج ئەيلەرسەن.
لېكىن ماڭا ئەرنىڭ لازىمى يوق دېمەگىل،
بىھۇدە ئۆتەر ئۆمرۈڭ نە ئىلاج ئەيلەرسەن.

بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە خاپا بولغان ھالدا:

— ئەي بوۋا، ئەمدى ھارغانسەن،
بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىن، — دېدى.
— ئەي مەلىكەم، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — كونىلاردا «ئىشنى كادائكدىن، ئۇننى باداڭدىن سورا» دېگەن گەپ بار. مەن تېخى ھارمىدىم. سىزنى ئەمرىمگە ئالماي بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن. ئەگەر ئۆلتۈرسىڭىز سىز بىلەن بىر يەردە يېتىپ ئۆلىمەن. سىزدىن باشقا بىرىسىگە قارىمايمەن. مەندەك بىر دوك سىزدەك مەلىكىنى قانداقمۇ تاپالايدۇ، مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن. نەزمە:

مەندەك دوك باھادىن قۇتۇلماق بەسى مۇشكۇل،

تويي نەغمىسىدە ئۇسسۇل قىلماق تېخى مۇشكۇل.

مەلكە كۆڭلىدە: «بۇ قېرىغا بىرنى دېسەم ئۇننى دەۋاتىدۇ. ئەمدى قانداق قىلسام بولار» دەپ ئويلىغاندىن كېيىن:

— ئەي بوۋا، ئەقىل-پاراسەتتە ھەقىقەتەن تەڭداشسىز ئىكەنسەن. ئەمدى مېنىڭ «سەنەم ئاغىچا» ئېيتىمنى بېشىمدىكى گۆھەر كۆزلۈك تاج ئوتىغىتىمغا قوشۇپ بېيىت ئوقۇپ باققىن، —دېدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ياخشى سېچەك باغلاردە،
نېئمەت ئېرۇر باغلاردە،
بىز كۆرۈشۈر چاغلاردە،
مەن قېرىغان چاغلاردە،
باشدىكى كۆزلۈك ئوتاغات.

ئەيلەمەگىل بىزگە جەفا،
سەن خېنىم سىينەمگە دەۋا،
سۆھبەتىڭگە بولسام رەۋا،
بىر جانىم بار سىزگە فىدا،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

زۇلفۇڭ بىلەن باغلارسەن،
مېنى تەمام داغلارسەن،
زۇلۇم ئىشىن چاغلارسەن،
مېنى بۇندىن قوغلارسەن،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مەن كەلدىم شۇندىن رۇمچىگە،
مەن گويادۇرمەن گۈلچىگە،
نېمە خەفا قىلۇرسەن مۇنچىگە،
كۆزگە ئىلمادىڭ بىر پۇلچىگە،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

بويلارى گۈلدەك سەنەم،
كۆزلەرى ئايدەك سەنەم،
كۆزلەرى چولغان سەنەم،
لەبى لەئل رەڭ سەنەم،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مەن سېنى كۆرگەن چاغدا،
ناغرىنى چالغان چاغدا،
كۆلۈپ ئوينىساق بىز باغدا،
بىزلەر كۆرۈشكەن چاغدا،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مەرھەم ئېيتىپ باغرىڭ ياق،
مېنى تۇتۇپ بەرگىل ئاياق،
رەڭ يۈزى سۈتدىن ئاق،
مۇنچە ئەلەم مۇنچە فىراق،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

مۇنچاقى ئالتۇن ئاغاناق،
ئالدىدا چىقتى بۇخاناق،
مەي ئىچىبان بولماي ساق،
ئاھ سەنەمۇ ئاھ فىراق،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

يارى قىزىل ئەڭلىكدۇر
بىزگە ئەجەب تەڭلىكدۇر
يول يۈرۈشى كەكلىكدۇر
سەنەمخان گۈل رەڭلىكدۇر،
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

تەمام قىزلار تۇرۇشى،
يېڭى يۇمغاق تۇرۇشى.
يەسېنى قومۇشغە تۇرۇشى.
باشدەكى كۆزلۈك ئوتاغات.

بۇنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ يېنىدىكى كېنىزەكلەر كۈلۈشۈپ كەتتى، بارچە خالايىق ھەيران قېلىشتى.

مەلىكە كۆڭلىدە: «ئەمدى بۇ بوۋايغا يۈزۈمنى كۆرسىتەي، تاقەت قىلالماي مەغلۇپ بولسۇن، ئاندىن ئۇنى بىر تەرەپ قىلاي، ھەممە كىشىگە ئىبرەت بولسۇن» دەپ يۈزىدىن نىقابىنى كۆتۈردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام مەلىكىنىڭ يۈزىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇبارەك تىللىرىنى چىقاردى. مەلىكە بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا كېرەك» دەپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

ئەي پىرى ئەرەب، خىزىر مۇسەن، راست ئېيتقىل،
سۆزۈڭ بارىنى ئەمدى ماڭا ئۇقتۇرغىل.
مەن سېنى تونۇمايمەن بىئەدەبلىك قىلدىم،
ھەر نېچچە خەتالىق ئۆتتۇلدى ئانى كەچۈرگىل.

خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەن تونۇماساڭ ئەمدى ئېرۇرمەن خىزىرى،
سەندەك كىشىنى يولغا سالغان خىزىرى.
بىلمەي قىلغان بىئەدەبلىكنى ئەپۇ
ئەتمەك ئۈچۈن،
ئالەمدە ھەممەگە نەزەر سالغان خىزىرى.

—ئەي مەلىكە، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام بېيىت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — مېنى تونۇمىغان بولساڭ ئەمدى تونۇغىن. تەگرىنىڭ خەزىنىچىسى، ھەزرىتى مۇسانىڭ ئۇستازى، ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرى ھەزرىتى خىزىر دېگەن مەن بولىمەن.

مەلىكە ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئىككى كۆزىدىن ياشلىرىنى ئاققۇزغان ھالدا تەختتىن چۈشتى. ئۇ خىزىر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام، مەن ئۆزلىرىنى تونۇماي ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. گۇناھىمنى كەچۈرۈشلىرىنى سورايمەن، —دەپ، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، گۇناھىنى تىلىدى.

—بارىكاللا، —دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — سېنى ئۇلۇغ تەگرىم مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن. ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە بەھرامغا قوبۇل قىلغايسەن، مەن ئۆزۈم نىكاھ قىلاي.

مەلىكە دىلرىز خۇبان سەنەم ئاغىچا «خوش، بولغاي» دەپ جان-دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. رۇم پادىشاھى ئادىل شاھ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ناھايىتى خۇش بولدى. پادىشاھ ھەزرىتى خىزىر بىلەن كۆرۈشۈپ شاھزادە بەھرامنى چاقىرتقۇزدى. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كۈن توي قىلىپ مەلىكىنى بەھرامغا بەردى. ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام يىگىت قولدىشى بولدى. تويغا كەلگەن مېھمانلارنى ئۆز لايىقىدا رازى قىلدى. توي ئاخىرلاشقاندا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىلياس كۆزدىن غايىب بولدى. ھەممە خالايىق بۇ ئىشقا ھەيران قالدى. ئادىل پادىشاھ مەلىكە بىلەن شاھزادىگە ئوردا ئىچىدە بىر ھۇجرا تەييارلىتىپ بەردى. ئۇ ئىككىسى مۇرادىنى ھاسىل قىلىپ، مەقسەتلىرىگە يەتتى. ئاخىرقى ئۆمرىنى پادىشاھلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

بۇ داستان ھىجرىيە 1319 - (مىلادى 1901 — 1902) يىللى خوتەن قارىقاش ناھىيە جايتېرەك كەنتىدە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

# تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى

(چۆچەك)



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا خەيبەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەم زالىم، ھەم شۆھرەتپەرەس ۋە ئاچكۆز ئىدى. ئۇنىڭ قاقاس شورلۇقتا ئۆسۈپ قالغان تىكەندەك يالغۇز بىرلا قىزى بولۇپ، ھۆسن-جامالدا ئاينى خىجىل قىلغۇدەك گۈزەل ئىدى. قىزنىڭ بالىلىق-ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئۆتۈپ، بويى ئۆسۈپ بالاغەت يېشىغا يەتكەندە تەرەپ-تەرەپتىكى شاھزادە-بەگزادىلەردىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. پادىشاھ قىزىنى سوراپ كەلگەن ئەلچىلەرگە: ئوڭ قانىتى ئالتۇندىن، سول قانىتى كۈمۈشتىن يارالغان كېپىنەك تۇتۇپ كېلىشنى، بۇ شەرتنى ئادا قىلغان ھەرقانداق كىشىگە قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى، تېپىپ كېلەلمىگۈچىلەرنى دارغا ئاسىدىغانلىقىنى شەرت قىلدى. قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ۋەسلى-دىدارىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، شەرتىنى بەجا كەلتۈرىمىز دېگۈچىلەرنىڭ بەزىسى ئۇنداق كېپىنەكنى تېپىپ كېلەلمەي دارغا ئېسىلىپ، جېنىدىن جۇدا بولدى، بەزىلىرى چۆل-جەزىرىلەردە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇپ ياكى ئاچلىق، چاڭقاقلىق دەستىدە ئۆلۈپ كەتتى. جېنىدىن ئايرىلغانلار ئارىسىدا شاھزادە-بەگزادىلەرمۇ، سودىگەر-بايۋەچچىلەرمۇ، زەر-پۇرۇشلارمۇ بار ئىدى. كۈن، ئاي ۋە يىللار ئۆتكەنسېرى قىزنى دەپ ئۆلگۈچىلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋەردى. ئوڭ قانىتى ئالتۇن، سول قانىتى كۈمۈش كېپىنەك تېپىلمىدى، ھەتتا جاھاندا ئۇنداق كېپىنەكنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان كىشىمۇ چىقمىدى. لېكىن زالىم پادىشاھنىڭ كۆڭلى كىشىلەرنى دارغا ئېسىش بىلەن خۇش ئىدى. قىزىمۇ ئۆلگۈچىلەرنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمايتتى. ئۇ خۇي-پەيلىدىن، بىپەرۋالىقىدىن ئەرگە تېگىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ مىجەز تەبىئىتىگە قاراپ ئۇنى ئەركەكزادەكىمكىن، دەپ گۇمان قىلىشاتتى.

شەھىرى خەيبەرنىڭ ئارقا بۇلۇڭ كوچىلىرىنىڭ بىرىدە ياشايدىغان بىر تۇل خوتۇننىڭ قىرانلىق يېشىغا يەتكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەقىللىك، ئاق كۆڭۈل، خالىس نىيەت، ئىشچان بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى سەلىم ئىدى. سەلىم پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ شەرتى توغرىسىدىن ئۇلۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. شەرت بويىچە ھېلىقىدەك كېپىكنى تېپىپ كېلىشكە ئاتلانماقچى بولغاندا ئانىسى يولدىن توسقانىدى. سەلىم ئوك قانىتى ئالتۇندىن، سول قانىتى كۈمۈشتىن يارالغان كېپىكنى تېپىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىدىغانلىقىنى يەنە ئېيتتى.

— جاھاندا ئۇنداق كېپىك يوق. بولسا شۇنچىۋالا ئادەم ئۇلۇپ كەتمەستى. بىرەرى بولسىمۇ تېپىپ كەلمەمتى. ناۋادا بار بولۇپ، تېپىپ كەلگىنىڭدىمۇ تۇل خوتۇننىڭ سەندەك يېتىم ئوغلىغا پادىشاھ ئۆز قىزىنى بېرەمدۇ؟ ئۇنداق خىيالىڭنى قوي، — دەپ ئانىسى يەنە ئۇنىمىدى.

— ئۇنداق كېپىك بار، ئانا، — دېدى سەلىم، — بۈگۈن كېچە چۈشۈمدىمۇ ئايان بولدى. مەن ئۇ كېپىكنى تېپىپ كېلىپ، كېيىنكىلەرنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىمەن. ئۇنداق بولمىسا يەنە قانچىلىغان ئادەملەر دارغا ئېسىلىپ ياكى چۆل-جەزىرىلەردە جېنىدىن ئايرىلىدۇ. بۇنى ئويلىمامسەن؟!

پادىشاھنىڭ ئەمەك ئۈچۈن زالىملىق قىلىپ بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتقىنىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن ئانا ئوغلىنىڭ خالىس نىيىتىدىن تەسىرلىنىپ سەلىمگە ئىجازەت بەردى. سەلىم ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئوردا ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىۋەنلەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. ئۇلار ئۇنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى. سەلىم پادىشاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىنى ئېيتتى ۋە ئوك قانىتى ئالتۇن، سول قانىتى كۈمۈش كېپىكنى چوقۇم تۇتۇپ كېلىدىغانلىقىنى، پادىشاھنىڭمۇ چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرۇشى لازىملىقىنى ئېيتتى. بىر يېتىم بەدرەكنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش خىيالىدا بولغىنىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قۇيقا چېچى تىك بولدى. ۋۇجۇدىدىكى زالىملىق مەرەز قېنى تېشىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتەك قىلىپ ئالايدى. سەلىمنى شۇ يەردىلا جاللاتلىرىغا تاپشۇرماقچىمۇ بولدى. لېكىن ئۇ ئۆزى ئېلان قىلغان شەرتلەرنى ئويلاپ بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئېھتىمال، تۇل خوتۇننىڭ ئوغلىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، مۇشۇنداق بىر كېپىكنى تېپىپ كەلسە، شاھلار دۇنياسىدا شان-شۆھرىتىنىڭ قانچىلىك ئاشىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاخىرىدا پادىشاھ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر قارانىيەتنى پۈكۈپ، سەلىمگە جاۋابىنى بەردى.

سەلىم پادىشاھ ئالدىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتتى. پادىشاھ بىلەن قىلىشقان ۋەدە-پۈتۈملىرىدىن خەۋەردار قىلدى. دەرھال سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ، بىرنەچچە كۈنگە يەتكۈدەك تالقان ۋە نان تەييارلىدى-دە، ئۈچىنچى كۈنى چولپان پاتقان، تاڭ ئاتقان چاغدا ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ، قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ چۈشىدە بېشارەت بولغان بەلگىلەر بويىچە مېڭىۋەردى. ماڭغانسىرىمۇ مول ماڭدى. يولدا كارۋانلار ئۇچرىسا ھەمراھ بولدى. قېرى-ئاجىزلارغا يۆلەك بولدى. شۇڭا ئۇلارمۇ نان-تالقانلىرىدىن يوللۇق تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

سەلىم ئۆيدىن چىقىپ توپتوغرا بىر ئاي بولغاندا پايانسىز چۆلدە يالغۇز بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى. قۇدۇقنىڭ يېنىدا يوغان بىر تۈپ توغراق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چۈشىدە بېشارەت بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. سەلىم توغراقنى ئايلىنىپ قارىدى. توغراقنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە قۇۋزىقى سويۇۋېتىلىپ، غولىغا: «ئوڭ قانىتى ئالتۇن، سول قانىتى كۈمۈش كېپىنەكنى ماچىن شەھىرىدە ياشايدىغان بىر ياغاچچى ئۇستام تېپىپ بېرەلەيدۇ» دەپ خەت يېزىلغانىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا: «ياغاچچى ئۇستام ساقاللىق ئۇچىتەك ئاق، يۈزى قىپقىزىل كىشى» دەپ ئەسكەرتىلگەنىدى.

سەلىم ماچىن شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. تۈرلۈك شەھەر، دەشت-چۆللەرنى، تاغ-داۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى ئاي دېگەندە بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككى-ئۈچ كۈن شەھەرنى كېزىپ، كىشىلەردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر ئاپئاق ساقاللىق، قىزىل يۈزلۈك ياغاچچى ئۇستامنى تاپتى. ياغاچچى سەلىمنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قىزغىن ئىززەتلەپ كۈتۈۋالدى. قاتتىق چارچاپ كەتكەن سەلىم تاماقتىن كېيىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا يېنىدا قاناتلىق ياغاچ كېپىنەك تۇرغۇدەك. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىشلىگىنى ئوڭ قانىتى ئالتۇن، سول قانىتى كۈمۈشتىن ياسالغان ئۇچار كېپىنەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ياغاچچى ئۇستامغا رەھمەت ئېيتىپ، راست ئۇچار كېپىنەكنى ئىزدەپ بېقىش قارارى بويىچە يولغا چىقماقچى بولدى. سەلىمنىڭ كۆڭلىدى-

كىنى بىلىپ بولغان ئۇستام ئۇنىڭغا:

— سىز ئىزدەۋاتقان كېپىنەك دەل مۇشۇ، ئوغلۇم. سىز كېپىنەكنى ياغاچكەن، جېنى يوقكەن، دېمەك، سىزگە مەن بىر ئەپسۇن ئۆگىتىپ قويىمەن. كېپىنەكنى مىنىپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ئەپسۇننى ئوقۇۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى بىر تۈپ چىنارنىڭ تۈۋىدە كۆرىسىز. چىنارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بۇلاق، سول تەرىپىدە يەنە بىر بۇلاق بار. سىز بۇ ياغاچ كېپىنەكنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئوڭ تەرەپتىكى بۇلاققا، سول قانىتىنى سول تەرەپتىكى بۇلاققا چىلىسىڭىز، پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدەك كېپىنەككە ئايلىنىدۇ، — دېدى.

سەلىم ياغاچچىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قېنى، سىناپ باقاي، دېگەن خىيالغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ياغاچ كېپىنەككە مىندى. كۆزىنى يۇمۇپ ياغاچچى ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى باشلىدى. بىر چاغدا يۈزىگە بىر ئىسسىق شامال ئۇرۇلغاندەك بولدى-دە، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۆزىنى يوغان بىر تۈپ چىنارنىڭ تۈۋىدە كۆردى. چىنارنىڭ ئوڭ-سول ئىككى تەرىپىدە ئىككى بۇلاق بۇلدۇقلاپ تۇراتتى. سەلىم ياغاچچى ئۇستامنىڭ دېگىنىدەك قىلىۋىدى، ياغاچ كېپىنەكنىڭ ئوڭ قانىتى ئالتۇنغا، سول قانىتى كۈمۈشكە ئايلاندى. كېپىنەكمۇ بۇرۇنقى جانسىز ھالەتتە تۇرماي، راست جانلىق كېپىنەككە ئايلانغانىدى. كېپىنەك چاپچىپ، ئويناقلاپ ئالتۇن، كۈمۈش قاناتلىرىنى قېقىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ سەلىمنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. ئۇ شۇ ھامان كېپىنەككە مىندى-دە، يەنە كۆزىنى يۇمۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەپسۇن ئوقۇپ، بىر جايغا بارغاندا كۆزىنى ئاچسا ئۆزىنى خەيبەر شەھىرىدە، پادىشاھ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆردى. كىيىكنى كۆرۈپ دەرۋازىۋەنلەرمۇ ھەيران قېلىشتى ۋە بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا خەۋەر قىلىشتى. ئالتۇن - كۈمۈش قاناتلىق كىيىكنى كۆرۈشكە كۆزى تۆت بولغان پادىشاھ سەلىمنى قەسىرگە چاقىرتتى. كىيىكنى كۆرۈپ پادىشاھنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. يېشى ئابروي - شۆھرەت ئاسمىنىغا يەتتى. لېكىن يەنە ئالدىدا تۇرغان سەلىمگە قاراپ زالىملىقى تۇتتى - دە:

— نېمىشقا بۇ كىيىكنىڭ ئىككى قانىتى ئالتۇن ئەمەس؟ جاللات! — دەپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى تۇل خوتۇننىڭ ئوغلىغا قىزىنى بەرمەسلىكنىڭ باھانىسىنى تېپىش ئىدى. ئىككى جاللات قىلىچ يالىڭاچلاپ كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى. پادىشاھ سەلىمنى كۆرسىتىپ:

— ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار! — دېدى.

پادىشاھنىڭ ئىچى تار، ھىيلىگەر، قارا نىيەت بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بار ئىدى. پادىشاھ ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايتتى. لېكىن بۇ ۋەزىرنىڭ قەستى پادىشاھنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، پەيتى كەلگەندە ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پادىشاھلىقىنىمۇ، قىزى مەلىكىنىمۇ قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. شۇڭا ئۇ «بۇنداق ئىقتىدارلىق يىگىتنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالسام، ئۇ ماڭا يار - يۆلەك بولماسمۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، شۇ قاتارلىق مۈشكۈل ئىشنى ئورۇندىغان ئادەم ئۇنىڭدىنمۇ قېيىن ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن. مېنىڭچە ئۇنى يەنە بىر قېتىم مۈشكۈل ئىشقا بۇيرۇپ سىناپ باقايلى، ۋۇجۇدقا چىقىرالىسا شاھلىق خەزىنىگە چوڭ پايدىسى بولار. چىقىرالمىسا ئۇنىڭ يولى ئوڭايغۇ، — دېدى.

— سەن قانداق ۋەزىپە تاپشۇرماقچى؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

— كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە يەتتە قات زېمىننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ ئالتۇن چىنار بار ئىمىش. شۇ چىنارنى ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆچۈرگۈزسەك، ئالتۇن - كۈمۈش قاناتلىق كىيىك بىلەن ئوردىغا تازا ماس كەلمەمدۇ، شۆھرىتىڭىزگە شۆھرەت قوشۇلمامدۇ؟ — دېدى ۋەزىر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ. بۇ مەسلىھەتتىن پادىشاھ قالتىس خۇش بولدى. شۇ ئانىلا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى سەلىمگە تاپشۇردى.

ۋەزىر ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر دانا پىكىرنى ئويلاپ تاپقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. «بۇ يىگىت ئالتۇن چىنارنى ئېلىپ كېلەلىسە، پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، شۇنداقلا قىزىنىمۇ بەرمەيدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايمەن. ئەگەر پادىشاھنىڭ زالىملىق كېسىلى تۇتۇپ، سەلىمنى ئۆلتۈرسە يۇرت نارازى بولىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يۇرت خەلقىنى كۈشكۈرتۈپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلايمەن. مەلىكىمۇ، ئالتۇن چىنارمۇ مېنىڭ بولىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋەزىر.

سەلىم پادىشاھنىڭ بۇ شەرتىنى ئاڭلاپ ھەمگە پاتتى. بېشى قاتتى، شۇن-

داق بولسىمۇ «بۇنىڭمۇ بىر يولى بولۇپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە ئۆيىگە قايتتى. پادىشاھنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخىمۇ مۇشكۈل شەرت قويغانلىقىنى ئاڭلىغان موماي:

— دېمىدىمىمۇ، بالام، «قول يەتمىگەن شاختا قولۇڭنى سوزما» دېگەن گەپ بار. بۇنى بۇرۇنقىلار بىكارغا دېمىگەن. سەن ھەرقانچە باتۇر، ئەقىللىك ۋە ئاقكۆڭۈل بولغىنىڭ بىلەن پادىشاھ بەربىر ساڭا قىزىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىشقا ئەمدى تەۋەككۈل قىلما!

لېكىن سەلىم ئانىسىنىڭ سۆزىگە كۆنمەي، يەنە بىر قېتىم ئۆز تەقدىرىنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. بىچارە ئانا زار-زار يىغلاپ، ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئوغلى بىلەن خوشلاشتى. سەلىم يەنە سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ تۇپتوغرا بىر ئاي بولدى دېگەندە، بىر قۇملۇق باياۋاندا كېتىۋاتسا، ئاپئاق ساقاللىق، نۇرانە كۆزلۈك بىر بوۋاي ئۇچرىدى. سەلىم بوۋايغا سالام بېرىپ يولىغا مېڭىۋەرمەكچى بولدى. بوۋا سەلىمنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپ:

— ئوغلۇم، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن بوۋا، — دېدى سەلىم ۋە پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ ئالتۇن چىناردىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى بوۋاي سەلىمگە يول كۆرسىتىپ، — سەن ئالدىڭغا قاراپ يەنە ئۈچ ئاي يول ماڭغىنىڭدىن كېيىن، بىر چىغىر يولغا چىقىپ قالىسەن. چىغىر يولنىڭ بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر ئاق توشقان ئۇچرايدۇ. توشقان سېنى كۆرۈپ چىغىر يولدا ئاياغ تەرەپكە قاراپ سوكۇلداپ ماڭىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋەر. بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن بىر تاغ ئۇچرايدۇ. توشقان تاغدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىدۇ، سەنمۇ توشقاننىڭ ئارقىسىدىن ئۆڭكۈرگە كىر. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئىككى كامار بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى كامارغا توشقان كىرىپ كېتىدۇ. سەن سول تەرەپتىكى كامارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ كىر. ئۇ كامار قىرىق قاراقچىنىڭ تۇرالغۇسى، — دەپ، سەلىمگە قاراقچىلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، قانداق قىلىشنى ئۇجۇر-بۇجۇرغىچە ئۆگىتىپ قويۇپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

سەلىم ئۈچ ئاي ماڭغاندىن كېيىن، چىغىر يول، توشقان ئۇچرىدى ... بوۋاينىڭ ئۆگەتكىنىدەك سول تەرەپتىكى كامارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپلا كىردى.

— ئەگەر سالىمىڭ بولمىغان بولسا، ئىككى پۈكلەپ بىر قوۋۇز قىلىۋېتەتتۇق. ئۆزۈڭ نېمە ئادەم، بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى قاراقچىلار باشلىقى.

— مەن چوڭ توپىنىڭ ئاشپەزى ئىدىم. سۇ تاپىمەن، دەپ يولدىن ئادىشىپ قېلىپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى سەلىم.

بۇ قاراقچىلار ئارىسىدا تاماق ئېتىشنى بىلىدىغان بىرەرمۇ كىشى يوق ئىدى. شۇڭا ئاشپەزنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قالغىنىدىن خۇشال بولغان قاراقچىلار باشلىقى سەلىمنى سىناپ كۆرمەكچى

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ئىككى تۆگىنى سويغۇزۇپ، گۆشىدە نېرىن چۆپ قىلىشنى بۇيرۇدى.

سەلىم يولدا ئۇچرىغان بوۋاينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە تۆگە گۆشىنى داش قازانغا سېلىپ سۇ قۇيدى. ئاندىن قاراقچىلارنى «كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار» دېدى. قاراقچىلار كۆزىنى يۇمغاندىن كېيىن، بوۋاي بەرگەن ھاسا بىلەن قازاننىڭ ئاستىغا ئۇرۇپ قويۇپ، «تاش بولساڭمۇ پىش» دەپ بولۇپ، قاراقچىلارغا: «كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار» دېدى. قاراقچىلار كۆزلىرىنى ئېچىپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشتى. قارىسا ئوچاقتا ئازراقمۇ ئوت يوق، ئەمما قازان ۋاراقشىپ قايناۋاتقۇدەك، سەلىم گۆش پىشتى، دەپ تۆگىنىڭ بىر سان گۆشىنى قازاندىن ئېلىپ، داستىخانغا قويدى. قاراقچىلار گۆشنى يەپ سەلىمنى ماختاشتى. ئەسلىدە تۆگە گۆشى قاتتىق، قۇرغاق پىشاتتى. لېكىن بۇ تۆگىنىڭ گۆشى خۇددى پاقلان گۆشىدەك ھەم يۇمشاق، ھەم تەملىك پىشقانىدى. قاراقچىلار سەلىمنىڭ ھۈنىرىگە قايىل بولۇپ، ئۇلارغا ئاشپەز قىلىۋالدى.

قاراقچىلار ئەتىسى سەھەردىلا باشلىقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تەرەپ ـ تەرەپتە قاراقچىلىققا كېتىپ، كەچتە قايتىپ كېلىشتى. سەلىم قاراقچىلار كېتىشى ھامان بوۋاينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە غارنىڭ بۇلۇڭىدىكى كۆمۈكلۈك ساندۇقنى ئالدى. ئۇنىڭ سىرتىدىكى تۇققۇز قەۋەت ئورالغان رەختنى يېشىپ، كىچىك تۈگۈنچەكنى ئېچىۋىدى، بىر سىقىم زەھەر چىقتى. سەلىم بۇ زەھەرنى قاراقچىلارغا تەييار قىلىپ قويغان تاماققا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. كەچتە قاراقچىلار ئولجىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ غارغا كىرىشتى ـ دە، تاماققا دۈم چۈشتى. داش قازاندىكى ئاشلار تۈگىمەي تۇرۇپلا قاراقچىلار بىر ـ بىرلەپ يىقىلىشتى. سەلىم توشقان كىرىپ كەتكەن ئۆڭ تەرەپتىكى كامارغا «بىسمىللا» دەپ كىرىپ كەتتى. كامارنىڭ ئىچى پايانسىز يايلاق ئىدى.



سەلىم ماڭدى، ماڭدى، قورسىقى ئاچتى. هاردى، كەچمۇ بولدى. ئۇ ماغدۇرسىزلىق ھەم ئۇيقۇسىزلىقتا بولالماي، تۈز دالىدىلا يېتىپ، ئۇيقۇغا كەتتى ... ئۇنىڭغا «كۆزۈڭنى ئاچ!» دېگەندەك شەپە بولۇپ، كۆزىنى ئېچىۋىدى، ئالدىدا يوغان بىر تۈپ ئالتۇن چىنار دەرىخىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. سەلىم يەنە بوۋاينىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئالتۇن چىنارنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، كۆزىنى يۇمدى-دە، ئەپسۇننى باشلاپ ئاخىرلاشقانىدا كۆزىنى ئاچتى. قارىسا ئۇ خەيبەر شاھى ئوردىسىدا تۇراتتى. تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ ۋە ئەتراپتىكى ۋەزىر-ۋۇزرالار سەلىمنىڭ ئالتۇن چىنارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. پادىشاھ ئالتۇن چىنارنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز قىزىنى تۇل خوتۇننىڭ ئوغلىغا بېرىشنى نومۇس دەپ قاراپ، «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك ئوڭ قول ۋەزىرىگە قارىدى. ۋەزىرنىڭ قورسىقىغا يەنە بىر سۇيىقەستلىك جىن كىردى. ۋەزىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىگە باش لىڭشىتىپ، سەلىمگە قاراپ مۇنداق دېدى:

— «مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەن گەپ بار. ئىككى شەرتىمىزنىغۇ بەجا كەلتۈردۈڭ. ئۈچىنچى شەرتىمىزنىمۇ تولۇق ئورۇندىساڭ، قىزىم مەلىكىنى ساڭا بېرىمەن. ئەمما مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا پەرزەنتىم يوق، شۇڭا قىزىمنىڭ ئورنىدا بالا قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن، ماڭا كۈنپېتتىش تەرەپ شاھى تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى ئەكىلىپ بېرىسەن!

پادىشاھنىڭ غەرىزى تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى بالا قىلىۋېلىش ئەمەس، ئەمرىگە ئېلىپ خوتۇن قىلىش ئىدى. ۋەزىر ئۇنىڭ قۇلىقىغا «چۈشۈمدە بېشارەت بولدىكى، تۆمۈرخاننىڭ قىزىلا سىلىگە ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ»، دېگەنىدى. تۆمۈرخان كۈچلۈك، قەھرىلىك پادىشاھ بولۇپ، قىزىغا بەك ئامراق ئىدى. خەيبەر پادىشاھى بىلەن تۆمۈرخان ئوتتۇرىسىدا ئاتىلىرىدىن قالغان ئۆچ-ئاداۋەت بار ئىدى. شۇڭا ۋەزىر: «تۇل خوتۇننىڭ ئوغلىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتسەك، تۆمۈرخان بۇنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىپ، قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ-دە، ھەم بارغان ئەلچىنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەم بىزگە قارىتىپ جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىمگە يېتەلەيمەن» دەپ ئاشۇنداق پىلان كۆرسەتكەنىدى. ۋەزىر دەرھال سەلىمنىڭ يولغا چىقىشىنى تاپىلىدى.

سەلىم ئۆيىگە كېلىپ ئانىسىدىن رازىلىق ئېلىپ يولغا ئاتلاندى. ئۇ نۇرغۇن تاغ-داۋان، دەريا-كۆللەرنى، دەشت-چۆللەرنى بېسىپ، بىر ئورمانلىققا كېلىپ قالدى. ھاردۇق ئېلىشقا بىرەر ئەپلىك يەر ئىزدەپ ئەتراپقا قاراۋېتىپ، بىر توغراقنىڭ شېخىدىكى ئىككى سېغىزخاننىڭ پەيلىرىنى تۈيدۈرماي يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭكىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭكىنى ئۇنىڭغا ئالماشتۇرۇپ ئويناۋاتقان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— سىز كىم؟ بۇ جاڭگالدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى، سەلىم ھېلىقى كىشىگە سالام بېرىپ.

— مەن شەپىسىز ئوغرى بولىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەۋلىيا بوۋاينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ، زېرىكىشتىن سېغىزخاننىڭ پەيلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئويناۋاتىمەن. تۆمۈرخاننىڭ شەھىرىگە بىرگە ئاتلىنايلى، — دېدى شەپىسىز ئوغرى.

سەلىم ھېلىقى ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇلار يولغا چىقىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئىككى پۇتىغا يوغان ئىككى تۈگمەن تېشىنى باغلىۋالغان، جىلغا ئىچىدە شامالدەك يۈگۈرۈپ، كېيىك، جەرەنلەرنى قوغلاپ يۈرگەن بىر ئادەمنى ئۇچراتتى.

— مەن شامال ئاياغ شاتۇر بولىمەن. سىلەرنى ساقلىغاچ كېيىك، جەرەن قوغلاپ يۈردۈم. سىلەر بىلەن تۆمۈرخان شەھىرىگە بارماقچىمەن. تۆمۈرخاننىڭ «لەپلىمە جادۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جادۇگىرى بار. يۈگۈرۈشتە ئۇنى پەقەت مەنلا يېڭەلەيمەن، — دېدى شامال ئاياغ شاتۇر سەلىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

سەلىم ئۇنىمۇ ھەمراھ قىلىپ يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۈچى بەش - ئالتە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىردەم ئۇزۇ قۇزلىقنى، بىردەم بۇ قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ يۈرگەن بىر كىشىنى ئۇچراتتى، ئۈچى ئۇنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقىغا ھەيران قېلىشتى.

— ئۆزۈڭ كىم؟ نېمە ئۈچۈن قۇلىقىڭنى يەرگە يېقىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى سەلىم.

— مەن سەگەك قۇلاق باتۇر بولىمەن. سىلەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. تۆمۈرخاننىڭ شەھىرىگە مەنمۇ بارай، ياردىمىم تېگىپ قالىدۇ، — دېدى سەگەك قۇلاق باتۇر.

— ھازىر تۆمۈرخان شەھىرىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. تىڭشاپ باقە، قېنى، كارامىتىڭنى كۆرۈپ باقايلى! — دېدى شامال ئاياغ باتۇر. سەگەك قۇلاق باتۇر ئوڭ - سول قۇلىقىنى نۆۋەت بىلەن يەرگە يېقىپ تىڭشاپ:

— تۆمۈرخان ئوردىسىدا ئۇنىڭ قىزىنى سوراپ ئەلچىلەر كەپتۇ، تېز ماڭايلى! — دېدى.

تۆتى ئالدىراپ يولغا ئاتلاندى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ باغرىغا كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، ئالدى تەرەپتىكى تاغ بىر دەم ئېگىزلەپ، يەنە بىر دەم پەسلەۋاتقۇدەك، يېقىن كېلىپ قارىسا بىر ئادەم تاغنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، يەنە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەنە ئېلىپ، يەنە قويۇپ ئويناۋاتقۇدەك.

سەلىم ئۇنىڭ كىملىكىنى، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سورىدى.

— مەن تاغ يۆتكەر باتۇر بولىمەن. تۆمۈرخاننىڭ شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن سىلەرنى ساقلاپ تۇرغانىدىم. زېرىكىپ، ئىچىم پۇشۇپ، تاغ يۆتكەپ ئويناۋاتقانىدىم، — دېدى تاغ يۆتكەر باتۇر.

ئۇلار بەش ئادەم بولۇپ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قالدى. قارىغۇدەك بولسا، كۆلنىڭ سۈيى بىر دەم كۆتۈرۈلۈپ، بىر دەم سۈمۈرۈلۈپ تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىسا، قومۇشلۇق ئارىسىدا بىر ئادەم كۆل گىرۋىكىدە دۈم يېتىۋېلىپ سۇنى بىر دەم سۈمۈرۈپ، يەنە چىقىرىپ ئويناۋاتقۇدەك.

— پېقىرنىڭ نامى سۇ سۈمۈرگۈچ بولىدۇ. ئەۋلىيا بوۋاينىڭ تاپشۇرۇقى

بويىچە سىلەرنى ساقلىغاچ كۆل سۈيىنى سۈمۈرۈپ ئويناپ تۇرغانىدىم، — دېدى سۇ سۈمۈرگۈچ باتۇر سەلىمىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئالتە ئادەم بولدى. سەگەك قۇلاقنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن دەرهال يولغا ئاتلاندى. سۇ سۈمۈرگۈچ باتۇر يولدا لازىم بولىدۇ، دەپ كۆل سۈيىنى بىر سۈمۈرۈۋىدى، ئاغزىنىڭ بىر قوۋۇزىغا يېرىم كەلدى. ئۇلار ماڭدى، ماڭدى هارمىدى. بىرەرسىمۇ ئايرىلىپ قالمىدى، بەلكى بارغانسېرى قېرىنداشلاردەك بىر-بىرىگە ئىجىل بولۇپ قېلىشتى، هەممىسى سەلىمىنىڭ ئاغزىغا بېقىشتى. ئۇلار يولنى مول يۈرۈپ، تۆمۈرخاننىڭ شەهرىگە بىرنەچچە چاقىرىم يول قالغاندا، ئۇلارغا غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. سەگەك قۇلاق باتۇر يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ: «تۆمۈرخاننىڭ ئىككى ئىتى بىز تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ»، دېدى.

تۆمۈرخاننىڭ يوغانلىقى ئىككى ياشلىق كالىدەك، سەگدەك ئىككى ئىتى بولۇپ، بۇ ئىتلار قاۋىغانچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. ئىتلارنىڭ قاۋىشىدىن تاغ-تاشلار جاراڭلايتتى. ئاياغنىڭ سالىقىدىن يەر تىترەيتتى. كېلىۋاتقان ئىتلارنى كۆرۈپ، تاغ يۆتكەر باتۇر قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان تاغنىڭ بىر پارچىسىنى ئېتىۋىدى، ئىتلار تاغنىڭ ئاستىدا قالدى. هاۋشىشى ئۆچتى.

سەلىملەر تۆمۈرخاننىڭ شەهرىگە يېتىپ كېلىپ ئۇدۇللاپ ئوردىغا كىردى. تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن ناتونۇش بۇ ئالتە كىشىگە كىشىلەر هەيرانلىقتا قاراپ قېلىشتى. تۆمۈرخان ئۇلاردىن:

— سىلەر شەهەرگە كىرگۈچە ئالدىڭلارغا بىرەر نەرسە ئۇچرىمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇچرىدى. ئىككى ئىت ئۇچرىدى. يەردىن ئىككى تال تاش ئېلىپ ئېتىۋىدۇق، تېگىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدى، — دېدى تاغ يۆتكەر باتۇر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۆمۈرخان چۆچۈدى. تۆمۈرخان ئەسلىدە ئۆزىگە تەۋە بىر خاننىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋاتقانىدى. ئىلاجىسىز سەلىملەرنىمۇ يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى. زىياپەت ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىدى. سەلىم كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى.

— تەۋەيىمدىكى بىر كىچىك خانمۇ قىزىمنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. سىلەرمۇ كېپسىلەر. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئادەت بويىچە قىز سوراپ بىر ۋاقىتتا كېلىپ قالغان ئەلچىلەر ئۆزئارا كارامەت كۆرسىتىدۇ. قايسى تەرەپ ئۇتۇپ چىقسا، قىزنى شۇ تەرەپ ئالىدۇ، — دېدى تۆمۈرخان.

ئەتىسى ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا كارامەت كۆرسىتىش سورۇنى تۈزۈلدى. ئالدى بىلەن كىچىك خان تەرەپ مەيدانغا يوغان بىر بۇقىنى چىقاردى. بۇقا هۆركىرەپ، يەرنى تۇرتۇپ هەيۋە كۆرسەتتى. سەلىم تەرەپتىن تاغ يۆتكەر باتۇر مەيدانغا چۈشۈپ، بۇقىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىپ بىر ئاتقانىدى، بۇقا يەرگە چاپلىشىپلا قالدى. كىچىك خان تەرەپ لەپىلىمە جادۇنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇنىڭ يۈگۈرۈش كارامىتى شامالدىنمۇ تېز ئىدى. ئىككىسى مۇسابىقىگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەي سۇنۇلدى. شامال تاغ باتۇر ئۆمرد-
دە بۇنداق «دورا بەھوش» نى كۆرۈپمۇ،
ئىچىپمۇ باقمىغاچقا، ئۇنىڭغا بۇ مەي تېز
تەسىر قىلىپ، مەست بولۇپ قالدى. خۇ-
شاللانغان لەپلىمە جادۇ ئۇنى بىر يۇلغۇن
تۈۋدە ياتقۇزۇپ قويۇپ، شامالدەك يۈ-
گۈرۈپ كەتتى. سەگەك قۇلاق باتۇر يەر
تىڭشاپ، يالغۇز لەپلىمە جادۇنىڭلا ئاياغ
تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى سەلىمگە
مەلۇم قىلدى. سەلىم شامال ئاياغنىڭ
مەست بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، ئەۋلىيا
بوۋاي بەرگەن ھاسا بىلەن يەرنى قاتتىق
بىر ئۇرۇۋىدى، يەر سىلكىنىپ كەتتى.
شامال ئاياغ باتۇر سىلكىنىشتىن ئويغى-
نىپ قارىسا، لەپلىمە جادۇ يىراقلاپ كې-
تىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرغىنىچە شامالدىن
تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ لەپلىمە جادۇنىڭ
ئالدىغا ئۆتتى-دە، نىشانغا ھەممىدىن
بالدۇر يېتىپ كەلدى.

— ھە، تۆمۈرخان، ئەمدى قىزلىرىنى
بىزگە بېرەلا، — دېدى ئۇ. تۆمۈرخان بۇ-
لارغا كۈچ بىلەن تەڭ كېلەلمەيدىغانلى-
قىنى بىلىپ، بىر ھىيلە قىلىشنى ئويلىدى.

— تەلىپىڭلارنى بەجاكەلتۈرىمەن. بۈ-
گۈن كەچتە سىلەرگە ئۇزىتىش زىياپىتى
بېرەي، — دېدى. ئۇنىڭ مەقسىتى سەلىم-
لەرنى دورا بەھوش بىلەن مەست قىلىۋې-
تىپ، ئاندىن ئۇلار ياتقان تۆمۈر سارايغا
ئوت قويۇپ، كاۋاپ قىلىۋېتىش ئىدى.
چۈشتىن كېيىن كەچكىچە زىياپەت بولدى.
سەلىملەرخۇش پۇراقلىق مەينى كۆپ ئىچىش-
تى. بىر-بىرلەپ مەست بولۇپ قالدى.
تۆمۈرخاننىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى تۆمۈر
سارايغا ياتقۇزۇپ، سارايىنىڭ تۆت ئەت-
راپىغا، ئۈستىگە ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت
ياقتى. ساراي تاملىرى قىزىپ، ئۇلارنىڭ
مەستلىكىنى يېشىۋەتتى. سۇ سۈمۈرگۈچ
باتۇر ئاغزىغا قاچىلىۋالغان بىر كۆلنىڭ
سۈيىنى بىر پۈركۈۋىدى، تۆمۈر تاملار
شۇ ھامان سوۋۇپ كەتتى. تاڭ ئېتىشى
بىلەن تۆمۈرخان ۋەزىرلىرى بىلەن سەلىم-
لەر ياتقان سارايغا كەلدى. ئۇ ئالتەيلەن-
نى ئاللىقاچان كاۋاپتەك پۇچىلىنىپ بول-
دى، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى. لېكىن سە-
لىملەر تۆمۈرخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ:
«بىزنى نېمانداق سوغۇق سارايغا ياتقۇ-
زۇپ قويدۇڭلار» دەپ رەنجىگەندەك بو-
لۇشتى ھەم خاننىڭ ئەمدى قىزنى چو-
قۇم بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. تۆ-
مۈرخاننىڭ قىزىنى بۇلارغا قوشۇپ قويۇش نىيى-
تى بولمىغاچقا، يەنە بىر ھىيلە ئويلاپ چىقتى.

— مەن سىلەرگە قايىل، قىزىمنى بېرەي،
بۈگۈن ئاخشام مەن سىلەرگە ئۇزىتىش
مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئەتە سەھەردە يولغا
سېلىپ قوياي، — دېدى تۆمۈرخان ھىيى-
لىگەرلىك قىلىپ. ئۇ ئوردا ئاشپىزىنىڭ
يېنىغا كىرىپ، ئىككى قازاندا گۆش پى-
شۇرۇپ، بىرىگە ئۆتكۈر زەھەر سېلىپ،
زەھەر سېلىنغان گۆش، شۇرپىنى سەلىم-
لەرگە تارتىشنى تاپىلىدى. ئاشپەز خان-
نىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا كىرىشتى. بۇلار-
نىڭ قىلىشقان گەپلىرىنى سەگەك قۇلاق
يەر تىڭشاپ ئاڭلىۋالدى. ئۇ تۆمۈرخان
بىلەن ئاشپەز ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان
گەپلەرنى ھەمراھلىرىغا مەلۇم قىلدى.

شەپىسىز ئوغرى شەپە چىقارماي
مورا ئارقىلىق ئاشخانىغا چۈشۈپ، زەھەر
تاشلانغان قازان بىلەن زەھەر تاشلانمى-
غان قازاننى ئالماشتۇرۇپ قويدى. پىياز
توغراش بىلەن بولۇپ قالغان ئاشپەز بۇ-
نى زادى سەزمىدى. گۆشمۇ پىشتى. مۇ-
راسىم داستىخىنى سېلىنىپ، گۆش، شور-
پىلار كەلتۈرۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپ
گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى. پەقەت
تۆمۈرخانلا ساھىبخانلىق قىلىمەن، دەپ

گۈش يېيىشكەنىدى. ئۇنىڭ قالغان ئادەملىرى، كىچىك خان ئەلچىلىرى زەھەرلىنىپ، بىر-بىرلەپ ھەق جايىنى تاپتى. ئىشنىڭ تېگىنى پەملىگەن تۆمۈرخان سەلىملەرگە زادىلا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. نائىلاج قىزىنى سەلىملەرگە قوشۇپ قويدى. سەلىملەر تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ، خەيبەر شەھىرىگە قاراپ ئاتلاندى. شەھەرگە ئۇن كۈنلۈك ئارىلىق قالغاندا تۆمۈرخاننىڭ قىزى:

— مەن بىر پادىشاھنىڭ قىزى. مېنى ئالىدىغان كىشى ھەرقانچە چوڭ شاھ بولسىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا چىقىشى كېرەك. بولمىسا قايتىپ كېتىمەن، — دەپ تۇرىۋالدى.

قىزنىڭ تەلىپى يوللۇق بولغاچقا سەلىم ماقۇل دەپ شەھەرگە قاراپ ماڭماقچى بولدى.

— پادىشاھ ئۇلۇغ قول ۋەزىرىنىمۇ ئالغاچ كەلسۇن. ئۈچىڭلار ئاتلىق كېلىڭلار. قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دېدى قىز سەلىمنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ.

سەلىم شەھەرگە يېتىپ كېلىپلا ئوردىغا كەلدى. قىزنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، شاھ بىلەن ئۇلۇغ قول ۋەزىر ئالدىمغا كەلمىسە، قايتىپ كېتىمەن، دېگەنلىكىنى ئېيتتى. قىزنىڭ قولىغا كەلگەنلىكىنىڭ خۇشاللىقىدا پادىشاھ ۋەزىرنى ئېلىپ، يولغا ئاتلاندى. يىراقتىن توپا-چاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن بەش ھەمراھ قىزغا: «بىزنىڭ سەلىمگە قىلىدىغان يارىدىمىمىز ئاخىرلاشتى. بىز ئۆز ماكانلىرىمىزغا قايتىمىز. سەلىم كەلسە مۇشۇ گەپنى دەپ قويۇڭ» دەپ ھەرقايسى تەرەپكە كېتىشتى.

سەلىم، پادىشاھ ۋە ئۇلۇغ قول ۋەزىر يېتىپ كەلدى. قىز يەردىن بىر سىقىم توپا ئېلىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ ھۆرۈپ تۇرغاندى. ئۇلارنىڭ كېلىشىگە قىز قولىدىكى توپىنى پادىشاھ بىلەن ئۇلۇغ قول ۋەزىرگە چاچتى. پادىشاھ شۇ ھامان بۆرىگە، ۋەزىر تۈلكىگە ئايلىنىپ قالدى-دە، بۆرە تۈلكىنى قوغلاپ، چەكسىز باياۋانغا قاراپ كەتتى. سەلىم بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى قىزدىن سورىدى.

— خەيبەر پادىشاھنىڭ قىزى سىزگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇ قىز بايا تۈلكىگە ئايلاندۇرۇلغان ۋەزىر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پادىشاھنىمۇ، سىزنىمۇ ئۆلتۈرمەكچىدى. شاھنىڭ غەرىزى قىزىنىڭ باھانىسىدە سىزدەك يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاجايىپ-غارايىپ مال-دۇنيا ۋە شان-شۆھرەتكە ئىگە بولۇش ئىدى. شۇڭا مەن ئۇلارنى ئۆز تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ھايۋانغا ئايلاندۇرۇۋەتتىم. كېلىڭ، ئەمدى خۇشاللىق توينى ئىككىمىز ئوينايلى، — دېدى قىز مەنىلىك كۈلۈپ. سەلىم قىزنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى. ئۇلار خۇشال-خۇرام ھالدا شەھەرگە كىردى. زالىم پادىشاھ بىلەن ھىيلىگەر ۋەزىرنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلاندى. شەھەر خەلقى سەلىمنى ئۆزىگە پادىشاھ قىلىپ سايلىۋالدى. سەلىم توي قىلىپ، قىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى ھەم ئۇنى ئۆزىگە ئۇلۇغ قول ۋەزىر قىلدى. تۇل ئانىسىنىمۇ ئوردىغا ئەكەلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ بىر ئۆمۈر جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆسكەن تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى سەلىم خەيبەر شەھىرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەدلى-ئادالەت بىلەن شەھەر سوراپ، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-ئورۇقلارنىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئۇلارغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلدى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۆيدىن سايىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قابىل پالۋان



(چۈچەك)

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، مۇسۇلمانلار
ماكانىدا قاۋۇز شاھ دېگەن بىر پادىشاھ
ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر
يەرلەرگە بېرىپتۇ. ئەمما پەرزەنت يۈزى
كۆرمەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلى پەرىشان
بولۇپ، كۆپ ھەسرەت چېكىپتۇ. پادىشاھ
ئوردىسىغا ھېكمەت ئالىملىرىنى يىغىپ
كىتاب كۆرۈپ بېقىشنى، دەردىگە دەرمان
ئىزدەشنى بۇيرۇپتۇ. ئالىملار:
— كىتابتا «پەرزەنتسىز كىشىنىڭ ئۇ
دۇنيالىقىمۇ، بۇ دۇنيالىقىمۇ ياخشى ئەمەس»
دەپ يېزىلىپتۇ. «بۇنىڭغا خۇدادىن باشقا
ھېچكىم ئامال قىلالمايدۇ، خۇداغا يالۋۇرغايلا»
دەپتۇ. پادىشاھنىڭ دەردى ئېشىپ كۈندۈزلى-
رىمۇ كېچىگە ئايلىنىپتۇ. شۇ ئۇزۇن ھەس-
رەتلىك كېچىلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىر
چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاقساقال
كىشى كېلىپ خالتىسىدىن بىر جۈپ ئالما
ئېلىپ:
— بۇ ئالمىنىڭ بىرىنى خوتۇنىڭىز،
بىرىنى ئۆزىڭىز يېسىڭىز ئاللا پەرزەنت
ئاتا قىلىدۇ. بالىڭىز تۇغۇلغاندا ئىسمى-
نى قابىل قويۇڭ، — دەپلا غايىب بولۇپتۇ.
پادىشاھ ئويقۇدىن ئويغىنىپ چۈشىنى ھېچ-
كىمگە تىنماپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن خو-
تۇنىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقى مەلۇم بوپ-
تۇ. شادلىقتا كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەن-
لىكى تۇيۇلماپتۇ. شاھ خوتۇنى توققۇز ئاي
توققۇز كۈن توققۇز سائەت توققۇز
دەقىقە ئۆتكەندە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.
بالىغا قابىل دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. پادىشاھ
چوڭ توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپتۇ. بالا سەككىز
ياشقا كىرگەندە پادىشاھ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ.
سەككىز ياشلىق قابىلمۇ:
— شاھ ئاتا، مېنىمۇ بىللە ئېلىپ
بارساڭ، مەنمۇ ئويناپ كەلسەم قانداق؟ —
دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شاھ ماقۇل بولۇپ، بالى-
سىنى ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ
ئاتقا مىنىپ شىكارغا چىقىپتۇ. تاشلىق
سايلاردىن ئۆتۈپ كاتتا قومۇشلۇققا كېتى-
ۋاتسا ھەيۋەت يوغان بىر چىشى ئېيىق
پەيدا بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئارقىسىدا
ئولتۇرغان قابىلنى چىشلەپلا ئات ئۈستى-
دىن چۈشۈرۈپ ئېلىپ قېچىپتۇ. ئېيىق-
نى ئىز باستۇرۇپ قوغلاشقا ھېچكىم جۈر-
ئەت قىلالماپتۇ. پادىشاھ ئېيىقنىڭ ئار-
قىسىدىن قوغلاپ يېتەلمەي ئاۋارە بولۇۋات-
قاندا ئېيىق تاغ غارىغا كىرىپ كۆزدىن
غايىب بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ۋە
ئۇنىڭ شىكارداشلىرى تىت - تىت بولۇپ
بىرقانچە كۈن غارلارنى، ساي، ئۆڭكۈر-
لەرنى، جىلغىلارنى ئاختۇرۇپتۇ. بالا تېپىل-

ىماپتۇ. نائىلاج شەھەرگە قايتىپتۇ. پادى-
شاھنىڭ ھەسرەت - نادامەتلىك كۆڭلىرى
باشلىنىپتۇ. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندە
قاۋۇل پادىشاھ يەنە ئوۋغا چىقىپ ئوغلىد-
نى ئېيىق ئېلىپ قاچقان قومۇشلۇققا كې-
لىپتۇ. كېتىپ بارسا، ئالدىنى بىر چوڭ
چىشى ئېيىق توسۇپ پادىشاھنى يىيىشكە
خىرىس قىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى ئې-
سىگە كېلىپ دەرغەزەپ بولۇپ، قىلىچ
بىلەن ئېيىقنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ-
تۇ. دەل شۇ چاغدا قومۇشلۇق ئارىسىدىن

ئون سەككىز ياشلىق، ھەيۋەت ئېگىز،
يونۇمىغان توغراقتەك بىر يىگىت چىقىپ:
— ھەي ئادەم، سەن قايسى يۈرىكىڭ
بىلەن ئانامنى ئۆلتۈردۈڭ؟ — دەپ قىلىچىنى
يالىڭاچلاپ، «مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ ئانام-
نىڭ قىساسىنى ئالىمەن» دەپتۇ. قاۋۇز
شاھ:
— ھەي بالام توختا، سەن مېنىڭ
بالام ئىكەنسەن، ئون يىل ئالدىدا سەككىز
ياش چېغىڭدا سېنى مۇشۇ ئېيىق ئېلىپ قاچ-
قان. بۈگۈن ئاتا - بالا تېپىشتۇق. ئىس-
مىڭ قابىل ئىدى، — دەپ-
تۇ. يىگىت ئويلىسا راست
شۇنداق. قابىل قاۋۇز شاھقا
ئۆزىنى ئېتىپ، ئەدەبسىز-
لىكى ئۈچۈن ئەپۇ سو-
راپتۇ. شاھ شىكارنى ئا-
خىرلاشتۇرۇپ قابىلنى ئاتقا
مىندۈرۈپ يار - بۇرادەرلىرى
بىلەن شەھەرگە قاي-
تىپتۇ. بالىسى دىدارلاش-
قانىنىڭ خۇشاللىقىدا چوڭ
تاماشا ئۆتكۈزمەكچى بولغان-
دا قابىل پالۋان شاھنىڭ
ئالدىغا كېلىپ:
— ھۆرمەتلىك ئاتا،
مەن ئۆسكەن جاڭگالنى بىر
كۆرۈپ كېلىۋالسام، ماڭا
رۇخسەت قىلسىڭىز، — دەپ
ئىلتىماس قىپتۇ.
پادىشاھ ئىلاجسىز
رۇخسەت قىپتۇ. قابىل
قاۋۇز پادىشاھ بىلەن خوش-
لىشىپ چۆل - جەزىرىگە
يول ئاپتۇ. پادىشاھ:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ئەن بۇ بالىغا شۇنچە پەرۋىش قىلسامۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي چۆلگە ماڭدى. بۇنىڭدا بىر سىر بار» دەپ ئويلاپ ئارقىسىدىن ئىككى نەپەر پايلاقچىنى ئەۋەتىپتۇ.

ئۇلار قابىلنىڭ كەينىدىن ئىزمۇ ئىز مېڭىپ، قابىلنى كۆزەتكۈدەك بولسا، قابىل ھېلىقى قومۇشلۇققا بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىنىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ:

— ۋاي ئانام، سىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئاخىر بىر كۈنى قىساسىڭنى ئالماي قويمايمەن، — دەپ يىغلاپتۇ.

پادىشاھ پايلاقچىلارنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ غەزەپ-ئاچچىقتىن تىترەپ كېتىپتۇ. دۆلەت كاتتىلىرىنى، مەسلىھەتچىلەرنى يىغىپتۇ. كېڭەش ئەھلىگە ئوغلىنىڭ دېگەنلىرىنى يەتكۈزۈپ، كېلىشى مۇمكىن بولغان ئاپەتنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىشى ھەققىدە ئەقىل سوراپتۇ. باش ۋەزىر:

— شاھ ئالىيلىرى، ئوغۇللىرىغا بۇيرۇسىلا. چۆلدىكى بارلىق قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىپ شەھەرنىڭ يېنىدىكى قومۇشلۇققا توپلىسا بۇ زىياپەت تەييارلىقى دېيىلسە، ئوغۇل ھەممە قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىپ بولغۇچە جاڭگالدىكى ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولىدۇ. بىز قۇتۇلىمىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئەقىلنى لايىق تېپىپ، بالىسىنىڭ ئالدىغا «بارلىق قۇرۇق ئوتۇنلارنى يىغىش» ھەققىدە پەرمانچىلاردىن بۇيرۇق كىرگۈزۈپتۇ. قابىل بۇيرۇق يەتكۈزگۈچىلەرنى شەھەرگە قايتۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا بىر نەرە تارتقانىكەن، چۆلنى ئېيىق، شىر، يولۋاسلار قاپلاپ كېتىپتۇ. قابىل ھەممە ھايۋانلارغا بارلىق قۇرۇق ئوتۇنلارنى يۆكلەپ تاغلارنى سەپكە تىز-غۇزغاندەك ھەيۋەت بىلەن ئاچچىقىپتۇ.

پايلاقچىلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— داد پادىشاھى ئالەم، قابىل پالۋان بۇ دۇنيادىكى بارلىق ۋەھشىي ھايۋانلارغا ئوتۇن يۆكلەپ، شەھەرگە يېقىنلاشتى، قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوتۇنلارنى شەھەر يېنىدىكى قۇم دۆۋىلىرىگە چۈشۈرۈشنى، ھايۋانلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇپتۇ. قابىل پالۋان دادىسىنىڭ دېگىنىنى ئىجرا قىلىپ ۋەھشىي ھايۋانلارنى چۆلگە قايتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بالىسىنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختاپتۇ. ئاخىردا:

— ئوغلۇم، چوڭ بولدۇڭ، ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغدا ماڭا تەھدىت بولۇۋاتقان ئۈچ دىۋە بار. شۇ دىۋىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ مېنى غەمدىن خالاس قىل، — دەپتۇ. قابىل:

— ماڭا ناھايىتى كاتتا گۈرزە سوقتۇرۇپ بېرىڭ، تاپشۇرۇقنى تامامەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ يۇرتلاردىكى ئۇستا تۆمۈرچىلەرنى يىغىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك گۈرزە ياسىتىپتۇ. بۇنى پۈتۈن شەھەردىكى كىشىلەر قىمىرلىتالماپتۇ. قابىل پالۋان ئون ئىككى مىڭ پاتماق ئېغىرلىقتىكى بۇ گۈرزىنى بىمالال كۆتۈرۈپ، تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ.

يولدا كېتىپ بارغۇدەك بولسا، بىر دىۋە بىر تۈپ چىنارنى قولىدا ئويناتىپ كېلىۋاتقۇدەك، قابىل دادام كېتىشنى قىلغان دىۋە مۇشۇ بولسا كېرەك، — دەپ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دىۋە، — دەپتىكەن، دىۋە:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كىشىلىك ئادەمزات، قەيەرگە ماڭىدىڭىز؟ — دەپ قابىلدىن سوراپتۇ. قابىل:

— قەيەرگە ماڭارمەن، تەكلىماكان چۆلىنىڭ يېنىدا كاتتا بىر مۇسۇلمان خانلىقى بارئىمىش، شۇ خانلىقنىڭ پادىشاھى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ بالىسىنى ئېيىقتا باقتۇرۇپ كاتتا باھادىر قىلىپ يېتىلدۈرگەنىمىش. مەن شۇ قابىل دېگەن پالۋان بىلەن ئۇچرىشىپ كۈچ سىنىشاي، دەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

قابىل:

— ياخشى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى بىلەن كۈچ سىنىشىشتىن ئىلگىرى بىز كۈچ سىنىشايلى، مەن شۇ قابىل پالۋاننىڭ شاگىرتى، — دەپتۇ.

دىۋە:

— پاھ، گېپىڭنى، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ — دەپ ئەنە قىلىپ كۈلۈپتۇ. قابىل پالۋاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تېنىدىكى ھەربىر تۈك كېيىملىرىدىن نەيزىدەك تېشىپ چىقىپتۇ. ميگىسى چاراشلاپ، كۆز ئالدىدىكى دىۋە ئەبجەقى چىققان قۇرتتەك رەزگى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى بىلىگە يىغىپ دىۋىنى قولىدىكى چىنار بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ ئاسمانغا بىر ئاتقانىكەن، دىۋە غارقىراپ ئېتىلغىنىچە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن قانچىلىغان ۋاقىت ئۆتتىكەن، بىر چاغدا دىۋە داد-پەرياد ئۇرۇپ چۈشۈۋېتىپ:

— ۋاي يىگىت، مېنى تۇتۇۋال، يەرگە سوقۇلسام كۇكۇم بولۇپ كېتىمەن، قۇلۇڭ بولۇپ، خىزمىتىڭنى قىلاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. قابىل دىۋىنىڭ بېلىدىن تۇپلا يەردە تىكلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. دىۋە قابىلغا تەشەككۇر تەزىملىرىنى ئادا قىلىپ:

— مەن قابىل پالۋاننىڭ يېنىغا بارمايمەن. شاگىرتى شۇنچە كۈچلۈك بولسا، ئۆزى قانداق بولماقچى، خىزمىتىڭىزنى قىلاي، — دەپتۇ.

چىنار پالۋاندىن كېيىن، تاش ئاتار پالۋان ئۇچراپ كۈچ سىنىشىپ تەسلىم بوپتۇ. يەنە كۆپ ماڭغاندىن كېيىن تاغ يۇدەر پالۋان دېگەن دىۋىنى ئۇچرىتىپ يەتتە كېچە-كۈندۈز تۇتۇشۇپ، ئاخىر ئۇنىمۇ تەسلىم قىلىپ، يولغا راۋان بوپتۇ.

قابىل ئۈچ دىۋىنى كەينىگە سېلىپ كۆپ يولنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر تاغ جىلغىسىغا كەلسە، يەتتە باشلىق يالماۋۇز قىرىق قۇلاقلىق قازاندا گۆش پىشۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك. قابىل بىلەن ئۈچ دىۋىنى كۆرگەن يالماۋۇز قابىلنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، بۈگۈنكى رىزقىم ئۆز ئايىقى بىلەن كەپتۇ. كەچلىكىمگە ئۈلگۈردۈڭلار، — دەپتۇ. قابىلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، غەزىپى ئىچىگە پاتماپتۇ-دە، دادىسى سوقتۇرۇپ بەرگەن گۈرزىسىنى ئېلىپ يالماۋۇزنى بىر سالغانىكەن، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىغا پېتىپ كېتىپتۇ. قابىل قارىغۇدەك بولسا، ئەتراپ ئېسىل دەرەخلەر، گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، ناھايىتى ھاۋالىق، ئىچەي دېسە بۇلاقتىن زىلال سۇلار قايناپ-تېشىپ ئېقىۋاتقان، بەئەينى قۇياش ئالتۇن چاچقاندەك كۆرۈنۈپتۇ. قابىل ئۆزىنى روھلۇق، بەختىيار ھېس قىپتۇ.

ئۇ خورسەنچىلىكىدە:

— ھەي دېۋىلەر، خالىساڭلار قازاندىكى گۆشنى يەڭلار، — دەپتۇ. ئۈچ دېۋە ھەرقانچە يېسىمۇ قازاندىكى گۆش يېرىملاشماپتۇ. قابىل قازاننى ھەش-پەش دېگۈچىلا بىكارلاپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ، بۇ مەنزىرىلىك جايدا بەش كۈن دەم ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نۆۋەت بويىچە بىرى گۆش پىشۇرماقچى، قالغان ئىككى دېۋە قابىل بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا چىقماق بوپتۇ. چەك تاشلىشىپ تاش پالۋان گۆش پىشۇرۇشقا قاپتۇ. تاش پالۋان گۆش پىشۇرۇپ ئولتۇرسا، ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ بىر بوۋاي بىر دانە ئۆچكىگە مىنىپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن تاش پالۋاننىڭ زۇۋانى ئۇچۇپ، تىترەشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى بوۋاي ئۆچكىدىن چۈشمەيلا ماڭا گۆش بەر، — دەپتۇ. تاش پالۋان:

— گۆشنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ، — دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بوۋاي ئۆچكىدىن چۈشۈپ، قازاننىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپلا بىر دەم تارتىۋالغانىكەن، گۆش دومىلاپلا ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ. يۇمشاقلىرىنى يۇتۇپ، سۆڭەكلىرىنى قۇم پۈركۈگەندەك پۈركۈپ چىقىرىۋېتىپتۇ. تاش پالۋان بۇنى كۆرۈپ، ئەمدى قابىل پالۋان كەلسە قالداقمۇ قىلارمەن، — دەپ ئەنسىرەپ سۆڭەكلەرنى يىغىپ قازانغا تاشلاپ قايىنىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەش كېچە-كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن، قابىل بىلەن ئىككى دېۋە كەپتۇ. ئۇلار قارىسا قازاندا گۆش ئەمەس، سۆڭەك قايناپ تۇرغۇدەك. قابىل پالۋان:

— «بوپتۇ»، سىلەر ئوۋغا چىقىڭلار. بۈگۈن گۆشنى مەن پىشۇراي، — دەپتۇ. دېۋىلەر ئوۋغا كېتىپتۇ. قابىل گۆشلەرنى قازانغا سېلىپ، ئوتنى گۈلدۈرلىتىپ قالاپ، گۆشنى پىشۇرۇۋاتقانىكەن، دەل شۇ چاغدا ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ بوۋاي ئۆچكىگە مىنىپ كېلىۋاتقۇدەك. قابىل بوۋاينىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئوچاققا ئېغىرلىقى ئون ئالتە مىڭ پاتمان كېلىدىغان بىر تاشنى تىقىپ قويۇپتۇ. تاش قىزىپ چوغدەك بولۇپتۇ. ھېلىقى بوۋاي كېلىپ:

— ماڭا گۆش بېرىڭ، دەپتۇ. قابىل:

— گۆشنى ئۆزۈڭ ئال، — دەپتۇ. بوۋاي قازان بېشىغا كېلىپ، كىچىككىنە قوللىرى بىلەن قازاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ گۆش يېمەكچى بولغانىكەن، قابىل ئوچاقتىكى چوغدەك قىزارغان تاشنى ئېلىپ بوۋاينىڭ بېشىغا قارىتىپ شۇنداق ئېتىپتۇكى، بوۋاينىڭ بېشى گەۋدىسىدىن ئۈزۈلۈپتۇ. تۇتۇن ئۆرلەپتۇ. ئەمما بۇ باش «خەپ، خەپ، مەن ساڭا كۆرسىتىمەن!» دېگىنىچە دومىلاپ قېچىپتۇ. قابىل ھېلىقى كېسىك باشنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتەلمەي يوغۇر دۈبىر دەپتۇ.

كېسىك باش بولسا قۇيۇندەك يومىلانغىنىچە بىر تۆشۈككە كىرىپ غايىب بوپتۇ. قابىل كەينىگە يېنىپ قازان بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۈچ دېۋە كەچلىكى ئوۋدىن قايتىپ كەپتۇ. قارىسا قابىل پالۋان بەخىرامان گۆش پىشۇرۇۋاتقان. دېۋىلەر قابىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۆش يەپ قورسىقىنى توقلاشقاندىن كېيىن قابىل دېۋىلەرگە:

— مۇلۇ ئۆچكىنىڭ تۈكىنى يۇلۇڭ-

لار! — دەپتۇ. ئۈچكىنىڭ تۈكىسى يۇڭدالغاندىن كېيىن: «بۇنىڭدا پىششىق ئارغامچا ياساڭلار!» دەپتۇ. قابىل دىۋىلەرنى باشلاپ ھېلىقى تۆشۈككە كېلىپ:

— قايسىڭلار مۇنۇ تۆشۈككە كىرىپ چىقىسىلەر، — دەپتۇ.

چىنار پالۋان:

— مەن كىرەي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، چىنار پالۋاننىڭ بېلىنى بايىقى ئارغامچا بىلەن باغلاپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپتۇ، چىنار پالۋان بەش-ئالتە مېتىر تۆۋەنگە چۈشمىسىمۇ يوق. «مەن قورقتۇم. مېنى تارتىۋېلىڭلار» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئۇنى تارتىۋاپتۇ. ئارقىدىن تاش ئاتار پالۋاننى، تاغ يۇدەر پالۋاننى كىرگۈزۈپتىيۇ، ھەممىسى ئاللا-تۇۋا چاقىرىپ، يەر ئاستىغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئاخىر قابىل:

— جۈرئەتسىز ئىكەنسىلەر پالۋانلىرىم، سىلەر ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مەن چۈشەي، — دەپتۇ-دە، ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ، بىر ئۇچىنى دىۋىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، تۆشۈككە كىرىپتۇ. يۈز غۇلاچ ئارغامچا چۈشۈرۈلۈپ تۈگىگەندىلا يەرگە پۇتى تېگىپتۇ. قابىل ئۇيان-بۇيانىنى سىلاپ-سىيپاپ مېڭىپ بىر يورۇقلۇققا چىقىپتۇ-دە، شۇنداق قارىشى بىلەن يورۇقلۇققا ئېسىلىپ تۇرغان بىر تۆمۈر قەپەسكە كۆزى چۈشۈپتۇ. قەپەستە ئايدەكمۇ چىرايلىق بىر قىز تۇرغۇدەك. قابىل قىزنىڭ يېنىغا بارغانىكەن، قىز قابىلنى كۆرۈپ:

— سەن ئادەمزاتمۇ؟ ياكى جىنمۇ؟ بۇ يەرگە ئادەمزات كىرگەن ئەمەس. ئۇچار قانات كىرسىمۇ قانىتى كۆيەتتى. سەن بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. قابىل:

— قانداق بولۇپ كىرەتتىم؟ مەن ئۆزى بىر غېرىچ، ساقىلى ئىككى غېرىچ بوۋاينىڭ بېشىنى ئىزدەپ كىردىم، — دەپتۇ. قىز ھەسرەتلىنىپ:

— خەتەرلىك قەدىمىڭدىن يانغىن. سەن ئىزدەپ كىرگەن باش — يەر ئاستى پادىشاھى رەزگۇننىڭ بېشىدۇر، ئۇنىڭ قول ئاستىدا نەچچە مىڭ ئاق دىۋە، نەچچە مىڭ قارا دىۋە، نەچچە مىڭ سېرىق دىۋە خىزمەتتە. ئەگەر سەن ئۇلارغا تىغ ئىشلىتىپ بىر تامچە قان تۆكسەڭ، شۇ بىر تامچە قاندىن نەچچە مىڭ دىۋە ئاپىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئارقاڭغا يانغىن، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. قابىل:

— يىگىت سۆزىدىن قايتمايدۇ، نەسىھەتىڭ ۋاقتى ئۆتتى. مۇھىمى سىز ماڭا ياردەم كۆرسىتىڭ، بۇ يەردىكى سىرلارنى بايان قىلىڭ، — دەپتۇ.

قىزنىڭ يىگىتكە ئىشەنچى ئېشىپ:

— ئۇنداق بولسا، ھازىر دىۋىلەرنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. يەنە ئوتتۇز يەتتە كۈن ئۇخلايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئۇخلىشىدىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرسەڭ بولىدۇ، ئەگەر سەن ھېرىپ قالغۇدەك بولساڭ مەن كۆزۈمنى يۇمىمەن. يەر ئاستى پادىشاھلىقى قاراڭغۇ بولىدۇ. ھاردۇقۇڭ چىققاندا «ھە» دېسەڭ كۆزۈمنى ئاچىمەن. يەر ئاستى پادىشاھلىقى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدۇ. دىۋىلەر قاراڭغۇدا ئۇرۇشالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ رەزگۇننىڭ بېشىنى تاپىسەن، — دەپتۇ.

قابىل قالتىس غەزەپ-ئاچچىقى بىـ

لەن بىر نەرە تارتقانىكەن، دېۋىلەر ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ:

— كىم بىزنى ئۇخلىغىلى قويماي دىغاندۇ، — دەپ سىرتقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەمزات تۇرغۇدەك، دېۋىلەر دەرھال ھەرىكەتلىنىپ قابىلغا يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. قابىل گۇرزىسىنى ھەر بىر ئايلاندۇرۇپ زەرب بىلەن ئۇرغاندا مىڭ دېۋىنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپتۇ. ھەر ئاچە دېۋە قېنىدىن مىڭلاپ دېۋە ئاپىرىدە بولىۋېرىپتۇ. قابىل كۆنلەپ-كۆنلەپ شۇ تەرىقىدە ئۇرۇشۇپ ھېرىپتۇ. ئاخىرى:

— مەن ھاردىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ. قىز پەخەس بولۇپ تۇرغانىكەن. دەرھال كۆزىنى يۇمۇپتۇ. يەر ئاستى قاراڭغۇلىشىپتۇ. دېۋىلەر ئۇرۇشالماي كەينىگە چېكىنىپتۇ. قابىل بولسا بىمالال ھاردۇق ئاپتۇ.

قابىل تازا ھاردۇقى چىققاندا:

— ھاردۇقۇم چىقتى، — دەپ ۋارقىراپتۇ. مەلىكە كۆزىنى ئاچقانىكەن، يەر ئاستى پادىشاھلىقى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. قابىل شىردەك شىجائەت بىلەن يولۋاستەك چاققانلىق كۆرسىتىپ، سۈمۈرغ قانات قاققاندەك دېۋىلەرنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ، گۇرزىسىنى ھەر شىلتىشتا مىڭ دېۋىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەتتە كېچە-كۈندۈز ئۇرۇش قىپتۇ. دېۋىلەرنىڭ جەسەتلىرى تاغلاردەك دۆۋىلىنىپ يەر ئاستى دېۋىدىن خالىي بوپتۇ. ئىراق ھېلىقى رەزگۇن دېگەن دېۋىنىڭ بېشى ھېلى ئۇياقتا، ھېلى بۇياقتا قوپۇندەك پىرقىراپ: «چاپ ئۇنى، قىز ئۇنى، ئۆلتۈر ئۇنى» دەپ ۋارقىراپتۇ. قابىل غەزەپلىنىپ پوتۇن كۈچىنى بىلىكىگە يىغىپ، رەزگۇننىڭ بېشىغا گۇرزە بىلەن بىر سالغانىكەن، باش يەتتە قات تۇپىنىڭ تېگىگە پېتىپ كېتىپتۇ. ھەممە جەسەتلەرگە دەر-ھال ئوت قويۇۋېتىپتۇ. بۇنداق قىلغاندا دېۋىلەر قايتا تىرىلىپ چىقالمايدىكەن. شۇ ئىشلاردىن كېيىنلا قابىل ھېلىقى قەپەستە تۇرغان مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يەر ئاستى پادىشاھلىقىغا ئەمدى ئۆزىمىز ئىگە بولدۇق. دېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇدى، — دەپ قەپەسنى چېقىپ مەلىكىنى قەپەستىن ئاپتۇ، قابىلنىڭ مەلىكىگە، مەلىكىنىڭ قابىلغا مېھرى چۈشۈپ ئىككىسى ئۆمۈرلۈك كۆڭۈلداش ھەمراھلاردىن بولماققا كېلىشىپتۇ. بىر-بىرىگە بولغان سۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق چېكىسىگە يېتىپتۇ. ئاخىر قابىل يورۇق دۇنياغا قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشكەنىكەن، قىز:

— ئالدىرىمالى، بۇ يەردە ھېسابسىز گۆھەر، ئالتۇن، ئۈنچە-مەرۋايىتلار بار. ئاۋۋال شۇ بايلىقلارنى سىرتقا چىقىرىپ ئاندىن بىز چىقايلى. كېيىن بۇ بايلىقلار ئەسقاتسا ئەجەب ئەمەس دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئون كېچە-كۈندۈز دېگۈدەكلا گۆھەر، ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلار ساندۇقلار بىلەن ئارغامچىغا باغلىنىپ سىرتقا چىقىرىلىپتۇ. ئۈچ پالۋان بايلىقلارنى تارتىۋېلىپ ئارغامچىنى يېشىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئاخىر ئېھتىياجلىق ھېسابلانغان خەزىنە تۈگۈشۈپ كېتىپتۇ. چىقىپ كېتىش لازىم ئىكەن. مەلىكە قابىل پالۋانغا:

— ئاۋۋال سىزنىڭ بېلىڭىزنى باغلاپ چىقىرىۋېتەي، سىز چىقىپ ماڭا ئارغامچىنى چۈشۈرۈڭ. يېڭىلىپ بەيئەت قىلغان دېۋىلەرگە ئىشىنىپ بولمايدۇ، — دەپتۇ.

قابىل بولسا قىزنى يەر ئاستىدىن ئاۋۋال چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىپتۇ. قىز ئىلاجىسىز قابىلنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ ئاۋۋال چىقىپتۇ. قىز چىقىپ بولغاندىن كې-

يىمن ئارغامچا قابىلغا تاشلىنىپتۇ. قاـ
بىل بىلىنى ئاغامچىدا باغلاپ بولۇپ:
— تارتىڭلار! — دەپ ئارغامچىنى لىڭـ
شىتقانىكەن، ئۈچ دىۋە ئارغامچىنى تارـ
تىشقا باشلاپتۇ. قابىل يورۇق دۇنياغا
چىقىشقا بەش غۇلاچتەك قالغاندا، ئۈچ دىۋە:
— بۇ بىزنىڭ تارتىۋىلىشىمىزغا
ئەرزىمەيدۇ. بىز يەنىلا ئۇنىڭ خوجايىنـ
لىقىدا ياشامدۇق. هازىر دۇنيا بار. تېـ
خى كېلىشكەن قىزمۇ بار بولدى. ئارغامـ
چىنى كېسىۋېتەيلى! — دېيىشىپتۇ — دە،
«شارت» لا قىلىپ ئارغامچىنى كېسىۋېـ
تىپتۇ. قابىل بولسا تاغدىن تاشلانغان
تاشتەك قىيالارنىڭ قىزغاقلىرىغا سوقۇلۇپ،
يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. يەنتە كېچەـ
كۈندۈز ئۆتكەندە هوشىغا كەپتۇ. قارىسا
يەنە شۇ يەر ئاستى پادىشاھلىقىدا، ئۆلۈكـ
لەرنىڭ يېنىدا ياتقان، بەدەنلىرى كۆـ
كۆم تالغان بولغاندەك ئاغرىپتۇ.
هەممە ئىش بىر ـ بىرلەپ ئېسىگە
كەپتۇ، ئۈچ دىۋىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئەسـ
لەپتۇ. ئۇ غەيرەت بىلەن ئورنىدىن تۇـ
رۇپ، سىلاپ ـ سىيپاپ دېگەندەك تۆشۈكنىڭ
ئاغزىغا كېلىپ يورۇق دۇنياغا ئىنتىلىپ
يۇقىرىغا ياماشىشقا باشلاپتۇ.
يىگىرمە كۈن بولغاندا تۆشۈكنىڭ
سىرتىغا، يورۇق دۇنياغا چىقىپتۇ. قارىسا
قىزمۇ، خەزىنە ـ دەپىنەمۇ، ئۈچ دىۋىمۇ يوق،
قابىل پۇتى تايغان، بېشى قايغان تەرەپكە
مېڭىۋېرىپتۇ. قورسىقىمۇ ئېچىپتۇ، ئۇسساپتۇ.
نىمە قىلىشىنى بىلمەي كېتىۋاتسا، بىر
ئاقساقال دېھقاننىڭ ئۆكۈزىنى قوشقا قېـ
تىپ يەر هەيدەۋاتقان يېرىگە ئۇدۇل كەپتۇ.
قابىل:
— ئاكا، يېرىڭىزنى مەن ئاغدۇرۇپ
تۇراي، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ماڭا
نان، سۇ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ. دېھـ
قان بوۋاي:
— ۋاي بالام، بۇ يەر ياۋايى هايـ
ۋانلارنىڭ ماكانى. مەن گۈلخان يېقىپ
قويۇپ يەر ئاغدۇرۇۋاتىمەن. ئەگەر ياۋاـ
يى هايۋانلار بۇ يەرگە كېلىپ قالسا
ئۆكۈزنى يەپ كېتىدۇ. ئاۋاز چىقارمايـ
لى، — دەپتۇ. قابىل:
— قورقماڭ ئاتا، — يولۋاس، ئېيىقـ
لار مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلايدۇ. يېرىڭىزـ
نىمۇ شۇلار ئاغدۇرۇپ بېرىدۇ ـ دەپ بىر
نەرە تارتقانىكەن، يولۋاس، شىر، ئېـ
يىق، بۆرە ـ تۈلكىلەر بىردەمدىلا ئەتراپـ
قا توپلىنىپ ياۋاشلىق بىلەن تۇرۇپتۇ.
دېھقان قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ. قابىل
بۇ يىرتقۇچ هايۋانلارغا قاراپ:
— سىلەر بۇ يەرلەرنى دەرهال يۇمـ
شىتىڭلار، — دەپتۇ. هەش ـ پەش دېگۈچە
شىر، يولۋاسلار ساپال، ياغاچلار بىلەن
يەرلەرنى چاناپ پاختىدەك يۇمشىتىپتۇ.
ئارقىدىن تۈزلەپتۇ، بۇ پۇرسەت ئىچىدە
قابىل دېھقانغا نان، سۇ ئاچىقتۇرۇپ قورـ
سىقىنى تويغۇزۇپ، مادارلىنىپتۇ. يىگىت
هايۋانلارغا قاراپ:
— ياخشى قىلدىڭلار، بۇندىن كېيىن
بۇ دېھقانغا زادى چېقىلماڭلار. ئىشلىرىنى
قىلىشىپ بېرىڭلار، دېگەنىكەن، هەممە
ۋەهشى هايۋانلار باشلىرىنى لىڭـ
شىتىپ، ئارقىسىچە يېنىپ جاڭگاللىقا كىـ
رىپ كېتىپتۇ. قابىلمۇ دېھقانغا رەھمەت
ئېيتىپ، خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ،
يول مېڭىپتۇ هەم يول مېڭىپتۇ. كېتىپ
بارغۇدەك بولسا بىر ئايال يۈز توخۇنى
هەيدەپ بىر خورجۇن ئارتىلغان ئېشەكنى
يېتىلەپ كېتىپ بارغۇدەك. مېكىيانلار
نۆۋەت بىلەن تۇخۇم تۇغۇپ ماڭغۇدەك،
ئايال تۇخۇملارنى تېرىپ ئېشەك ئۈسـ
تىدىكى خورجۇنغا سېلىپ ماڭار ئىمىش، يىـ

www.uyghurkitap.com



گىمت تەئەججۇپقا چۈشۈپ بۇ ئىشنىڭ سىر-
رىنى سوراپتۇ. ئايال:
— ئاستا گەپ قىلىڭ يىگىت، ئۆي-
ماكانىم يوق. تۈلكە، بۆرىلەردىن ئېھتى-
يات قىلىپ مۇشۇنداق يۈرىمەن. مۇنۇ
پالتام بولمىسا، بۆرىلەر مېنى يەپ قويى-
دۇ. ئېھتىيات قىلماق لازىم، — دەپتۇ.
قابىل قارىسا راستتىن ئايال قولتۇقىغا
پالتا قىستۇرۇۋاپتۇ. يىگىت ئايالنى
توختىتىپتۇ. قورقماسلىقنى جېكىلەپتۇ.
ئارقىدىن بىر نەرە تارتقانىكەن، بۆ-
رە، تۈلكىلەرلا ئەمەس، شىر، يولۋاس،
ئېيىقلارمۇ جاڭگالنى بىر ئاپتۇ. قابىل
بۇ ۋەھشىيلەرگە قاراپ:
— بۇ يەرگە تاش كېسەك بىلەن
ئۆي، ھويلا، چوڭ قورغان سوقۇڭلار! دېگە-
نىكەن، كەچ كىرگۈچە ۋەزىپىسىنى ئادا
قىپتۇ. قابىل ھايۋانلارنىڭ قايتىشىغا
ئىجازەت بېرىپ ھېلىقى ئايالنى توخۇ-
ئېشەكلىرى بىلەن بۇ ئۆيگە جايلاشتۇ-
رۇپ رەھمىتىنى ئاپتۇ. ئايال قابىلنى
ئۆيىگە باشلاپ مىڭ تۈرلۈك پىشۇرۇپ
مېھمان قىپتۇ. ئارقىدىن قابىلغا قاراپ
يىغلاپ كېتىپتۇ. قابىل ئايالنىڭ يىغ-
لىشىدىكى سەۋەبنى سورىغانىكەن، ئايال:
— مېنىڭمۇ سىزدەك ئوغلۇم
بار ئىدى. رەھىمسىز بالالار كېسەل تې-
گىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى
مۇشۇ دەشت-باياۋاندا سەرسانچىلىقتا
ياشىغانىدىم. ئوغلۇمدەك بېشىمغا سا-
يىۋەن بولدىڭىز. بۇ قىلىچ ئوغلۇمنىڭ
ئىدى. بالامنىڭ ئورنىدا ئەسلەرسىز، —
دەپ بىر قىلىچ ئەكىلىپ ئۇنى يە-
گىتكە بېرىپتۇ. قابىل بىلەن ھېلىقى
ئايال مىڭ تەشەككۈر ۋە ئۆزرىلەر
بىلەن خوشلىشىپتۇ. قابىل بىر دەشت-
باياۋاندا تاغقا يانداشقىچە كېتىۋاتقۇدەك
بولسا، بىر تۈپ چىنار ئۆچراپتۇ. چىنار-

نىڭ ئۇستىدە ھەيۋەت چوڭ بىر ئۇۋۇ-
دا بىر نەرسە چىككاك-چىككاك قىلغۇ-
دەك. قارىسا بىر ئەجدىھا چىنارغا يا-
مىشىپ چىقىپ سۇمۇرغنىڭ باللىرىنى يېيىشكە
ئازلا قالغانىكەن. باتۇرنىڭ سۇمۇرغنىڭ بال-
لىرىغا رەھمى كېلىپ ھېلىقى ئايال بەر-
گەن شەمشەر بىلەن ئەجدىھانى چېپىپتۇ.
ئەژدىھا سۇنايلىنىپ بىر دۆۋە جەسەت
بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. قابىل ئەجدىھانىڭ
تېرىسىنى تاسما قىلىپ، گۆشىنى پارچىلاپ
باغلاپ چىنارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ سۇمۇرغنىڭ
باللىرىغا بېرىپتۇ، سۇمۇرغنىڭ باللىرى
ئەمدىلا قورسىقىنى توقلاپ تۇرۇشىغا ھاۋا
گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋەتلىك بىر سادا
ئاڭلىنىپتۇ. قابىل:
— بۇ نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سۇمۇرغنىڭ
باللىرىدىن سورىغانىكەن. سۇمۇرغنىڭ
باللىرى:
— ئى ئادەمزات، جېنىڭىزنى جايلاڭ،
ئانىمىز كېلىپ قالسا سىزنى يەپ قويى-
دۇ. بىز ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بولغۇچە
يوشۇرۇنغىنىڭىز ياخشى، — دەپتۇ.
قابىل:
— ھە، ۋاپاغا جاپا بارمۇ، — دېسە،
ئىزدىسە تېپىلار، دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. سى-
لەرگە ۋاپا قىلسام، جاپا قىلماقچىمۇ؟ —
دەپتۇ. سۇمۇرغنىڭ باللىرى:
— قورقماق، سىزنى قوغدايمىز. ئال-
دىراشلىقتا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمى-
سۇن، — دەيمىز. قانىتىمىزنىڭ ئاستىغا
يوشۇرۇنسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەپ قابىل-
نى قانىتى ئاستىغا ئاپتۇ. سۇمۇرغنىڭ تاغ
يىقىلغاندەك ھەيۋەت بىلەن بوران چىقى-
رىپ چىنارغا قونسا باللىرى ھېچبىر
چىككاكلىمىغۇدەك. گۆش تەڭلىسە ھېچ-
قايسىسى يېمىگۈدەك. سۇمۇرغ:
— ئى باللىرىم، بۈگۈن سىلەرگە
نېمە بولدى؟ بۇ چاغقىچە قانات قاققان

ئاۋازىم كېلىشىگىلا چىككاكلاپ كېتەتتىڭلار. بۈگۈن گۆش تەگلىسەم نېمىشقا يېمەيسىلەر؟ سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟— دەپ سوراپتۇ.

سۇمۇرغنىڭ بالىلىرى:

— ئانا، سىز بۇ چاغقىچە ھەر يازدا بالا چىقارسىڭىز بالىلىرىڭىزنى ئەجدىھا يەپ كەتكەنىكەن. بۈگۈنمۇ ئەجدىھا بىزنى يېگىلى تەييارلانغانىدى....، — دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى دېگىلى ئۇنىماپتۇ.

سۇمۇرغ:

— بالىلىرىم، گەپ قىلىڭلار. زادى نېمە بولدى؟ بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ تېنى پۇرايدىغۇ! — دەپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ بالىلىرى، — شۇ ئەجدىھا بىزنى يېيىشكە قىل قالغاندا بىر ئادەمزات كېلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى بىزگە يېگۈزدى. ئاپەتنىڭ يىلتىزى قۇرۇدى. ئەمدى شۇ ئادەمزاتقا ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە بەر، — دەپتۇ. ئانا سۇمۇرغ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار بالىلىرىم، شۇ ئادەمزاتنىڭ قانداق تەلىپى بولسا ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىمەن، — دەپتۇ.

سۇمۇرغنىڭ بالىلىرى قانىتىنى ئېچىپ قابىلنى ئاشكارىلاپتۇ. سۇمۇرغ:

— ئى ئادەمزات، تەلىپىڭنى ئېيت، مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، — دەپتۇ. قابىل:

— مەن مۇسۇلمان پادىشاھلىقىدىن قاۋۇز پادىشاھنىڭ ئوغلى قابىل پالۋان دۇرمەن. ئاتام مېنى دىۋىلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. دىۋىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، يەر ئاستى دىۋىلەرنى قىرىپ تۈگىتىپ، خەزىنىلەرنى يەر ئاستىدىن چىقىرىپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەندە دىۋىلەر خىيانەت قىلىپ، مېنى يەر ئاستىغا تاشلاپ قېچىشتى. شەھىرىمگە يېتەلىسەم بولاتتى، — دەپتۇ.

سۇمۇرغ قابىلنى قانىتىغا مىندۈرۈپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇچۇپ قاۋۇز شاھنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، شەھەرگە نەزەر تاشلىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئۈچ دىۋە ئاللىقاچان قايتىپ كېلىپ قاۋۇز شاھنى قەپەسكە سولاپ شەھەرنى خاراب قىلىپ گەپكە كىرگۈزەلمىگەن قىزنى زىندانغا تاشلاپ تۇرۇشقانىكەن، سۇمۇرغنىڭ قانات ساداسىنى ئاڭلىغان بۇ دىۋىلەر:

— ھە، قابىل ئوغرى يەنە كەلدى. پادىشاھلىق قىلالمايدىغان بولدۇق. ئۇنى سۇمۇرغ بىلەن بىللە كەتسە كەلمەسكە سەپەر قىلدۇرايلى، يادىن ئوق ئۈزۈڭلار! — دېيىشىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئېتىشىپتۇ، سۇمۇرغ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىۋېتىپ زەھەرلىك ئوقيالارنى بىر-بىرلەپ چىشلەپ يۇتىۋېرىپتۇ. سۇمۇرغ غايەت چوڭ خاسىيەتلىك قۇش بولغاچقا، زەھەرلىك ئوقلا ئاڭا كار قىلماپتۇ. شۇنداق قىلىپ قابىل پالۋان بالا-قازادىن ئامان قېلىپ، سۇمۇرغنىڭ ھىمايىسىدە يەرگە چۈشۈپتۇ-دە، ھېلىقى ئايال بەرگەن شەمشىرىنى غەزەپ بىلەن ئايلاندۇرۇپ، چىنار پالۋان، تاش ئاتار پالۋان، تاغ يۇدەر پالۋان دېگەن دىۋىلەرنى قىيما-چىيما قىلىۋېتىپتۇ. خەلق بارىكاللا ئېيتىشىپتۇ. باتۇر ئاتىسىنى قەپەستىن چىقىرىپتۇ. ئاتا-بالا يىغا-زار قىلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، مەلىكىنى باشقا ئوردا ئۇلۇغلىرى بىلەن بىللە زىنداندىن چىقىرىپتۇ. قابىل بىلەن مەلىكە كاتتا توي قىلىپ مەقسەت-مۇرادلىرىغا يېتىشىپتۇ. شەھەر خەلقى ئامان-ئېسەن تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئوتۇنچىنىڭ جاسارىتى



(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر جاڭگالنىڭ چېتىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ياشىغانىكەن. ئۇلارنىڭ پەرزەنتىمۇ يوق ئىكەن. ئاتا-ئانىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى بىرنەچچە يىل يەپ-ئىچىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. دۇنيا، ئوقەتىمۇ تۈگەپتۇ. جان باقماق تەس كېلىپ، بېشى قېتىپتۇ. قورساققا تاپسا ئۇچىسىغا يوق، ئۇچىسىغا تاپسا قورساققا يوق، قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر-خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ دېھقانچىلىق قىلماقچى بولۇپ ئورمانغا يېقىن بىر يېزىغا كېلىپتۇ. لېكىن يېزىنىڭ نەرىگىلا بارسا شۇ يەرنىڭ ئىگىسى بار ئىكەن. ئۇلارغا ھېچكىم بىرەر پارچە يەرنى تېرىپ يەڭلار دېمەپتۇ. باشقا ئامال تاپالماي شۇ يېزىدىكى بىر بايغا چاكار بولۇپ ئىشلەپتۇ. يىل ئاخىرىدا بايدىن ھەق تەلەپ قىلغانىكەن، باي: «ئەر-خوتۇن ئىككىڭنى بىر يىل باقسام، يەنە تېخى مەندىن ھەق تەلەپ قىلامسەن؟» دەپ ئۇلارنى قوغلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرۇق قول قايتىپتۇ. «جاھاننىڭ نەرىگىلا بارساق كۈن ئالماق تەس ئىكەن» دەپ ئويلاپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپتۇ. بىرەر ئوقەت قىلايلى دېسە، دەسمايىسى يوق ئىكەن. ئاخىر خوتۇنى ئېرىگە:

— سىلى شەھەرگە بىر كىرىپ چىقسىلا، ئوقەتچىلەر ئىچىدە دەسمايىسىز پۇل تاپىدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بار بولسا ئۇنىڭ ئىچىدىن قايسى ئىشنى قىلىشقا كۆزلىرى يېتىدىكەن، مۆلچەرلەپ كۆرمەمسىزمۇ؟ — دەپتۇ. بۇ سۆز ئېرىگىمۇ ماقۇل چۈشۈپتۇ. ئۇ ئىككى ناننى بېلىگە تۈگۈپ، شەھەرگە مېڭىپتۇ. شەھەردىكى بارلىق ئوقەتچىلەرنىڭ تىجارىتىنى كۆرۈپ چىقىپ، پەقەت ئوتۇنچىلىكلا ئوقەتنى دەسمايىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. «دەريادا بېلىق ئۇسسۇز» دېگەندەك جاڭگالنىڭ يېنىدا ياشاپ تۇرۇپمۇ، بۇ ئىشنى قىلالماپتۇق، دەپتۇ ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىغا:

— مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئوتۇنچى-

لىق قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ھە، شۇنداق قىلسىلا، — دەپتۇ خوتۇنى، — مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاش - غىزالىرىنى ئېتىپ بېرەي.

ئوتۇنچى ئىككى تال ئارغامچا ئېشىپتۇ، پالتىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي دەرەخ كېسىپ، ئوتۇن كەسلەپ، بازارغا ئەكىرىپ ساتىدىغان بوپتۇ. ساتقان پۇلغا ئۆيگە كېرەكلىك ئۇن، ياغ، تۇز قاتارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىكەن. مۇشۇ ئىش بىلەن ئوتۇنچىنىڭ ھال - ئوقىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، بىر ئېشەكمۇ سېتىۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتۇننى يۈدۈپ توشۇشتىن قۇتۇلۇپتۇ.

ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپ، يىللار كېلىپ ئوتۇنچىمۇ قېرىپ، ئوتتۇرا ياشلاردىن ئېشىپتۇ. چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرىپتۇ، لېكىن ئوتۇنچىلىقىنى تاشلىماپتۇ.

بىر كۈنى ئوتۇنچى كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ، شەھەرگە كىرگەنىكەن، ئوتۇن بازىرىدا كىشىلەر ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە توپلىشىۋېلىپ، نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقۇدەك، بېرىپ تىڭشاپ باقسا جاڭگالغا دىۋە پەيدا بولغانلىقى، تۈنۈگۈن بىر ئوتۇنچىنى دىۋە تۇتۇۋېلىپ، يەپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلار: «ئەمدى جاڭگالغا بارالمايدىغان بولدۇق، قانداقمۇ قىلارمىز؟» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئوتۇنچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يالغۇز قالغان خوتۇنىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئوتۇننى ئېلىشقا سېتىپ، ئۆيىگە قاراپ يول ئېلىپتۇ. يول بويى ئۇنىڭ خىيالىدىن «دىۋىنىڭ ئاپىتىدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟» دېگەن مەسىلە نېرى كەتمەپتۇ. ئۇ ئويلا - ئويلا كىچىك ۋاقتىدا دادىسى بىلەن بولغان بىر سۆھبەتنى يادىغا ئاپتۇ:

— دادا! چۆل - جەزىرىدە، جاڭگاللاردا دىۋە بار دېگەن گەپ راستمۇ؟ دىۋە راستىنلا ئادەملەرنى يەپ كېتەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ دادىسىدىن.

— بۇ راست، — دەپتۇ دادىسى، — دىۋە ئادەمگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، قورقۇنۇچلۇق بىر مەخلۇق. لېكىن ئۇ ئەقىلسىز. دۇنيادا ئادەملەر ئەڭ ئەقىللىك بولغاچقا، دىۋىگە قارىغاندا ئۆزى ناھايىتى كىچىك ۋە ئاجىز بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئارقىلىق دىۋىنى يېڭەلەيدۇ، ھەتتا قۇل قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

شۇندىن كېيىن دادىسى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئەقىل - پاراسىتى بىلەن دىۋىلەرنى بويسۇندۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىكەن.

ئوتۇنچى ئاشۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن بىردىنلا تېتىكلىشىپتۇ. «ئەگەر دىۋە ئۇچراپ قالسا، مەنمۇ چوقۇم ئەقىل - پاراسىتىمنى ئىشلىتىپ، ئۇنى بويسۇندۇرىمەن» دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ، شەھەردە ئاڭلىغانلىرىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ دىۋىنى يوقىتىشقا بەل باغلىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپتۇ. ئۇ ئەتىسى سەھەردە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئارغامچىسىنى ئېلىپتۇ. جاڭگالدا ئىچكىلى ئاپىرىدىغان سۇ ئورنىغا بىر قاپاقتا لىقىمۇ لىق قېتىق قاچىلاپ ئېلىۋاپتۇ. «ئېھتىمال، دىۋە بىلەن كۈچ سىنىشقاندا ‹يەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلايمەن› دېگىنى ئەسقىتىپ قالار...» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. ئۇ يەنە يولدا نېمە ئۇچرىسا شۇنى يىغىپ مېڭىپتۇ. جاڭگالغا قاراپ كېتىۋاتسا، بىر توپ قېرى سۆگەتنىڭ كامىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان ھۆپۈپ باچكىلىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ھەممىسىنى ئېلىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋاتسا بىر چىغىنىڭ تۈۋىدىن بىر تورغاي ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا تورغاينىڭ تۆت دانە تۇخۇمى تۇرغۇدەك. ئوتۇنچى تۇخۇملارنى يانچۇقىغا سېلىۋاتقاندا، ئانا تورغاي غەزەپ بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنى چوقىلىماقچى بولغانىكەن، «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىمۇ قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇ يولغا راۋان بولۇپ، خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، جاڭگالغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن قېتىق بىلەن ئارغامچىسىنى بىر يەرگە كۆمۈپ قويۇپ، قولىغا پالتىسىنى ئېلىپ، ئىش باشلاي دەپ تۇرغانىكەن، يىراقتىن بىر پارچە دەھشەتلىك قارا قۇيۇن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قۇيۇن ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئارىسىدىن بويى چىناردەك، بېشى داشتەك، تېنى قاپاق تېرەكتەك، پۇت-قوللىرى چىنار كۆتىكىدەك، تىرناقلىرى ئۆچكە مۈڭگۈزىدەك، كۆزلىرى ياغاچ تاۋاقتەك، بۇرنى ئىلمەك، رەڭگى قاپقارا بىر مەخلۇق چىقىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوتۇنچى قورقۇپ ساراسىمىگە چۈشۈپتىمىشۇ، شۇ ھامان ھوشىنى يىغىپ، غەيرەتكە كەپتۇ. ھايال ئۆتمەي دىۋە ئوتۇنچىدىن:



— سەن ئادەمزاتمۇ ياكى باشقا مەخلۇقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، مەن ئادەمزات، — دەپتۇ ئوتتۇنچى تەمكىنلىك بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— بۇ جاڭگال بىزنىڭ ماكانىمىز. سەن بۇ يەرگە قورقماي قانداق كەلدىڭ؟ — دەپتۇ دىۋە.

نېمىدىن قورقاتتىم. بۇ جاڭگال سىزنىڭ ئەمەس، ئەزەلدىن بىز ئادەملەرگە تەۋە بولۇپ كەلگەن. مەن بۇ جاڭگالدىن ھەر كۈنى ئوتتۇن ئېلىپ ئاپىرىپ ساتىمەن. بۇ يەر قانداقسىگە سەنلەرنىڭ ماكانىڭلار بولۇپ قالدى؟ دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! بولمىسا ھېلى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ ئوتتۇنچى.

— ھەي، سەن مېنىڭ ئالدىمدا چۈمۈلىدەك تۇرىسەن. ئۆزۈڭگە باقماي نېمە يوغان سۆزلەيسەن؟ — دەپتۇ دىۋە.

— سەن مېنىڭ ئالدىمدا يوغان پۈركۆتەكتەك تۇرىسەن. ھالىڭغا باقماي نېمە چوڭ سۆزلەيسەن؟ بىلەمسەن، دۇنيادا ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ھەممىدىن كۈچلۈك. شىر-يولۋاسلارمۇ مېنى كۆرگەندە قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ بەدەر قاچىدۇ، ساڭا ئوخشاش شادا پاچاق، ئىچى كاۋاك پور كۆتەكلەردىن قانچىسى ماڭا تەڭ كېلەلمەي ھالاك بولغان، سەن قانچىلىك نېمىدىڭ؟ — دەپتۇ ئوتتۇنچى.

— ۋاھ... سېنىڭ خېلى كاراماتىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ قېنى ئىككىمىز كۈچ-مىزنى بىر سىنىشىپ باقايلى. ئالدى بىلەن سەن ئۆز كاراماتىڭنى كۆرسەت! — دەپتۇ دىۋە.

— سەن ئۆزۈڭنى چوڭ چاغلاپ مېنى چۈمۈلىگە ئوخشاتقاندىكىن، ئالدى بىلەن سەن گۇمپاڭنى كۆرسەت، — دەپتۇ ئوتتۇنچى.

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا قاراپ تۇر، مەن ساڭا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دەپتۇ دىۋە.

ئۇ غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ چوڭ بىر تۈپ توغراقنى بىر قولى بىلەن قاماپ، بىر سىجىغانىكەن، توغراقنىڭ شاخ-شېخىدىن سۇ تامچىلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئوتتۇنچىنىڭ يادىغا يولدىن ئېلىۋالغان تورغاي تۇخۇمى كېپتۇ-دە، ئۇنى يانچۇقىدىن قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— كۆردۈڭمۇ مېنىڭ كۈچۈمنى، سەنمۇ توغراقتىن سۇ چىقىرالامسەن؟ — دەپتۇ دىۋە كۆرەڭلەپ.

— سۇ ئەمەس، ھەتتا ياغ چىقىرىمەن، — دەپتۇ ئوتتۇنچى، دەرھال ھېلىقى توغراقنى تۇخۇم قىسقان قولى بىلەن بىر سىجىغانىكەن، تۇخۇم سىجىلىپ، ئوتتۇنچىنىڭ قوللىرىنىڭ بارماقلىرىدىن ساپسېرىق ماي ساقىپ چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋە سەل ئوڭايسىزلىنىپ قاپتۇ. يەنىلا تەن بەرمەي:

— مەن بۇنىڭغا قايىل ئەمەسمەن، — دەپتۇ دىۋە، — ئالدى بىلەن مەن سىقىپ يۇمشىتىپ قويغان توغراقتىن سەن ماي چىقاردىڭ. سەن ئەمدى ئۆز قولۇڭ بىلەن بىر كارامەت كۆرسىتىپ باققىن. شۇ

www.uyghurkitap.com



چاغدا مەن ساڭا قايىل بولىمەن.

— ئۇنداق بولسا سەن قاراپتۇر. مەن يەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ، ئۇچەي-باغرىنى سۇغۇرۇۋالىمەن، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— قېنى كۆرسىتىپ باق، — دەپتۇ دىۋە ئىشەنمەي.

ئوتۇنچى قېتىق بىلەن ئارغامچىنى كۆمگەن جاينىڭ ئۈستىگە بېرىپ، يەرگە كۆچ بىلەن دەسسىگەنىكەن، قېتىق چاچراپ چىقىپ دىۋىنىڭ ئۈستىبېشىنى ئاقارتىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا دىۋىمۇ يەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىمەن، دەپ يەرگە راسا كۆچ بىلەن تەپكەنىكەن، يەرنى ئوي-دوڭغۇل قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتەلمەپتۇ. لېكىن ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي:

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ دىۋە، — ھېلى تېخى يەرنىڭ ئۈچەي-باغرىنى سۇغۇرۇۋالىمەن، دەپ پو ئاتقانىدىڭ، قېنى ئۇ كارامىتىڭ؟

— مانا ھازىرلا كۆرىسەن! — دەپتۇ ئوتۇنچى. ھېلى قېتىق چىقارغان يەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، يەرگە قاتتىق تەپكەندىن كېيىن، كۆمۈپ قويۇلغان ئارغامچىنى بىر باشتىن سۇغۇرۇۋالغىلى تۇرۇپتۇ ۋە ئۇلى تۇرتەكلەپ بىر ئاتقانىكەن، دىۋىنىڭ بوينىغا يۆگىشىپ قاپتۇ. دىۋە قورقۇپ كېتىپ: «ھەي ئادەم، مېنى قويۇۋەت، ئەمدى مەن ساڭا چېقىلمايمەن» دەپتۇ. ئوتۇنچى ئارغامچىنى يەنە بىر قېتىم سىلكىگەنىكەن، دىۋىنىڭ بويىنى ئېغىپ سىقىلىپ تىنالماي قاپتۇ. ئوتۇنچى ئارغامچىنى دىۋىنىڭ بوينىدىن ئېلىۋاتقانىكەن، ئۇ يەنە ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي:

— ئەمدى ئاسمانغا تاش ئېتىشايلى، قايسىمىزنىڭ تېشى يەرگە ئۇزاقتا چۈشسە شۇ يەڭگەن بولىدۇ، — دەپتۇ.

— قېنى، ئاۋۋال سەن ئات، ئاندىن مەن ئاتاي، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— مانا قاراپ تۇر! — دەپتۇ دىۋە ۋە ئاسمانغا قازاندەك چوڭلۇقتا بىر تاشنى ئاتقانىكەن، تاش بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەرگە قايتىپ چۈشۈپتۇ. ئوتۇنچى دىۋىنىڭ ئاسمانغا قاراپ تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قوينىدىكى تورغاينى ئېلىپ، ئۆيدىن ئېلىۋالغان بىر تال لازىنىڭ ساپىقىنى تورغاينىڭ ئارقا يوتىسىغا سانجىپ، ئاسمانغا بىر ئاتقانىكەن، تورغاي چۇ...چۇ...چۇ دېگەن بىر خىل ئاۋاز چىقىرىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسى ئېچىشقانچە تېخىمۇ تىك كۆتۈرۈلۈپتۇ. دىۋىنىڭ بۇنىڭغا قاراپ بىر كالپۇكى ئۈستىگە، يەنە بىر كالپۇكى ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ «بۇ تاش ھېلى چۈشىدۇ، مانا چۈشىدۇ» دەپ نەچچە ئاش پىشىمغىچە ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپتۇ. تاش زادى چۈشمەپتۇ.

سەن قانچە قاراپ تۇرغان بىلەنمۇ بۇ تاش ھەرگىز چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان يەتتە قات ئاسماننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

ئەمدى ساڭا قايىل بولدۇم، ئۆزۈمنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمەن. قانداق تەلىپىڭ

بولسا ئېيتقىن. مەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ دىۋە ھېيلىگەرلىك بىلەن، لېكىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئېلىپ يەرگە تاشلاپتۇ. ئوتۇنچى سىنچىلاپ قارىسا بۇ دىۋىنىڭ پىتلىرى ئىكەن. ئوتۇنچىمۇ قويىنىدىكى ھۆپۈپنىڭ باللىرىنى ئېلىپ يەرگە تاشلاپتۇ. ئاچ قورساق ھۆپۈپ باللىرى دىۋىنىڭ پىتىنى بىرنەچچە چوقۇلاپلا يەپ تۈگىتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن دىۋىنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كېتىپتۇ.

— مېنىڭ پىتلىرىمنى يەپ كەتكەن سېنىڭ پىتلىرىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋە.

— شۇنداق بولمايچۇ! — دەپتۇ ئوتۇنچى، — سەن ئۆز مەغلۇبىيىتىڭگە تەن بەرمەي پىتلىرىڭ بىلەن ماڭا ھەيۋە قىلماقچى بولۇۋىدىڭ، مەنمۇ ئۆز پىتلىرىمنى قويۇپ بەردىم. ئىككى چىشلەپ، بىر يالماپ سېنىڭ پىتلىرىڭنى يۇتۇۋەتتى. ئەمدى بىلگەنسەن. سەن ھەرقانچە ئۈستىلىق قىلساڭمۇ ماڭا تەڭ كېلەلمەيسەن. ئەمدى يەنە يېڭى سۇيىقەست پىلانلىساڭ، جېنىڭنى ئالماي قويمايمەن!

دىۋە ئۆزىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىغا تەن بېرىپ، «مەن ساڭا تەسلىم بولدۇم، لېكىن مېنىڭمۇ باللىرىم بار، ماڭا ھاياتلىق يولى بەر. قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت، مەن ئادا قىلىمەن» دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— خەير، ساڭا كەڭچىلىك قىلاي! — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— لېكىن بىرلا شەرتىم بار. سەن بۇندىن كېيىن مەن ۋە ماڭا ئوخشاش ئوتۇنچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا زادىلا چېقىلمايسەن. بىزنىڭ بۇ جاڭگالغا زادىلا ئاياغ باسمايسەن. باشقا دىۋىلەرگىمۇ ئادەملەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ئەقىل-پاراسىتىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئادەمزاتقا چېقىلماسلىقىنى ئۇقتۇرىسەن، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— باش ئۈستىگە! — دەپتۇ دىۋە خۇشاللىقىدىن ملڭ تەزىم قىلىپ.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن دىۋىلەر ئوتۇنچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىغا چېقىلمايدىغان بوپتۇ. ئوتۇنچىلار بۇ كەڭ جاڭگالنى خالىغانچە ئىدارە قىلىپ، خاتىرجەم ئوتۇن توشۇپ سېتىپ، تىنىچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى ئوتۇنچى بوۋاينى ئۆزىگە ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا مەڭگۈ بەخت-سائادەتلىك ئۆتۈپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇنىساخان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# رىۋايەتلەر

## ئاخىرقى پۇشايمان

لوقمان ھەكىمنىڭ يالغۇز ئوغلى كېسەل بولۇپ قاپتۇ. بىر ئۇلۇغ تىبابەت ئالىمى بالىسىنى داۋالاشقا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ بالا ۋاپات بوپتۇ. «لوقمان ھەكىم دېگەن نامىم تۇرۇقلۇق تەنھا پەرزەنتىمنى ساقلاپ قالالمىسام، ئۇلۇغلۇقۇم قاياققا كەتتى، ئەقەللىي نېمىشقا ۋاپات ئەتكەنلىكىنى بىلىپ باقاي» دەپ ئىچىنى يېرىپ كۆرۈپتۇ. بالىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ساق ئىكەن، پەقەت يۈرىكىگە قىل يۆگىلىپ قاپتۇ. نەتىجىدە قان ئايلىنىش ۋە يۈرەك ھەرىكىتى سۇسلىشىپ، ئوغلى ۋاپات بولغانىكەن. بۇنى كۆرگەن تېۋىپ ئەلەمدە ئەپسۇسلىنىپ دەپتۇ: «ئاپلا، يا تەمبۇر چېلىشنى ياكى ئوغلاق تارتىپ ئات چاپتۇرۇشنى ئۆگەتمەپتىكەنمەن. مۇبادا ئىككىسىدىن بىرەرسىنى بىلگەن بولسىمۇ ئامان قالاتتى-دە! چۈنكى تەمبۇر چالغاندا كۈي سېھرىدىن، ئوغلاق تارتىپ ئات چاپتۇرغاندا زوق-شوخلۇقتىن يۈرىكى كېڭىيىپ، ئۇنىڭغا يۆگىلىپ قالغان قىل ئۈزۈلۈپ كېتەتتى ۋە ئوغلۇمنىڭ ئۆلمەي قېلىشى ئېنىق ئىدى»...

## تەمبۇر

بۇلبۇل تەمبۇر بىلەن بەسلىشىپ قاپتۇ: «مەن مىڭ كۈينى نامە قىلىمەن» دەپ ماختىنىپتۇ. تەمبۇر بۇلبۇلغا ھېچنېمە دېمەي، نامىسىنى چېلىشقا باشلاپتۇ. مىڭ بىر نامىگە يەتكەندە بۇلبۇل تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا قونۇپ شۇنداق دەپتىكەن: «بەس قىل، ساڭا قايىل بولدۇم. ماڭا قارىغاندا كۆپ ھەم خوپ بىلىدىكەنسەن». شۇنىدىن بۇيان تەمبۇر تىلغا كىردىمۇ، بەس، بۇلبۇل كۈيلەشتىن توختايدىكەن-دە، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ خاموش ھالدا كۈي ئاڭلايدىكەن.

## ناخشىنىڭ سېھرى

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولۇپ، ناخشىنى مۇتلەق ياقتۇرمايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىم ناخشا ئېيتسا، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىكەن. بارا-بارا ناخشا

هەققىدە سۆزلىگەن كىشىنىمۇ شۇ زامان تەقىپ ئاستىغا ئالدىغان ئادەتنى چىقىرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بىخەستەلىكتىن: «ئالەمپاناھ، بېغىڭىزدىكى بۇلبۇلنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى قاراڭە» دەپتىكەن، پادىشاھ ئۇنى شۇ زامانلا ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. بۇلبۇلنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا، باغقا ئوت قويۇشقا پەرمان بېرىپتۇ. كېيىن: «كىمدە كىم ناخشا دېگەن سۆزنى تىلغا ئالسا، ئۆزى ئۆلۈمدە مال - مۈلكى تالاندا» دەپ جار سالدۇرۇپتۇ. بەرىبىر ناخشىلار توقۇلۇۋېرىپتۇ. سۆز ياڭراۋېرىپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي گاراڭ بولۇپ قالغان پادىشاھ ھەدەپ ئەسەبىيلىشىۋەرگەچكە كېسەلگە چېلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ يەنە بىر دانا ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشاھ ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا: «نېمە قىلساڭ قىلغىن، كېسىلىمنىڭ داۋاسىنى تاپ» دەپ بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر: «كېسىلىڭىزنىڭ بىردىنبىر داۋاسى ناخشا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ: بۇ مېنى ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، دەر غەزەپكە كەپتۇ ۋە ۋەزىرنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. تېۋىپ چاقىرتىپتۇ. تېۋىپمۇ پادىشاھنىڭ پەقەت ناخشا بىلەنلا تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. غەزەپ ئېتىغا مىنگەن پادىشاھ تېۋىپنىمۇ ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتتا تېۋىپ قالماپتۇ. بىر كۈنى كوچىدىن بىر مۇساپىر ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ «تېۋىپ» دەپ سارايغا كەلتۈرۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا قاراپ: «ھەي مۇساپىر، سېنى ماڭا تېۋىپ دەپ ئېيتىشتى. مېنىڭ كېسىلىمنى داۋالىيالىساڭ پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمى سېنىڭكى، ساقايتالمىساڭ كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن» دەپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى مۇساپىر: «مەن تېۋىپ بولمىسام، قانداق قىلىپ ئۇنى داۋالايمەن. پادىشاھنىڭ پەيلى ناھايىتى بۇزۇق، بەرىبىر ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ. نېمە بولسا بولسۇن، ئۆلۈم ئالدىدا مەززە قىلىپ ناخشا ئېيتىۋالاي» دەپتۇ ئىچىدە. كېيىن ئاۋازىنى چىقىرىپ پادىشاھقا قاراپلا: «بولىدۇ، تۈزەتسەم، تۈزىتەي» دەپتىيۇ، خۇرجۇنىدىن راۋابىنى ئېلىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن



ناخشا باشلاپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ھاي - ھۇيلىرى، ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلماپتۇ. پادىشاھ جاللاتنى چاقىرىشقا ھەرىكەت قىلارمىشۇ، ئەمما مادارى يەتمەسمىش. ئۇ ئاستا - ئاستا كۈچىدىن كېتىشكە باشلاپتۇ. ئاخىر پۈتۈنلەي ھالىدىن كېتىپ قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ئۇخلىغىنىچە تۆت كېچە - كۈندۈز ئويغانماپتۇ. مۇساپىرمۇ توختىماي ناخشا ئېيتىۋېرىپتۇ. بىر زامان پادىشاھ ئويغىنىپ قارىسا ساپ - ساق بولۇپ قالغانمىش. پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ: «مېنى داۋالىدىڭ، ۋەدەمنى بېجىرىمەن. ئال، پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمى سې-

نڭكى، لېكىن بىر شەرتىم بار: قولۇڭدىكى
راۋابىڭنى سۇندۇرۇپ، ئاۋازىڭنى ئۆچۈر-
سەن، باشقا ناخشا ئېيتمايدىغان بولسەن»
دەپتۇ. شۇ چاغدا مۇساپىر: «ئاخىر يول
قويمىدىڭىز - دە. ھە، مەيلى سۇندۇرسام
سۇندۇراي كېسىلگىنىزنى ساقايتىمەن دەپ
ئاۋازىمنىڭ يېرىمىنى يوقاتتىم. شۇ ئاۋازىم-
نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا بولغىنى» دەپتۇ.
پادىشاھ قول ئاستىدىكى كىشلەرنى چاقى-
رىپ ناخشا ئېيتقۇزۇپتۇ. بولماپتۇ. كېيىن
ھەممىگە بىرمۇ بىر ناخشا ئېيتقۇزۇپتۇ.
بىرىنىڭ ئاۋازى ئىككىنچىسىنىڭكىگە ئوخ-
شىماسمىش. «پادىشاھلىقىمنىڭ ھەممىسىنى
ئال، پەقەت مېنى بۇ مۇشكۇل ئىشتىن
قۇتقاز» دەپ يېلىنىپتۇ پادىشاھ. مۇساپىر:
«ئالەمپاناھ، مەن شائىرمەن، ئاۋازىم شائىر
ئاۋازى سىز مەملىكىتىڭىزدىكى شائىرلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىڭىزدە ئىدى،
بۇنداق كېسەلگە دۇچار بولمىغان بولاتتىڭىز.
ئەمدى شائىر ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز تېپىپ
بەرمىگۈچە ھېچ ياققا كەتمەيمەن» دەپ
تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاۋۋالقى
پەرمانىنى بىكار قىلىپ «پادىشاھنى داۋا-
لاپ ئۆرە قىلغان شائىر ئاۋازىغا ئوخشاش
ئاۋاز تېپىلمىغاچقا، شائىرلار ياشاۋەرسۇن»
دەپ پەرمان بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەمرى
ۋاجىپ بولۇپ ناخشا قايتىدىن قانات قې-
قىشقا باشلاپتۇ.

* *

بىر دانىشمەن ھەر قېتىم شاگىرت-
لىرى بىلەن كۆرۈشكەندە: «قانداق ياخ-
شى ئىش قىلدىڭلار؟ كىملەرگە ياخشىلى-
قىڭلار تەگدى؟» — دەپ سورايدىكەن. نۆ-
ۋەتتىكى ئۇچرىشىشتا شاگىرتلىرىدىن بىرى:
— تۈنۈگۈن كېچە ئىشكىمنىڭ ئال-
دىغا ناتونۇش كىشى كېلىپ قالدى. قارى-
سام بىر پېقىر ئىكەن، ياردەمگە نەرسە
تىلىدى. ئۇنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردىم،
ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن تۆرگە ئۆتكۈ-
زۈپ، ئۇچامدىكى چاپىنىمنى ئۇنىڭغا كىي-
گۈزدۈم. كېيىن ئەرزىنى ئاڭلاپ، بار مال -
مۈلكۈمنى ھەدىيە قىلدىم. ئۈستۈمدىكى
كىيىملىرىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم قالمىدى،
شۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ ھۇزۇرىڭىزدا
تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپتۇ.
دانىشمەن شاگىرتىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتىيۇ،
پوزىتسىيە بىلدۈرمەپتۇ.
نۆۋەت باشقا شاگىرتىغا كەپتۇ: «قاي-
سى كۈنى شاھ ئوردىسى يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋاتسام، بىر ئادەمنى جازالىماقچى
بولۇپ تۇرۇشقانىكەن، ھۆكۈم بويىچە
ئۇنىڭ بىر قولى چېپىلىشى كېرەك ئىكەن.
ئۇنى بۇ ئېغىر قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش
ئۈچۈن ئۆز قولۇمدىن كەچتىم. كۆرۈپ
تۇرۇپسىزكى، مانا مەن چولاق بولۇپ قال-
دىم» ئۈستىدىن يەنە سادا چىقماپتۇ.
شۇ چاغدا يېنىدىكىلىرى ئۇنىڭدىن: «بۇلار-
نىڭ قايسىبىرى پىدائىي ۋە كامىلراقتۇر»
دەپ سورىشىپتۇ. «بۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى
پەقەت ئىككى كىشى ئۈچۈنلا قىلىنغان
ياخشىلىق، ئادەم قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن
بارچە ئەل بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.
خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخ-
شىلىق ۋە ھەممەتلا ھۆرمەتكە لايىقتۇر»
دەپتۇ ئۇستاز.

## ئىبىنسىنانىڭ شاگىرتلىرى

تېۋىپـلارنىڭ تېۋىپى، ئۇلۇغ ھەكىم
ئىبىنسىنا كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاتتىق ئاغـ
رىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئىبىنـ
ـسىنانىڭ شاگىرتلىرى، ئەڭ يېقىن دوستـ
بۇرادەرلىرى يىغىلىشىپتۇ. دوست-بۇرادەر-
لىرى ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلۇغ تېۋىپـ
نىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە، كەيپىياتىنى
ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلىشسا، شاگىرتلىرى
ئۇستازىنى دورا بىلەن داۋالاشقا
كىرىشىپتۇ.

ئىبىنسىنا دوست - بۇرادەرلىرىگە
رەھمەت ئېيتىپ، شاگىرتلىرىغا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاگىرتلىرىم، مېنىڭ كۈنۈم
تۈگىگەندەك قىلىدۇ. شۇڭا مېنى داۋالايـ
مەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بولماڭلار. كۈـ
نۈم تۈگەپ ۋاپات ئەتسەم يىغا - زار قىلـ
شىپ ئاھ ئۇرماڭلار. پەقەت ھەكىمگە دۇئا
قىلىپ، ئاندا - ساندا قەبرەمنى زىيارەت
قىلىپ قويساڭلار بولىدى. ئۇستاز ئۆلەمدىن
ئۆلۈنتى، ئەمدى تىبابەتچىلىك ئاقمايدۇ دەپـ
مۇ قايغۇرماڭلار. ئورنۇمغا بەش زور
تېۋىپنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمەن، شۇ تېۋىپـ
لارنىڭ مەسلىھىتىگە دائىم ئەمەل قىلىڭـ
لار. باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا دەۋەت قىلىڭـ
لار، — دەپتۇ.

ئىبىنسىنانىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى:
— ئۇستاز، سىز ئېيتقان تېۋىپلار
كىملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا
ئىبىنسىنا:

— مەن قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان زور
تېۋىپلارنىڭ بىرى — تازىلىق، ئىككىنچـ
سى — پەرھىز، ئۈچىنچىسى — تەنتەربىيىدۇر
ۋە قالغان ئىككىسى مىزاج بىلەن كەيپىـ
ياتتۇر. دائىم پاكىز، ئازادە بولۇش،
كۆرۈنگەن نەرسىنى يەنى تاماقنى كەلسە -
كەلمەس يەۋەرمەسلىك، ئوپۇل - توپۇل
ئۇزۇقلانماسلىق، ئوزۇقلىنىشتا پەرھىز، ئۆلـ
چەمنى بىلىش، ئىچىملىككە بېرىلمەسلىك،
بەدەن ئەزالىرىنى ھەرىكەتسىز قويماسـ
لىق. مىزاجنى ئۇنتۇماسلىق ۋە كەيپىياتـ
نى ياخشى تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىش —
مانا شۇ ئېيتقانلىرىمغا ئەمەل قىلىنسا
كېسەل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋاقىتسىز
ئۆلۈممۇ ئارقىغا چېكىنىدۇ.

## شاھنىڭ سوئالى

زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، دانىشمەن
فەخرىددىن رازىي ئۇزاق يوللارنى يۈرۈپ
خارەزىم يۇرتىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ خەۋەر-
نى ئاڭلىغان خارەزىم پادىشاھى — خارە-
زىمشاھ رازىينى يا سارايغا تەكلىپ قىلـ
ماپتۇ، يا ئالدىغا زىيارەتكە بارماپتۇ. كۈنـ
لەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما
خارەزىمشاھتىن دېرەك يوقمىش، فەخرىدـ
دىن رازىي پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋېرىپتۇ.
كۇتۇپخانا ۋە باشقا جايلاردىكى ئىشلىرىـ
نى قىلىۋېرىپتۇ. قانداقتۇر كۈنلەرنىڭ
بىرىدە خارەزىمشاھ ئالىمنى ھاممامدا تو-
نۇپ قاپتۇ. ئۇ دۇنيا، قىيامەت ئىشلىرى
توغرىسىدا ئۇنىڭدىن سوئاللار سوراپتۇ.
شۇ چاغدا رازىي: «ھەي، قىيامەت كۈنىنى
بىلىشنى ئىستىگەن، ئارزۇ قىلغان شاھ، ـ

www.uyghurkitap.com



دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، — سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇناسىپ جاي شۇ ھامامدۇر. قىيامەتتە شاھمۇ، گادايمۇ ھەممىسى بىر خىل ئەھۋالدا — قىپيالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ بولسۇن ۋە نە ئەمەلدار بولسۇن ھېچكىم، ھېچ نەرسىسىنى ئېلىپ بارالمايدۇ. مانا ھازىر سەن ھامامغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ ھېچنېمەڭنى. مانا مەنمۇ ئۆسكەن چېچىمدىن باشقا ھېچنېمەمنى ئېلىپ كىرەلمىدىم. تاجۇ تەخت، خەزىنە، ھەتتا نومۇسنى ساقلىغۇچى كىيىم - كېچەكلىرىمنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم - ھۈنەر ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى ماڭا ئوخشاش ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىللە.»

* * *

دانىشمەنلەردىن بىرىنىڭ ئېيتىشىچە، سۇلايمان ئىبىن داۋۇت ئەڭگۈشتەرىنى يوقاتقانلىقتىن پادىشاھلىقى قولىدىن كەتكەن. قىرىق كۈندىن كېيىن، ئەڭگۈشتەر ئۆزىگە قايتۇرۇلۇپ، روناق تېپىشىمۇ ئەسلىگە كەلدى. پادىشاھلار ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشتى. پەررەندىلەر، توپلاندىلار، شۇندا ئىرانلىقلار: «نەۋرۇز ئادەم» يەنى «يېڭى كۈن كەلدى» دېيىشتى. نەتىجىدە شۇ كۈن «نەۋرۇز» دەپ ئاتالدى. سۇلايمان شامالغا بۇيرۇق قىلدى. شامال ئۇنى كۆتۈرۈپ كەتتى. بىر قارلىغاچ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقىپ: «ئەي پادىشاھ، ئۇۋامدا بىر مۇنچە تۇخۇم بار، ئۇلارنى بېسىۋەتمەي نېرىراقتىن ئۆتكىن» دېدى. سۇلايمان نېرىدىن ئۆتتى ۋە يەرگە چۈشتى. ھېلىقى قارلىغاچ تۇمشۇقىدا سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۇنى سەپتى، ئۇنىڭغا چېكەتكىنىڭ بىر پاچىقىنى ھەدىيە قىلدى. نەۋرۇز كۈنى سۇ سېپىش، ھەدىيىلەر بېرىشنىڭ سەۋەبى شۇدۇر.

## دانىشمەن چۈمۈلە

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلايمان ئۆز تەختىدە لەشكەرلىرى بىلەن كېتىۋاتقىنىدا، بىر چۈمۈلە: «مېنىڭ ئەمرىمگە تەۋە بولغانلىكى چۈمۈلىلەر قېچىپ يەر ئاستىغا كىرىڭلار، سۇلايماننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا مىجىلىپ كەتمەڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان ھاۋادىكى تەختىدىن يەرگە چۈشتى. قارىسا بىرلا چۈمۈلە تۇرۇپتۇ «ئېتىڭ نېمە؟» «ئېتىم مەنزىرە» دەپتۇ چۈمۈلە. «چۈمۈلىلەرنى نېمىشقا قاچۇردۇڭ؟» شاھنىڭ بۇ سوئالىغا چۈمۈلە دەپتۇكى: «سىز ھەممىگە پادىشاھدۇرسىز، مەنمۇ ئۆز جىنسىمغا شاھدۇرمەن. چۈمۈلىلەر ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا ۋەيران بولسا، ئۇۋالى ماڭا بولار.» شۇ چاغدا سۇلايمان: «ھەممىسىنى قاچۇرۇپ، ئۆزۈڭ نېمىشقا قاچمىدىڭ؟» دەپتۇ. مەنزىرە ئېيتىپتۇ: «مەن ئۇلارنىڭ چوڭى، ئۇلۇغلار قول ئاستىدىكىلەرگە مېھرىبان بولۇر. ئۇلۇغلار ئۆزلىرىنى بالاغا قارشى قويۇپ، كىچىكلەرنى ئۇنىڭدىن خالىي قىلسا ياخشىدۇر.» بۇ دانا پىكىرلەرنى ئاڭلىغان سۇلايمان مەنزىرەگە يەنە مۇراجىئەت قىپتۇ: «مۇنداق نەسىھەتنى قەيەردىن ئۆگەندىڭ.» «ھەممە ئىلىم ئۆزۈمدە، دەپلا ئويلىماسىز»، دەپتۇ مەنزىدە ۋە سۇلايماندىن بىرنەچچە سوئال سوراشقا رۇخسەت تىلەپتۇ. سۇلايمان

كۆنۈپتۇ.

مانا شۇ مۇنازىرە پىكىرلەر.

سوئال: — ھەقتىن نېمە تەلەپ قىلدىڭىز؟

جاۋاب: — بىر مۇلۇك تىلىمەيدىكى ئۇنداق مۇلۇك ھېچكىمگە بېرىلگىنى يوق.

چۈمۈلىنىڭ سۆزى: بېخىل ئىكەنسىز، مەلۇم بولدىكى، مەندىن ئۆزگە ھېچكىم پادىشاھ بولمىسۇن دەيسىز. ئەگەر سىزنىڭ يۈز ھەسسە دۆلىتىڭىزنى مىڭ كىشىگە بەرسە ھەقنىڭ خەزىنىسى كەملەپ قالماس. شۇنچە تىلىگىنىڭىزگە يارىشا نېمە بەردى؟

جاۋاب: — شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇنچە ھەشەمەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك لەشكەرلىرىمنى، تەخت-بەختلىرىمنى بىلەن كۆتۈرۈر.

مەنزىرەنىڭ سۆزى: — ئەي سۇلايمان، بۇنىڭ مەنىسى ئالەم يەلدەك ئۆتىدۇ دېگىنى، يەلنىڭ ۋۇجۇدى بولماس. ھەشەمەت، سەلتەنەت، تەختۇ بەختلىرىڭ ئۆتكۈنچىدۇر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بەردى؟

جاۋاب: — ئۈزۈك بەردى، ھەممە ئالەمنىڭ سىرى ئۈزۈكتىدۇر.

چۈمۈلىنىڭ سۆزى: — ئەي سۇلايمان، ساڭا مەغرىپۇ مەشرىق تەسلىم بوپتۇ. لېكىن بۇنىڭ باھاسى بىر پارچە تاش ئىكەن، بەس، ئۈزۈكۈڭگە تەمەننا قىلما.

سۇلايمان چۈمۈلىنىڭ بۇ قەدەر ئەقىللىك دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ: «بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە بىلىسەن» دېگىنىدە، مەنزىرە: «قاراڭغۇ كېچىلەردە سىزگە تەۋە خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەردارمۇسىز؟» دەپ سوراپتۇ. سۇلايمان: «يوق» دەپتۇ. چۈمۈلە بولسا شۇ زەئىپ ھالى بىلەن ھېچقانچە ئۇخلىماي لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا چۈمۈلىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ دانالىقىنىڭ ھېچقانچە ئەمەسلىكىگە سۇلايمان تولۇق تەن بېرىپتۇ.

## يىلاننىڭ زەھرى

قەدىمدە بەش-ئالتە كىشى ئۆيدە يەرگە سېلىنغان پالاز ئۈستىدە چۈشلۈك غىزاغا ئولتۇرغانىكەن. شۇ چاغدا كىچىككىنە بىر يىلان تۆشۈكتىن چىقىپ، ئۇياق-بۇياققا مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئولتۇرغانلاردىن بىرى شورپىدىن بوشىغان چىنە ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئارىدىن بىر پەس ئۆتۈپ تۆشۈكتىن بىر قارا يىلان چىقىپ تام ياقىلاپ ئۆينى بىر-ئىككى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئولتۇرغانلار: «بۇنى نېمە بولاركىن» دېيىشىپ جىم قاراپ تۇرۇۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى قارا يىلان چىققان ئىنىغا كىرىپ كېتىپتۇ-دە، بىر دەمدىن كېيىن يەنە قايتىپ چىقىپتۇ. كېيىن كۈشۈلدىغان پېتى بوسۇغا تۆپىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان ئاسما تاختىچە تەكچىگە چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا ئېسىقلىق چەمبىرەكتىن ئۆتۈپ، ساپال قاچىدىكى سۈتكە بېشىنى تىقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چەمبىرەكتىن كۆلا ئارغامچا تۇتقۇچقا يېپىشىپ ساپال قاچىغا قانداق بارغان بولسا، شۇنداق ئاسما تاختىغا ئۆتۈپ ئاسما تاختىدىن يەرگە چۈشۈپ كۈشۈلدىگىنىچە تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ھەممە

هەيران ئىمىش. كېيىن ئولتۇرغانلار ھې-
لىقى چىنە تېگىدىكى كىچىك يىلاننى
قويۇپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ ئۇياق-
بۇياققا ئىرغاڭلاپتۇ-دە، كېيىن چىققان
جايىغا كىرىپ كېتىپتۇ. شۇ چاغ كۈتۈل-
مىگەن ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. ھېلىقى قارا
يىلان ئىنىدىن تېز چىقىپ ئاسما تاختىغا
قانداق چىققان بولسا شۇنداق چىقىپ
چەمبىرەكتىن ئېسىلىپ چۈشۈپ ساپال
قاچىغا بارغاندا چەمبىرەكنىڭ شاتۇت
پوستىدىن قىلغان تۇتقۇچىنىڭ بىر تەرى-
پىنى چىشى بىلەن قىرقىشقا باشلاپتۇ.
چەمبەرنى تۇتۇپ تۇرغان كۇلا ئارغامچا
ئۈزۈلۈپ قاچا قىيشىيىپتۇ-دە، سۈت-
پۈت بىلەن يەرگە چۈشۈپتۇ. ساپال قاچا
پارە-پارە بولۇپ سۇنۇپتۇ. قاراشسا ئاپئاق
سۈت قارا رەڭدە ئىمىش، يىلان قانداق
چىققان بولسا شۇ ئىزى بىلەن قايتىپ
يەنە ئىنىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بۇ شاھلىق قارا ئۆي يىلىنى بولۇپ
كىچىك يىلان ئۇنىڭ بالىسى ئىكەن.

## ئىبنىسىنا ۋە شاھ

بۇخارا پادىشاھى ئۆچەي ئاغرىقى
كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ يىلاندەك تولغى-
نىشقا باشلاپتۇ. ئەجىلى كۆزىگە كۆرۈن-
گەن ھۆكۈمدار ئىبنىسىنانى قەيەردىن
بولمىسۇن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
ئەلچىلەر خارەزىم خانى ھۇزۇرىغا كېلىپ
ئۇلۇغ تېۋىپنى سوراپ ئېلىپ كېتىپتۇ.
ئىبنىسىنا يېتىپ كەلگەندە شاھ ئۇنىڭدىن
ئۆزرە سوراپتۇ، تېۋىپ ھۆكۈمدارغا دورا
ئىچۈرۈپ ئاغرىقنى پەسەيتىپتۇ. خېلى ئى-
چكىلەپ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن
ئۆزىچە ئۇنىڭ ئۆچەي باغرىنى ئالماش-
تۇرۇشقا ۋەدە قىپتۇ-دە، شاگىرتلىرىغا
ئىتنىڭ كۈچۈكىنى تېپىشنى بۇيرۇپتۇ.
ئىككىنچى كۈنى پادىشاھقا بېھوش قىلى-
دىغان دورىنى ئىچۈرۈپ، قارنىنى يېرىپ
ھېلىقى كۈچۈكنىڭ ئۆچەي باغرىنى ئۇ-
نىڭغا ئورنىتىپ قايتا تىكىپتۇ، ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن ھوشىغا كەلگەن ھۆكۈمدار
تاماق سوراپتۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئاتالا، سۈت،
قەنت-چايلا بېرىپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن
تاماق يېيىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. بىر كۈ-
نى شاھ ئىبنىسىنادىن سوراپتۇ:

— بۇنچىلىك تائامنى يەپمۇ تويمايـ
ۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

تېۋىپ جاۋاب ئورنىدا:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز
ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

— كەچۈردۈم، ئېيتىڭ.

ئىبنىسىنا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئەي ئالەمپاناھ، جان ھەممىگە
ئاتلىق، ئەمما نەپسى يامانلىق ئىنساننىڭ
ئۆمرىگە زاۋالدۇر. سىزگە ھەممە يېگۈلۈك-
ئىچكۈلۈك تەييار، ھەددىدىن زىيادە يەپ-
ئىچىتىڭىز، ئاخىر ئۆچەيلىرىڭىز ئازار
يەپ، چىرىشكە باشلىغان، مەن سىزگە كۈ-
چۈكنىڭ ئۆچەي باغرىنى كۆچۈرۈپ قوي-
دۇم. تائامغا تويماسلىقىڭىزنىڭ سەۋەبى
ئەنە شۇ يەردە.

پادىشاھ خىرورگ ئىبنىسىناغا ئىخلاس
قىلىپ، نۇرغۇن ئىنئاملار بېرىپتۇ، باش
تېۋىپلىق يارلىقىمۇ ھەدىيە قىپتۇ.

## تىلنىڭ قۇدرىتى

قەدىم ـ قەدىمدە ئاقىل ۋە ئادىل بىر ئادەمنىڭ گۈزەل قىزى بولغانىكەن. شۇ قىزغا ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىشقى چۈشۈپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ قايسىسىغا كۆڭۈل بېرىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. پەرىشتىلەر قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىشنىڭ كويىدا كۆپ ئاۋارە بوپتۇ. ۋەھالەنكى، قىز ئۇلارغا شۇنداق دەپتۇ: «مەن يۇرتىنىڭ پەرزەنتى بولالايدىغان ئوغۇلغا ئانا بولۇشنى ئىستەيمەن، ئۇنى قانداق تەربىيىلەشكە قادىر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىشىم كېرەك. ئەنە شۇنىڭغا قاراپ سىلەرگە قارارىمنى ئېيتىمەن.» «بۇ ئىش پەقەت مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىدىغان رىيازىيەتتىن، پەلەكىيەتتىن ساۋاق بېرىمەن، سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەجنەبىي تىللارنى ئىگىلەيدۇ، ئالەمگە داڭقى تارايدۇ»، دەپتۇ بىرىنچى پەرىشتە.

نۆۋەت ئىككىنچىسىگە كەلگەندە ئۇ ئېيتىپتۇ: «ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ئاساسىي بايلىق — تىل. ئانا تىل بار ئىكەن ۋەتەن بار. خەلقنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۆلچىمىنى تىل بەلگىلەيدۇ. دۇنيادىكى بارلىق گۈزەللىك ۋە سېھىرلىك ۋە ئانىنىڭ «ئەللەي» سىنى ئاڭلاشتەك بەختلەرنىڭ بېغى — تىلدۇر. مەقسىتىمنى ئاڭلىغاندۇرسىز؟ مەن ئوغلىڭىزنى تىلغا خىيانەت قىلماسلىققا، قوشاق، چۆچەك، داستانلارنى ئېيتىپ، مانا شۇ ئانا تىلىمىز ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان قىلىپ ئۆگىتىمەن.»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەرىشتە قاقاقلاپ كۈلۈپ رەقىبىنى كەم ئەقىل دەپ ئەيىبلەپتۇ. ئوتتۇرىدىكى تالاش ـ تارتىش جاڭجالغا ئايلىنىپتۇ. «جاڭجاللاشماڭلار، — دەپتۇ قىز، — يۇرتتا ئۇلۇغ دانىشمەن بار، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بارىمىز، ھەممىسى شۇ جايدا ھەل قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى مېنىڭ ئۈچۈن قانۇن بولىدۇ.» دانىشمەننىڭ يېنىغا بېرىشىپتۇ. ئۇ ئىزا قوزغىغان بارلىق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپتىيۇ، «كەم ئەقىل» پەرىشتىگە دەپتۇ: «قىز سېنى سۆيەمدۇ، يوق، بىلمەيمەن، لېكىن ئاتىلىق شەرىپىگە لايىقسەن...»

## يەتتە قاراقچى ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، قەدىم ئۆتكەن زاماندا يەتتە قاراقچى ياشىغانىكەن. ئۇلار بىردىن بىرى قاۋۇل، كېلىشكەن، چىرايلىق ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەتتە قاراقچى يەر سۇلتانىنىڭ ھۆسن ـ جامالىدا تەڭداشسىز، يالغۇز قىزى — مەلىكىنى ئوغرىلاپ ئاسمان ـ پەلەككە ئاچىقىپ كېتىپتۇ. يەر سۇلتانىنىڭ ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان پالۋىنى بار ئىكەن. سۇلتان ئەنە شۇ پالۋانىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— يەتتە قاراقچى ئاسماندىن چۈشۈپ يالغۇز قىزىمنى ئېلىپ قاچتى، قىزىمنى يەردىن بولسىمۇ، ئاسماندىن بولسىمۇ تې—

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېتىپ كەلسەڭ، بېشىڭدەك ئالتۇن بېرىمەن، — دەپتۇ، پالۋاننىڭ ئۆزىمۇ يەر سۇلتاننىڭ قىزىغا كۆز تاشلاپ يۈرگەنىكەن، دەررۇ رازى بوپتۇ...

گەپنى قاراقچىلاردىن ئاڭلاڭ: ئۇلار قۇتۇپ يۇلتۇزىغىچە يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپتۇ:

— بىر يەرگە چۈشۈپ، يەر سۇلتاننىڭ يالغۇز قىزىنى ئوغرىلاپ چىقتۇق، نېسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىمىز، ئەمدى يەر سۇلتاننىڭ پالۋىنى ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ياردىمىڭنى ئايىما، قۇتۇپ يۇلتۇزى، — دېيىشىپتۇ.

يەر ئادىمى بۇ يەرگە چىقالمايدۇ، قىزنى قولغا چۈشۈردۈڭلارمۇ، ئۇ ئەمدى سىلەرنىڭكى، قورقماستىن شۇ ئاسمان-پەلەكتە ياشاۋېرىڭلار، — دەپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپتۇ.

نېمىسىنى دەيسىز، ئادەمنىڭ قولى تەگمىگەن، ئايىغى باسمىغان جاي يوق ئىكەن، يەر سۇلتاننىڭ پالۋىنى قۇتۇپ يۇلتۇزىغىچە يېتىپ بېرىپتۇ.

— يەر سۇلتاننىڭ يالغۇز قىزى — مەلىكىنى يەتتە قاراقچى ئوغرىلاپ، شۇ يەرگە كەلگەن، مەن ئۇلارنى ئىزدەپ كەلدىم. قىزنى ئېلىپ بېرىپ ئاتىسىغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك، ئىككى ئوتتۇرىدا ئاداۋەت پەيدا بولۇپ قان تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن، ھەي قۇتۇپ يۇلتۇزى، سەن يەتتە قاراقچىغا ئېيتقىن، قىزنى ياخشىلىقچە قايتۇرۇپ بەرسۇن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا قۇتۇپ يۇلتۇزى:

— مەن قاياقتىن بىلەي، بەلكىم قىزىڭىزنىڭ ئۆزى شۇلارنى خالىغاندۇر، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ پالۋان، — ئۇلار مەجبۇرەن ئېلىپ قاچقان.

قۇتۇپ يۇلتۇزى:

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭ ئىزدەپ تاپ، مەن ئارىلاشسام بولمايدۇ، يەتتە قاراقچى كېيىن مېنى تىنچ قويۇشمايدۇ، — دەپتۇ. پالۋان يەتتە قاراقچى بىلەن قىزنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇلارغا ھازىرغىچە يېتىشەلمەي ئىزدەپ، قوغلاپ يۈرەرمىش.

يەتتە قاراقچى بولسا، قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ ئەتراپىدا پالۋاندىن قېچىپ ئۈزلۈكسىز ئايلىنارمىش. يەتتە قاراقچى، بىر قىز — مەلىكە، ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەن پالۋان ھازىرمۇ بىرى ئىككىنچىسىدىن قېچىپ، بىرى ئىككىنچىسىنى قوغلاپ يۈرەرمىش.

تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «سائىرىلار ۋە رىۋايەتلەر» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ھەسەن سېلىم



# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

بەلخ ھاكىمىنىڭ ئوغلى بىر كۈنى سەيلە قىلىپ سەھراغا چىقتى. كېتىۋېتىپ پەس تاملىق بىر جايغا كۆزى چۈشتى ۋە ئۇ يەردە بېلىگە زۇننار باغلىغان، قولىدا كەتمەن تۇتقان بىر قېرىنى كۆردى. ئۇ قېرى كۆچەت تىكىپ يۈرگەنىكەن، ئەمىرزادە ئۇ كىشىگە:

— ئېي بوۋاي، سەن تىكىۋاتقان بۇ كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە ئۆمرۈڭ يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بىھۇدە مۇشەققەت تارتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ بوۋاي بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

— بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر دەرەخ تىكىپ يېتىشتۈرۈپ قويغان، لېكىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى بىزلەر يېدۇق. بىزنىڭ تىكىۋاتقان بۇ كۆچەتلىرىمىزنىڭ مېۋىسىنى بىزنىڭ كېيىنكى كىشىلىرىمىز يەيدۇ، ئەگەر نېسىپ بولسا بىزلەرمۇ يەرمىز، — دېدى.

ئەمىرزادە ياش بولغانلىقتىن ئۆز غۇرۇرىغا بەس كېلەلمەي:

— سەن، ھەرگىزمۇ بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئەگەر يېيەلەيدىغان بولساڭ، مېنىڭ خوتۇنۇم تالاق بولسۇن، — دەپ قەسەم قىلدى. ئەمىرزادە بۇ سۆزلەرنى دەپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بوۋاي باشقىلاردىن:

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

باشقىلار:

— بۇ بەلخ ھاكىمىنىڭ ئوغلىدۇر، — دېيىشتى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۈچ يىل ئۆتتى. ئەمىرزادە يەنە سەيلە بىلەن بۇ باغ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى. قارىسا بۇ باغ شۇنچە گۈزەل، كۆڭۈللىنى ئاچىدىغان خۇش ھاۋالىق باغ بولۇپتۇ، ئەمىرزادە ئىختىيارسىز ھالدا باغ ئىچىگە كىرىپ قالدى. يەنە شۇ كۆچەت سالغان كىشىنى بېلىگە زۇننار باغلىغان ھالدا كۆردى. بوۋاي ئەمىرزادىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن تونۇمىدى. ئەمىرزادىمۇ بۇ بوۋاينىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىدى. بوۋاي تازا ئوخشاپ پىشقان مېۋىلەردىن بىر قاچىغا ئېلىپ، ئەمىرزادىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئەمىرزادە ئازراق تاناۋۇل قىلغاندىن كېيىن قېپقالغان مېۋىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بوۋايغا بەردى. بوۋاي ئۇ مېۋىلەرنى ئۆزى يېمەي ئەمىرزادىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرىگە بەردى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكى سورالغاندا، بوۋاي جاۋاب بېرىپ:

— بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەيمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈنكى مەن بۇرۇن مۇشۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى تىكىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا بىزنىڭ هاكىممىزنىڭ ئوغلى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ماڭا تەنە - قىسىرلار قىلغانىدى، مەن ئۇنىڭغا يوللۇق جاۋاب بەرسەم، ئۇ ئۆزىنى باسالماي: «سەن بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى هەرگىزمۇ يېيەلمەيسەن، ئەگەر يېيەلەيدىغان بولساڭ، خوتۇنۇم تالاق بولسۇن» دەپ قەسەم قىلغانىدى، مەن شۇ ئەمىرزادىنىڭ قەسىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ تالاق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماي دەپ بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە قەسەم قىلغانمەن، — دېدى.

ئەمىرزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— شۇ قەسەمنى قىلغان ئوغۇل مەن بولىمەن، مەن سېنىڭ دىيانىتىڭدىن كۆپ تەسىرات ئالدىم، بۈگۈندىن باشلاپ سېنى ئۆزۈمگە ۋەزىر قىلىمەن. سېنىڭ مەسلىهەتىڭسىز هېچ ئىشنى قەدەم ئالمايمەن، — دېدى.

ئۇ بوۋاي ئۆزىدىكى دىيانەت يۈزىسىدىن بەخت - دۆلەتكە مۇشەررەپ بولدى.

* *

بىر كۈنى هەزرىتى ئىسمايىل ئەلەيهىسسالام ئۆزىنىڭ بىر دوستى بىلەن بىر جايغا بارماق بولۇپ يولغا چىقتى، يول ئۈستىدە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە هېلىقى كىشى ئىسمائىل ئەلەيهىسسالامغا:

— بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۆيدە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، كىرىپ ئورۇنداپ قويۇپ چىقسام، ئەگەر ماڭا هەمراھ بولۇشنى خالىسىڭىز، بۇ جايدا بىرئاز كۈتۈپ تۇرسىڭىز، — دەپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام بۇ كىشىنىڭ ۋەدىسىنى قوبۇل قىلىپ شۇ جايدا قېپقالدى. ئەمما ئۇ كىشى ئۆيىگە كىرىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام بىلەن قىلغان ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتتى. ئەمما ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام ۋەدىسىگە بىنائەن ئۇ جايدا ئۈچ كۈن كۈتۈپ تۇردى. هېلىقى ئادەم ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشقا خۇسۇسىي ئىشلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئۇ جايدا تۇرغان ئىسمائىل ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۈستىگە كەلدى - دە، خىرامان هالدا:

— ئەي دوستلۇق دەرىخىنىڭ مېۋىسى، بۇ جايدا نېمە ۋەجىدىن ئولتۇردۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئىسمايىل ئەلەيهىسسالام هېلىقى كىشىگە:

— بۈنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى سەن مېنى بىر ۋەدە بىلەن بۇ جايدا تۇرغۇزۇپ قويغان، مەن شۇ ۋەدىگە بىنائەن سېنىڭ يېنىپ چىقىشىڭنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، — دېدى.

— مېنىڭ كېچىكۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى هېلىقى كىشى.

ئىسمائىل ئەلەيهىسسالام:

— مەن سىز كەلگىچە مۇشۇ جايدا تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان، ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىشنى راۋاكۆرمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

* *

بىر پادىشاھ قىيىن بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ قالدى. بېشى قاتقان پادىشاھ «تەڭرى مېنىڭ بۇ مۇشكۈلۈمنى ئاسانلىق بىلەن هەل قىلىپ بەرسە، خەزىنەمدىكى پۈتكۈل بايلىقلىرىمنى مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىمەن» دەپ نىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭرى ئۇنىڭ مۇشكۈللىرىنى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك هەل قىلىپ بەردى. پادى-

شاھ ئۆزىنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن خەزىنىچىگە بارلىق مال-مۈلۈكلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈشنى بۇيرۇدى. خەزىنىچى بەگ ھېسابلاپ كۆرگەندە ناھايىتى كۆپ مەبلەغ چىقتى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار:

— ئەي، پادىشاھ، مۇنچىۋالا كۆپ مال-مۈلۈك ۋە بايلىقلارنى پېقىرلارغا بېرىۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئەگەر بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بېرىۋەتسىڭىز شۇ قەدەر كۆپ لەشكەرلىرىڭىز ماتاشسىز، قورال-ياراغسىز قالىدۇ، ئۇلارنى قانداق قىلىسىز، — دېيىشتى.

— بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنقى زۆرۈرىيىتىم ئۈچۈن سەدىقە قىلىشقا نىيەت قىلغانمەن، — دېدى پادىشاھ ئۇلارغا. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ تەشۋىشلەنگەن ئوردا ئەھلى پادىشاھقا:

— بىز ئالىملاردىن بۇ مەسىلىنى سوراپ كۆردۇق، ئۇلار ۋەزىر-ئۆمرا ۋە ئوردا خادىملىرىڭىزمۇ مۇلازىم ۋە چاكارلار قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ سەدىقە ئالىدىغان مىسكىنلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق بولغاندىكىن سەدىقە ماللىرىنى مىسكىنلەرگىمۇ، بىز مۇلازىملارغىمۇ ئىلتىپات قىلسىلا، قىممىتى ئوخشاش بولىدۇ. قىلغان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق بولمايدۇ، — دېدى.

پادىشاھ بۇ گەپلەردىن ھەيران بولۇپ راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى، بىر دىۋانىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە بۇ كىشىدىن مەسلىھەت سوراش خىيالى كەلدى. ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— مەن بىر مۇھىم مۈشكۈلگە دۇچ كەلدىم، تەڭرىدىن شۇ ئىشنى ئاسان قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم، مۇشۇ مۈشكۈلۈم ئاسان قىلىنسا خەزىنەمدىكى ھەممە بىساتىمنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. مۈشكۈلۈم مەن ئۈمىد قىلغاندەك ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى. خەزىنەمدە ماللىرىم كۆپ، ۋەزىر-ئۆمرالار ئۇنى پېقىرلارغا بېرىشكە رازى بولماي ۋەزىر، ئەمىرلەرگە، ئالىملارغا، سىپاھلارغا ۋە باشقا ئوردا خادىملىرىغا بېرىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە سىز نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ دىۋانە پادىشاھقا قاراپ:

— سىز شۇ ماللارنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىشكە نىيەت قىلغاندا ۋەزىر-ئۆمرا، ئالىم-سىپاھلارمۇ كۆڭلىڭىزدىن كەچكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئۇ چاغدا پەقەت گادايلاردىن باشقىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم، — دېدى پادىشاھ. دىۋانە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا سىز شۇ ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلىپ، ماللىرىڭىزنى مىسكىنلەرگە بەرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

* *

مۇستە رەشىد خەلىپە ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق يېزىپتۇ: «ئەي ئوغلۇم، ئەگەر ھەممە كىشى مېنى ھۆرمەت قىلسۇن دېسەڭ بىر قېتىممۇ، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆز قىلمىغىن، چۈنكى يالغان سۆز ئېيتقۇچىلار ئىناۋەتسىز ۋە ھەيۋەتسىزدۇر. گەرچە ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەمشەر تۇتقان مىڭلارچە پاسىبانلار كېچە-كۈندۈز ھەيۋەت بىلەن تۇرسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لېكىن ئۇنىڭ تىلىدا راستچىللىق بولمايدىكەن، ئۇ بەربىر كىشىلەر نەزەرىدە ئاجىز ۋە بىچارە كىشىدۇر.»

ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر كىشى ھەججاجغا يالۋۇرۇپ:

— مەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم، ئەي پادىشاھ، مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھەججاج:

— ماڭا نېمە خىزمەت قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

— سىزنىڭ قېشىڭىزدا دائىم سىزگە مەدھىيە قىلىپ يۈرگەن پالانى كىشى سىزنىڭ كەينىڭىزدە دۈشمەن بولۇپ غەيۋەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ غەيۋەت تىلىنى تۇستۇم. سىزنىڭ تۆسۈپىڭىزنى قىلىپ، ئۇ غەيۋەتچىنىڭ تىلىنى يىغدۇردۇم، — دەپتۇ.

— بۇ توغرىدا سېنىڭ گۇۋاھىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەججاج.

ئۇ كىشى:

— بار، — دەپتۇ - دە، شۇ نۆۋەتتە ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلاردىن بىر ئەسىرنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئەسىر گۇۋاھلىق بېرىپ:

— بۇ كىشى راست ئېيتىدۇ، شۇ چاغدا مەن ھازىر ئىدىم، بۇ كىشى بىر ئادەمنى سىزنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلىشتىن توستى، — دەپتۇ.

ھەججاج ئۇ كىشىگە:

— ۋەقە ئۈستىدە سەنمۇ ھازىر تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن غەيۋەتچىنى توسۇشقا مەزكۇرغا ياردەملەشمىدىڭ، — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى:

— مەن سىزنى دۈشمەن تۇتاتتىم، ئۇنداق ئىكەن مەن ئۇ كىشىنىڭ تىلىنى توسۇشقا ئەلۋەتتە ياردەم قىلالمايمەن، — دەپتۇ.

ھەججاج بۇلارنىڭ بىرىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقتىن، يەنە بىرى راست سۆز قىلغانلىقتىن ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ۋەقە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېكايە بولۇپ قاپتۇ.

* *

پادىشاھ قۇبادنىڭ زامانىسىدە بىر كىشى كونا ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، بۇ ئۆيدە بېشى كېسىلگەن بىر جەسەتنى كۆرۈپ قالدى. جەسەتنىڭ مەيدىسىدە بىر قان يۇقى پىچاق تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ كىشى بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى. نەق مەيدانىنىڭ ئۈستىگە شەھەر ھاكىمىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كەپ قېلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، پىچاقنى بويىنىغا ئاستى - دە، ھاكىم قېشىغا ئېلىپ كىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلدى. بۇنى كۆرگەن ھاكىم تولىمۇ غەزەپلەندى:

— ھەي خۇدادىن قورقماس، نېمە ئۈچۈن ناھەق قان تۆكتۈڭ؟ — دەپ سوراق قىلدى.

ئۇ بىچارە:

— ئەي ئەمىر، مەن ئادەم ئۆلتۈرگىنىم يوق، يولدىن ئۆتۈۋېتىپ بۇ جايىنى كۆرۈشكە كىردىم، شۇ يەردىن بۇ كىشى مېنى باغلاپ ئەكەلدى. مېنىڭ نە ئۆلگۈچىدىن، نە ئۆلتۈرگۈچىدىن ھېچ خەۋىرىم يوق، — دېدى. ھاكىم:

— مېنىڭ گۇمانىمچە سەن ئۆلتۈرگەنسەن، بۇ يەردە ئانچىكىن يالغان سۆزلەپ، تېنىۋېلىپلا مېنىڭ سوراق-سوئالىمدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەن، — دېدى.

ھېلىقى كىشى:

— ئەي ئەمىر، گۇمان بىلەن ماڭا غەزەپ قىلمىغىن، چۈنكى تەڭرى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئاساسسىز گۇمان ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرەلمەيدۇ» دېگەن.

ھاكىم ھېلىقى بىچارىنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ ئۈزۈۋەتتى ۋە ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئىجراچىلار ئۇنى دار ئاستىغا ئەكىلىپ، ئاسماق ئۈچۈن بوينىغا ئارغامچا تەييارلىدى. كۆرگىلى كېلىپ تۇرغانلار ئىچىدىن بىر ياش چىقىپ جاللاتلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— بىر سائەت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ھاكىمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئەسلى ھەقىقىتى بىلەن مەلۇم قىلىمەن، بۇ كىشى بىگۇناھتۇر. بىگۇناھنىڭ قېنىنى تۆكمەك ئۇۋال قىلغانلىقتۇر. قاتتىق گۇناھتۇر، — دېدى. يىگىت شۇ سۆزدىن كېيىن ھاكىم قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى:

— ئەي ئەمىر، — دېدى ئۇ ھاكىمغا، — ئۇ ۋەيرانىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قاتىلى مەن بولىمەن. ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەنىدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. پۇرسەت توغرا كېلىپ دەرھال ئۆلتۈردۈم. ھازىر دارغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى بىگۇناھتۇر.

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆڭلىدە: «مېنىڭ گۇمان بىلەن كىشىلەرنى جازاغا ھۆكۈم قىلىشىم بەكمۇ ئادالەتسىزلىك ئىكەن. بەلكىم بۇ يىگىتمۇ ئۇۋاللىق بىلەن قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— ھەقىقىي ئەھۋال تەپتىش قىلىنىپ بولغۇچە ھەر ئىككىلىسىنى زىندانغا سېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. شۇنىدىن كېيىن ھاكىم بۇ ئەھۋالنى قۇباد شاھنىڭ ئۆزىگە بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈمىدىدە ئالىم-مەسلىھەتچىلەرنى چاقىرىپ مەسلىھەت سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئىنچىكىلەپ مۇلاھىزە قىلىپ، پادىشاھقا مۇنداق دېيىشتى:

— ئۆزىنى ئۇ دەرىجىدە ئادىل تۇتۇپ، جىنايەتنى بوينىغا ئالىدىغان كىشى ئەمەلدە ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ. بەلكىم ئۇ يىگىت ناھەق قان تۆكۈلۈشكە تاقەت قىلالماي، ئۆلۈم نۆۋىتىنى كېچىكتۈرۈپ، ھاكىمغا يەنىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن پۇرسەت ياراتماقچى بولغان بولسا كېرەك. بىزنىڭچە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئۆلۈم توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى بىگۇناھتۇر. يەنە بىرى بولسا بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقىغا سەۋەب بولۇپتۇ.

ئالىملارنىڭ مەسلىھەتىدىن كېيىن قۇباد ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئازاد قىلىۋەتتى ۋە ئۆزرە ئۈچۈن تون كىيگۈزدى. ئاندىن يەنە كېلەچەكتىكىلەرنىڭ «گۇمان بىلەن قان تۆكمەسلىكى» گە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بۇ ۋەقەنى بايان قىلىپ ۋەسىيەتنامىسىگە يازدۇرۇپ قويدى.

«ئەخلاقۇل-مۇھسىنىن» ناملىق كىتابتىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بىر بولارمىز دەپمىدۇق،
ئايرىلارمىز دەپمىدۇق،
سىز ئۇ يەردە، مەن بۇندا،
خار بولارمىز دەپمىدۇق.

بەلبېغىمنىڭ يوقىدىن،
بەلگە باغلىدىم ياغلىق.
مېنى يامان دەپ يۈرۈپ،
تاپقان يارىڭىز چاغلىق.

ئالما بەرسەم ئالامسىز،
كۆڭلەك بەرسەم كىيەمسىز.
مەن سىزگە سالام يازسام،
ئايدا - يىلدا كېلەمسىز.

قىزىلگۈل بولۇپ قاپسىز،
بۇرنۇمغا پۇرارسىزمۇ.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
خەت يېزىپ تۇرارسىزمۇ.

قەشقەرگە باراي دېسەم،
تاشتا پۇتۇم ئاغرىيدۇ.
بىكار ئۆتكەن ئۆمرۈمگە،
بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

قۇرغۇي بولاي دېگەنمۇ،
لاچىن بولاي دېگەنمۇ؟
نەچچە يىلدا بىر كېلىپ،
جاننى ئالاي دېگەنمۇ؟

قوناقلىقتىن ئۆت ئالماڭ،
پۇتى ئالا ئۆچكىمگە.
ئالدىراپ كۆڭۈل بەرمەڭ،
كۆڭلى قارا ئەسكىمگە.

بولۇت ئەگىپ ئۆتەلمەس،
تاغ باشىدىكى قاردىن،
كۆتۈر ئەمدى قاسقاننى،
كەچتىم سەندەك دۆت ياردىن.

ئاق پاختىدىن ئاقمىدىڭىز؟
كۆك كەپتەردىن ساقمىدىڭىز؟
راست گەپنى ئېيتىپ قوياي،
كۆڭلۈمگە ھېچ ياقمىدىڭىز.

قارىغاينىڭ يوپۇرمىقى،
قاتمۇ قات بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا،
مۇساپىر بولار ئىكەن.

قىزىلگۈل ئاراسىغا،
تىكەنلەر ئۈنۈپ قاپتۇ.
چاقچاقلار قىلىپ قويسام،
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
باشىمغى يۈگەن بىلەن.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

بۇغدايىنى ئالا قىلغان،
ئاق شويلا بىلەن لويلا.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
ئولتۇرۇپ راسا ئويلا.

تاۋار سالدىم قاتار ـ قاتار،
غولاچىمنى كەلتۈرۈپ.
بەزىلەر گۇمان قىپتۇ،
نومۇسۇمنى كەلتۈرۈپ.

ئىشىك ئالدى دۆۋە ـ دۆۋە،
پاسامۇ يا سامانمۇ؟
باشقىلارغۇ ئويناپدۇ،
جىم يۈرسەكمۇ يامانمۇ؟

گۈل شېخىدا ئولتۇرۇپ،
باغدا قۇشقاچ سايرايدۇ.
كۆڭلى ياخشى يىگىت دەپ،
قىزلار ماڭا قارايدۇ.

باغىمغا مۇنار سالدىم،
كۆرمەمسەن مۇنارىمنى.
ھېچ يەردىن تاپالمايسەن،
مەندەك بىر مۇلايىمنى.

جەدە قاشقا ئات مىندىم،
تاغ يايلاقتا يايلىغان.
سىز يايرىمىنىڭ ئوتىغا،
مەنمۇ شۇنداق پايلىغان.

ئىشىك ئالدى تېرەككە،
قۇرغۇي قوندۇرالامسەن؟
ھەپتىدە بىر يەكشەنبە،
بارسام قوندۇرالامسەن؟

باشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى بەكمۇ ئازادە.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
سەن بەكمۇ ھارامزادە.

ئېگىز ئۆگزىگە چىقىپ،
شىلدىرلاتتىم غازاڭنى.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يايرىم كەلسە كۆرگۈدەك.
بوينىغا گىرە سېلىپ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ھەردائىم تۇمارىم بار.
خارلىقتا قالار دەمسىز،
ياراتقان خۇدايىم بار.

دوپپىڭىزنى قىستۇرۇپ،
پېتىنى بۇزۇۋەتمەڭ.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمەڭ.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
چالما ئاتسا يېتەمدۇ؟
بۇ زاماننىڭ قىزلىرى،
ئۆزلىرىگە يېتەمدۇ؟

www.uyghurkitap.com



ئاشخانىدا ئولتۇرسام،
چىن تەخسىدە ئاش كەلدى.
سىز يايرىمنى ئەسلىسەم،
قارا كۆزگە ياش كەلدى.

ئاق كۆڭلەكنى كىيىپسىز،
بېلىڭىزنى باغلىماي.
ئەسكىنى يار تۇتۇپسىز،
ئۆزىڭىزنى چاغلىماي.

باغىمدا گۈلۈم بولسا،
گۈل قىسىپمۇ چىقاتتىم.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
چىرايىمنى ئاچاتتىم.

گۈل قىسىپمۇ چىقمايسەن،
باغىڭدا گۈلۈڭ يوقمۇ؟
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ؟

چاچنى بەلدىن تارايمەن،
بىر ئايغىچە قارايمەن.
بىر ئايغىچە كەلمىسە،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلايمەن.

باغ ئىچىگە گۈل تېرىپ،
غۇنچىسىنى ئۈزمىدىم.
سېنىڭ ئۈچۈن ئارمان يەپ،
گۈل بويۇڭنى كۆرمىدىم.

ئاينىڭ ئايدىڭى سىزگە،
ئاي قاراڭغۇسى بىزگە.
سىز بىزنى يامان دەپسىز،
نىمە قىلدۇق بىز سىزگە.

چىنە ـ چىنە سۇ ئىچەرمەن،
يۈرىكىم پەسلەيدۇ دەپ.
مەن سىزگە سالام يازدىم،
ئوقۇسا ئەسلەيدۇ دەپ.

بۇلبۇل بولۇپ ئۇچايمىن،
دېرىزەڭگە قونايمىن.
ئايلىق ئەمەس، يىللىق ئەمەس،
ئۆمۈرلۈك يار بولايمىن.

ئىشىكىڭگە مەن كەلدىم،
گۈل زاراڭزا تەرگىلى.
گۈل زاراڭزا باھانىسىدە،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

بۇلۇت ئەگىيدۇ كەتمەيدۇ،
تاغ باشىدىكى قاردىن.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ،
دولاڭدىكى كەتمەنمۇ؟
نىمە ئۈنچە يىغلايسەن،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

ئىشىك ئالدى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.
سىز ئۆمىدنى ئۈزگەن بىلەن،
بىز ئۆمىدنى ئۈزگەن يوق.

يايرىم مېنىڭ دەردىمگە،
بەرمەمسىز دەرمان.
ئۆلۈپ كەتسەك كۆڭۈلدە،
قالمامدۇ ئارمان.

ئوك قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
بېغى ساپلا تىللا كۆز.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا،
كىمنى سۆيدۈڭ قارا يۈز.

يايىرىم بىلەن چاي ئىچتىم،
جوزىدا، پىيالىدا.
ياردىن بىر سوراپ كۆرەي،
مەن بارمۇ خىيالىدا.

بارساڭمۇ بېرىپ تۇرغىن،
ئارقاڭدىن يېتەي يارىم.
ھەربىرىڭ قىزىلگۈلدەك،
قايسىڭدىن كېچەي يارىم.

مەن ئەجەب غېرىب بولدۇم،
چالغىلى راۋاب يوقمۇ؟
نەچچە قېتىم خەت يازدىم،
يازغىلى جاۋاب يوقمۇ؟

كەتمەسىن بولۇپ كەلدىم مەن،
گۈلشەنىڭنى كۆرگىلى.
گۈلشەنىڭگە گۈل بولۇپ،
باغلىرىڭدا يۈرگىلى.

چىمەندە يۈرسەم سەن بىلەن،
قالماس يۈرەكتە ئارمىنىم.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
قالمايدۇ تەندە دەرمانىم.

بۇلبۇلۇم قانات قاقتى،
باغدىكى سۆگەتلەرگە.
يار بەرگەن قىزىل ئالما،
داۋا بولدى يۈرەكلەرگە.

ئېتىم ئوتلاقتا ئوتلايدۇ،
تۇتۇپ كېلىلى ئەمدى.
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ،
بىللە كېتىلى ئەمدى.

كىتاب ئوقۇسام تامام بولماس،
خامان تەپسەم سامان بولماس.
سىزدەك بىر قارا كۆزنى،
بىر سۆيسەم يامان بولماس.

گۈلىڭىز قىزىلگۈلدۇر،
ئوتىڭىز قىزىل چوغدۇر.
راستىنى ئېيتسام جان دوستۇم،
سىزدىن باشقىسى يوقتۇر.

سايرىسا كاككۇك،
تېڭشارمۇ زەينەپ؟
ئۇچراشساق قاچان،
تۈگەر بۇ ھەسرەت؟

ھاۋارەڭدىن تونلىرى،
چوڭ كوچىدا يوللىرى.
بارمايلىغۇ، كەلمەيلىغۇ،
ئاغرىدىمۇ كۆڭۈللىرى؟

كۆڭۈللىرىنىڭ ئاغرىقى،
ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.
سىلىدەك ئۆجمە كۆڭۈل،
بىزگىمۇ لازىم ئەمەس.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى،
سىزگە قاراپ ئېچىلدى.
ئۇشبۇ خەتنىڭ مەزمۇنى،
سىزگە قاراپ يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەي ئانا، جانىم ئانا،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بول جانىم ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.

جان ئانا يادىڭدا بار،
تىنماي ئازاپ چەككەنلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

يار كەتتى يىراقلارغا،
ئەمدى مەن كۆرەلمەسمەن.
ئۇماق يايىرىم شەرۋانە،
سېنى مەن سۆيەلمەسمەن.

مۇڭلىنىپ مەن ئېيتىمەن،
سەن ئېيتقان شۇ ناخشىنى.
مەن ئۆلسەممۇ سۆيمەيمەن،
سەن يارىمدىن باشقىنى.

سۆيگەن يايىرىم تۇرسۇنئاي،
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي،
مەڭگۇ سېنى كۈتەرمەن،
ۋەدە شۇنداق تۇرسۇنئاي.

چۆل كېزىپ بوستان قويۇپ،
ئالدىم مۇھەببەت جامىنى.
مۇڭ بىلەن سازنى ئۇرۇپ،
لەرزىگە سالدىم تارىنى.

ئۇيانمۇ ئۆتەشىم بار،
بۇيانمۇ ئۆتەشىم بار.
سەن قارىمساڭ يارىم،
قۇرغۇيدەك ئاداشىم بار.

راۋاب چالىمەن ئاستا،
ئۆستەڭ بويىدا سازدا.
كېلىڭ يايىرىم ئوينايلى،
ئويناپ قانايلى يازدا.

ھويلاڭدىكى ئۇجمەڭنىڭ،
بىر شاخى قارا شاتۇت.
ئەقلىڭ بولسا چوكانلار،
ئۆز مەللەڭدىن ئاشنا تۇت.

ئاسماندىكى بوز لاچىن،
قۇرغۇي كەلسە قوغلايدۇ.
شۇ كەمنىڭ جۇگانلىرى،
يىگىتلەرنى گوللايدۇ.

كەتكىنىڭگە كۆپ بولدى،
خەت كەلمەيدۇ سېنىڭدىن.
سەن ئۇياقتا، مەن بۇياقتا،
ئاغرىندىڭمۇ مېنىڭدىن.

قايناپ تۇرغان بۇلاقتا،
ئەينەك سالسام چۆكەرمۇ؟
شۇل يايىرىمنى ياد ئەتسەم،
بىزنى قوبۇل قىلارمۇ؟

شەرىڭگە باراي دەيمەن،
كوچاڭدا ماڭاي دەيمەن،
يار، دەردىڭنى ئويلىسام،
بارمايلا قوياي دەيمەن.

ئاق چىراغىڭ ئۆچكەندە،
كۆك چىراغىڭ يانارمۇ؟
بىزگە ئوخشاش غېرىبقا،
كۆڭلى يۇمشاق بولارمۇ؟

ئۆرمىنى ئوراي دېسەم،
چېچىلارمىكىن دەيمەن.
شۇ خېنىمنى بىر سۆيسەم،
ئېچىلارمىكىن دەيمەن.

ئۆتۈكىمنىڭ پاشنىسى،
ئۈزۈن يولدا چۈشۈپ قاپتۇ.
شۇ چوكانغا قاش ئاتسام،
مەن غېرىبقا كۆيۈپ قاپتۇ.

بىر ئېتىمزدا ئېرىق بولۇر،
بىر ئېتىمزدا تېرىق بولۇر.
شۇ بىۋاپا خېنىمنىڭ،
چىرايلىرى سېرىق بولۇر.

سەنمۇ قىلىدىڭ بىۋاپالىق،
مېنى قىلماس دېمىگىن.
نېمە كويىدا يۈرۈيسەن،
مېنى بىلمەس دېمىگىن.

نېمە قىلدىم مەن ساڭا،
باغرى تاشلىق قىلمىغىن.
دەردلىرىمگە دەرد قوشۇپ،
يۈرىكىمنى تىلمىغىن.

مەن خوتەندىن چىققاندا،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
پەرھات يىغلىغان بىلەن،
شېرىن يىغلىماي ئۆتتى.

مۇھەببەت شېرىن نەرسە،
ئۆز دوستىنى سۆيگەچكە،
غېرىبلىق يامان نەرسە،
كىشى يۇرتىدا يۈرگەچكە.

مەن سېنى خوي بىلمەن،
كۆڭلۈك ماڭا مايىل ئەمەس.
كۈنۈ-تۈن قان يىغلىسام،
سەندىن مۇراد ھاسىل ئەمەس.

ئاپئاق كېچە ماڭا كۈندۈز،
قىلدىم كۆزەت ئۆزۈم يالغۇز.
ئاڭلىدىڭمۇ ناخشامنى سەن،
مېھرىبانىم جان قارا كۆز.

مېھرىبانىم قارا كۆز،
ئاڭلىدىڭمۇ ناخشامنى.
تەڭ ئۆتكۈزسەڭ نېم بولۇر،
كۆڭۈللۈك بىر ئاخشامنى.

ياناي دېسەم يول خەتەر،
ماڭسام تېخى باش كېتەر.
قالدىم ئارادا تەڭلىكتە،
قانداق قىلسام ئىش پۈتەر.

ئەگەر سەن ئەكېلسەڭمۇ،
چىغىرتماقنىڭ گۈلىنى.
قانماي، قانماي قانچە رەت،
پۇراپ ئىدىم مەن ئۇنى.

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
چىقما خېنىم پۇتۇڭ سۇنار.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ،
بىر كۈنى بويىنى سۇنار.

گىچى قانداق بىلمەستىن،
تېشى تۇرسا پارقىراپ.
ھەمجايىغانغا ھەمجىيىپ،
دوستۇم دېمە ئالدىراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هۆل پاختا، بۇزۇق چىراغ،
چىگىت چاقىغاننى ئېيتايمۇ.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
غېرىب بولغاننى ئېيتايمۇ.

سالام يازدىم قىسقىچە،
كۆندە تاماق يىمىشقىچە.
ئوقۇپ كۆرسۇن قارا كۆز،
بېرىپ ئېيتمىز ـ ئىشقىچە.

ئالا ئاتقا مىنگەن بىلەن،
تاغدا كىيىك ئاتالمىدىم.
ئارزۇلاپ تۇتقان يار بىلەن،
ئۆمۈرلۈك ئۆتەلمىدىم.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
كۆزلەردىن ئۇچتى.
ئاتنى سېيمىز ساقلىغانلار،
قۇش بولۇپ ئۇچتى.

سەھەر چىقىپ ئۆستەڭگە،
كۆردۈم سېنى يىراقتىن.
كىملىكىڭنى بىلەي دەپ،
ئەگىپ ئۆتتۈم بۇلاقتىن.

باقسام كەتمەن قولۇڭدا،
سۇ باشلاپسەن ئېتىزغا.
شۇ تورقۇڭدا چىمەنگۈل،
ئوخشمايسەن ھېچ قىزغا.

ئوخشمايسەن ھېچ قىزغا،
بارغۇم كەلدى قېشىڭغا.
بىر گەپ قىلغۇم بار ئىدى،
ئەگمەي دېدىم چېشىڭغا.

كېپىنەك بوپ ئۇچارسەنمۇ،
گۈللەرگە قونارسەنمۇ.
ۋاقتىڭ يەتكەن چاغلاردا،
ئەسلەپمۇ قويارسەنمۇ.

يىگىرمە ئالتە ياشىمدا،
ئاقاردى مېنىڭ باشىم.
ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھەمراھ،
غەملەر بولدى يولداشىم.

تەلكىنىڭ داۋانىغا،
چىققان ئېگىز قارىغاي.
داۋاننى كۆرگەن يىگىتلەر،
بۇلبۇل بولۇپ سايرىغاي.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيە تۇمشۇق يېزىسىدىن: موللا روزى، ناسىر موللام.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەنۋەر مەتسەيدى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بىر يېرىم يىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 12-ئاينىڭ 16-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ ئىش، ياخشى باشلىنىش، شۇڭداقلا ئەھمىيىتى ئالاھىدە چوڭ بولغان ئىلمىي پائالىيەت.

بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان توققۇز ئورۇننىڭ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى داشۆ، شۆيۈەن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ۋە ئاخبارات-نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى يولىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلار، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى ھەۋەس قىلىدىغان بىر قىسىم ياش تەتقىقاتچىلار، پېشقەدەم ئوتتۇرا ياش يازغۇچى، شائىر، ئوبزورچىلار قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇنجى ئەزالار چوڭ يىغىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا، تۆت چوڭ ئىش قارالدى. 1) بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. 2) بۇ جەمئىيەتنى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقى يەتكۈزۈلدى. 3) بۇ جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى. 4) بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە رەئىسلىرى سايلاندى.

يېڭى خەۋەرلەر

بۇ يىغىنغا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن زاھىر ساۋداتوپ، ئابدۇرېھىم لېتىپ؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئىبراھىم روزى، دىيار قۇماش قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مەھەممەت ئىسمائىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن قۇتلايدىغانلىقىنى ۋە ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مېھرىگۈل تۇرسۇن خەۋىرى

## ئىراندا فىردەۋسىنى خاتىرىلەپ خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

پارس شائىرى فىردەۋسى (1020 — 940) يازغان «شاھنامە» ناملىق داستانغا ھازىر تۇپتوغرا 1000 يىل بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن 1990 ـ يىلنى فىردەۋسى يىلى قىلىشنى بەلگىلىگەن.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق داستانى يۈزمىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، فىردەۋسى ئۇنى 35 يىلدا يېزىپ چىققان. «شاھنامە»دە پارس تارىخىدىكى ھەرقايسى بەگلىك، خان ـ پادىشاھلىقلارنىڭ گۈللىنىشى، بەربات بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي پاكىتلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمدىن ساسانىيلار سۇلالىسى بەربات بولغۇچە ئۆتكەن ئەللىك نەچچە خان، پادىشاھلارنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن، ئۇندىن باشقا 4000 يىلدىن بۇيان ئاۋام خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانىلەر، لەتىپىلەر، چۆچەكلەر ۋە رىۋايەتلەر سۆزلەنگەن. «شاھنامە» پارس تىلىدا يېزىلغان، بۇ ئەسەر مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، ئالاھىدە زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن. ئۇ يالغۇز ئىران ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىراندا فىردەۋسىنى خاتىرىلەپ زور داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن. 1990 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق فىردەۋسى مۇھاكىمە يىغىنى بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇ يىغىنغا جەمئىي 450 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ئالىم ئەھلىلىرى 120 نەپەر بولۇپ، ئۇلار 22 دۆلەتتىن كەلگەن. يىغىن قوبۇل قىلغان 243 پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ 130 پارچىسى يىغىندا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن. جۇڭگودىن بەش پارچە ئىلمىي ماقالە ئەۋەتىلگەن.

يىغىنغا ئىران زۇڭتۇڭى، قوشۇمچە، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئالىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى راپسانجانى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنىنىڭ باش كاتىپى فىد كوماپور، ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋىلايەتى قاتارلىق ئىراننىڭ ئالىي ئەمەلدارلىرى قاتناشقان ھەمدە يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلغان.

يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگولۇق ۋەكىللەردىن پروفېسسور فەن چېڭلىن «قەدىمىي شېئىرىيەت شاھەنشاھى، ئىران مىللىتىنىڭ غۇرۇرى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئەينەكلىك رامكىنى يىغىنغا تەقدىم قىلغان. ئۇ يەنە جاڭ خۇي، لى شياڭلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان پارس تىلى، پارس ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلىرىنى يىغىنغا تەقدىم قىلغان.

دىلشات سۇلتان تەرجىمىسى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net







www.uyghurkitap.com



